ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئۈچۈن تىل - ئەدەبىياتتىن
تەقلىدىي سوئاللار

# تەقلىدىي سوئال ئۈلگىلىك ئەسەر

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئۈچۈن تىل - ئەدەبىياتتىن
تەقلىدىي سوئاللار

# تەقلىدىي سوئال ئۈلگىلىك ئەسەر

تۈزگۈچى: بۈلبۈل ئەكرەم

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

模拟示范作文.高考：维吾尔文/布力布力•艾克热木编写.— 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2011.4
ISBN 978-7-5466-0917-1

I.①模… II. ①布… III.①作文课—高中—升学参考资料—维吾尔语(中国少数民族语言) IV.
①G634-343

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第066569号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلنۇر ئابدۇرۇسۇل
مەسئۇل كوررېكتورى: ئالىيە مەمەت

ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئۈچۈن تىل - ئەدەبىياتتىن
تەقلىدىي سوئاللار
**تەقلىدىي سوئال ئۈلگىلىك ئەسەر**

*　　*　　*

**شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى**
**(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255　پوچتا نومۇرى: 830049)**
**شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ**
**ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما چەكلىك شىركىتى**
فورماتى: 787mm×1092mm　1/16　باسما تاۋىقى: 15.25
2011 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
2011 - يىلى 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 0917 - 1
باھاسى: 38.00 يۈەن

# تونۇشتۇرۇش

بۇ توپلامغا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن لايىھەلەنگەن «تىل - ئەدەبىيات» تەقلىدىي ئىمتىھان سوئالىنىڭ 2009 -، 2010 - يىللىق قىسىملىرىدىكى ماقالە يېزىقچىلىقى تەلىپى ئاساسىدا 98 پارچە ئۈلگىلىك ئەسەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر 83 پارچە، بايان خاراكتېرلىك ماقالە تۆت پارچە، نەسر سەككىز پارچە، ھېكايە ئىككى پارچە، چۆچەك بىر پارچە.

توپلامدىكى ئەسەرلەر ماتېرىيال تاللاش، مەركىزىي ئىدىيە بېكىتىش، قۇرۇلما، تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش ۋە ھەجىم قاتارلىق تەرەپلەردە پۈتۈنلەي ئىمتىھان تەلىپىگە لايىقلاشقان. شۇنداق بولغاچقا، ساۋاقداشلارنىڭ ئىمتىھان ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە تەپەككۇر شەكىللىرىنى ئىگىلىشىگە يېقىندىن ياردەم بېرىدۇ.

«بىر تامچە سۇدىمۇ قۇياش نۇرى ئەكس ئېتىدۇ» توپلامدىكى ھەربىر پارچە ئەسەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلب دۇنياسى، غايە ئىنتىلىشلىرى ھەم دۇنيا قاراشلىرى، تەپەككۇر ھەم يېزىقچىلىق جەھەتتىكى خاسلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. تاللانغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ساغلام، مەركىزىي ئىدىيەسى يېڭىچە ھەم چوڭقۇر، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، تىلى تاۋلانغان ھەم جانلىق. شۇڭا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۈلگە قىلىشىغا، يېزىقچىلىقنى تەقلىدىي ئاساستا ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئېھتىياجىغا ماس كېلىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تەقلىد قىلىپ يېزىش — يېزىقچىلىقنى ئۆگىنىشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى. بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ھەم تەتقىقاتچىلىرىمىزمۇ يېزىقچىلىقنى ئۆگىنىشنى تەقلىد قىلىپ يېزىشتىن باشلىغان. يېزىقچىلىقنى ئۆگىنىشتە باشقىلارنىڭ قانداق پىكىر يۈرگۈزگەنلىكى، مەزمۇننى قانداق بەلگىلىگەنلىكى، قۇرۇلمىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقى، تېمىغا ئاساسەن يېزىقچىلىق نۇقتىسىنى قانداق

بىكىتكەنلىكى، ماتېرىيالنى قانداق تاللىغانلىقى، مەركەزنى قانداق گەۋدىلەندۈرگەنلىكى، قانداق باشلاپ، قانداق ئاخىرلاشتۇرغانلىقى، بۆلەك، ئابزاسلارنى قانداق ماسلاشتۇرغانلىقى، كۆرۈنۈش، مەنزىرە، روھىي ھالەت، ھەرىكەت ۋە تاشقى قىياپەتلەرنى قانداق تەسۋىرلىگەنلىكى، سۆزلەرنى قانداق ئىشلەتكەنلىكى قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ ئۇلگىلىك تەرەپلىرىگە تەقلىد قىلىپ يېزىش يېزىقچىلىقنى دەسلەپ ئۆگىنىۋاتقانلارغا نىسبەتەن ئەڭ ئۈنۈملۈك يوللارنىڭ بىرى. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، بۇ توپلام ساۋاقداشلارغا ئىمتىھان ئەسەرلىرىنى يېزىشنى تەقلىدىي ئۆگىنىش جەھەتتە ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ.

توپلامدىكى ئەسەرلەرنى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلار تەقلىدىي سوئاللار ماتېرىيالى ۋە تەلىپى ئاساسىدا يېزىپ چىقتى. ھەربىر پارچە ئەسەرگە قارىتا مەزمۇن، قۇرۇلما ۋە ئىپادىلەش جەھەتلەردىن تۈزىتىش ۋە تەھرىرلەش ئېلىپ بېرىلدى. ئەمما، تاللاش، بېكىتىش جەھەتلەردە يەنە بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن، كەڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىشىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمىز.

2010 - يىلى 11 - ئاي، قەشقەر

# مۇندەرىجە

ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى «تىل - ئەدەبىيات» سوئالىنىڭ ماقالە يېزىقچىلىقى قىسمى توغرىسىدا چۈشەنچە........................1
ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالە دېگەن نېمە؟........ 2
ئالىي مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھانىدا ماقالە يېزىشتا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك نۇقتىلار............ 4
ماقالىنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن قانداق تەييارلىقلارنى قىلىش كېرەك؟.................................................11
2009 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ئۈچۈن تەقلىدىي سوئاللار..................................................13
2010 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ئۈچۈن تەقلىدىي سوئاللار.................................................131
تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھان سوئالى...........................131

# ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى «تىل ـ ئەدەبىيات» سوئالىنىڭ ماقالە يېزىقچىلىقى قىسمى توغرىسىدا چۈشەنچە

ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى «تىل ـ ئەدەبىيات» سوئالىنىڭ ماقالە يېزىقچىلىقى قىسمى 90 ـ يىللاردىن تا ھازىرغىچە بېرىلگەن ماتېرىيال ئاساسىدا ماقالە ـ ئەسەر يېزىش تەلىپىنى ساقلاپ كەلدى. گەرچە ھەر يىللىق ئىمتىھانلاردا بەلگىلىك ھەجىمدىكى ماتېرىيال بېرىلىپ، شۇ ئاساستا ئەسەر يېزىش تەلەپ قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما كونكرېت يېزىقچىلىق تەلىپىدە بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەرمۇ بولۇپ تۇردى. مەسىلەن، 97 ـ 99 ـ يىللىق ئىمتىھانلاردا ماتېرىيال بىلەن بىرگە ئەسەر ژانىرىمۇ بەلگىلەپ بېرىلگەن بولسا، 1999 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىمتىھان سوئاللىرىدا ئەسەر ژانىرى بەلگىلەپ بېرىلمىدى، ئەمما ئەسەرنىڭ تېما دائىرىسى كۆرسىتىپ بېرىلدى، يەنى «پۇرسەت ۋە تىرىشچانلىق»، «سەمىمىيلىك»، «ۋىجداننىڭ تاللىشى»... دېگەنگە ئوخشاش. بىراق، بۇ خىل تەلەپلەرمۇ مۇقىمسىز بولدى، مەسىلەن، 2000 ـ يىلى ماقالە ژانىرى بەلگىلەپ بېرىلىپ، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە يېزىش تەلەپ قىلىندى، 2003 ـ يىلى تېما دائىرىسى جەھەتتىكى چەكلىمە بىراقلا بۇزۇپ تاشلىنىپ، خالىغان تېمىدا ئەسەر يېزىش تەلەپ قىلىندى. ئەمما، بۇ بىر يىلدىكى يۈزلىنىشكە قاراپلا «تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىھانىنىڭ ماقالە يېزىش تەلىپىدە تېما چەكلىمىسى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلاندى، دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، 2004 ـ ۋە 2005 ـ يىلىدىكى ئىمتىھانلاردا يەنە تېما دائىرىسى بەلگىلەپ بېرىلدى. 2006 ـ يىلىدىن باشلاپ ئالىي مەكتەپ «تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىھان ماقالىسىدە يېڭىچە بىر يۈزلىنىش مەيدانغا كەلدى. ئۇ بولسىمۇ، ھەممىدە ئەركىنلىشىش، چەكلىمىلىكتىن قۇتۇلۇش ئىدى. چۈنكى، بۇ يىللىق ئىمتىھاندىن باشلاپ، ئەسەر مەزمۇنى، ئەسەر ماۋزۇسى، تېما دائىرىسى، ئەسەر ژانىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ھېچقانداق چەكلىمە قويۇلمىدى. خالىغان دائىرىدە، خالىغان نۇقتىدا، خالىغان ژانىردا (شېئىردىن باشقا) يېزىشقا بولىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىلدى.

ئالىي مەكتەپ «تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىھان ماقالىسىگە بېرىلىدىغان

نومۇر 90 - يىللاردا 35 بولغان بولسا، 2001 - يىلدىن باشلاپ 45 نومۇرغا كۆتۈرۈلدى، 2004 - يىلدىن باشلاپ 55 نومۇرغا كۆتۈرۈلدى. مانا بۇلاردىن ئالىي مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى سىناپ تەكشۈرۈشكە بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىلىۋاتقانلىقىنى، يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا بېرىلىدىغان نومۇرنىڭمۇ ماس قەدەمدە كۆپىيىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

باشقا يېزىقچىلىق تەلەپلىرىدە مەيلى قانداق ئۆزگىرىش ھەم بۇرۇلۇش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىش، ماتېرىيالنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، بىر پارچە ئەسەر يېزىش تەلىپىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. دېمەك، ئالىي مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھانىدا بېرىلگەن ماتېرىيال ئاساسىدا ئەسەر يېزىش تەلىپى دائىملىق مۇقىم تەلەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

## ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالە دېگەن نېمە؟

ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالە ئادەتتە يېزىق شەكلىلىك ياكى رەسىم شەكلىلىك ماتېرىيال بېرىلىپ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەردىن مۇشۇ ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۆزلىرى تېما بەلگىلەپ، يېزىقچىلىق ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدىغان ماقالىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ماتېرىيال بېرىلگەن ماقالىلەردە پەقەت پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ، تېما بەلگىلەپ بېرىلمەيدۇ، ماقالە تېمىسىنى ئىمتىھان بەرگۈچى ئۆزىنىڭ ماتېرىيالنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلەپ چىقىدۇ. تېما بەلگىلەش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تېما بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ تېمىسىنى سوئال چىقارغۇچىلار بېكىتىپ بېرىدۇ، ئەمما، ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ تېمىسىنى ئىمتىھان بەرگۈچى ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ تېما شەكلى مول ھەم كۆپ خىل بولۇپ، ماتېرىيال بىلەن بىرگە تېما دائىرىسى كۆرسىتىپ بېرىلگەنلىرىمۇ، پەقەت ماتېرىياللا بېرىلىپ، تېمىنى ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئۆزلىرى بەلگىلەش تەلەپ قىلىنىدىغانلىرىمۇ، بىرەر بۆلەك ماتېرىيال بېرىلىپ، بىر پارچە ئەسەر يېزىش تەلەپ قىلىنىدىغانلىرىمۇ ھەمدە بىرنەچچە بۆلەك ماتېرىيال ۋە ياكى بىرنەچچە پارچە رەسىم بېرىلىپ، بۇلارغا ئاساسەن بىر پارچە ئەسەر يېزىش تەلەپ قىلىنىدىغانلىرىمۇ بار. ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ ئېنىق بەلگىلىمىسى بولۇپ، قۇراشتۇرۇپ چىقىلغان ماقالىلەرنى يېزىشتىن

ياكى ئۆلگىلىك ماقالىلەرنى يادلىۋېلىپ، ئىمتىھاندا شۇنى يېزىپ قويۇشتىن ساقلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

نۆۋەتتە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش «تىل - ئەدەبىيات» سوئالىنىڭ ماقالە يېزىقچىلىقى قىسمى بىرقانچە يىلدىن بېرى ئاساسەن بىر خىل ھالەتنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا، مۇنداق بىرنەچچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1. مەزمۇنى تۇرمۇشقا يېقىن. كۆپلىگەن ئىمتىھانلاردا ماقالە تېمىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىنى چۆرىدىگەن ھالدا چىقىرىلىۋاتىدۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزگىچە كەچمىشلىرى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، 1998 - يىلى ئوقۇغۇچىلار ھەمىشە ئاتا - ئانىلارغا يۆلىنىۋالماي، ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىشقا، ھەر قانداق بىر ئىشنى چالا قويماي، پۇختكۆزۈپ تولۇق قىلىشقا دەۋەت قىلىنغان بولسا، 2000 - يىلى پۇرسەتنى كۈتۈپ ئولتۇرماي، ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىندى. 2006 - يىلىغا كەلگەندە بولسا نۆۋەتتىكى كىتاب ئوقۇش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدەك رېئال بىر مەسىلە بېرىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا كۆپلەپ كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىسىنى چۈشىنىش تەلىپى قويۇلدى.

2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تاللاپ يېزىشىغا ئەھمىيەت بېرىلىۋاتىدۇ. نۆۋەتتىكى ئىمتىھانلاردا ئىككى ماتېرىيال بېرىلىپ، بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە ئارتۇقچىلىقىغا ئاساسەن بىرنى تاللاپ يېزىش تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. تاللاشچانلىق يەنە شەكىل جەھەتتىن ئەركىن بولۇشتىمۇ ئىپادىلىنىپ، ماقالە تېمىسى ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك بولۇپلا قالماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ كۆپ خىل ۋە ئىجادىي بولۇشىغا ئىلھام بېرىشنىمۇ مەقسەت قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق بولغاندا چۈشىنىش جەھەتتە قىيىنچىلىق بولمايدۇ، تېمىدىن چەتنەش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەيدۇ.

3. ئەسەر ژانىرى كۆپ خىللىشىۋاتىدۇ. بۇرۇنقى ئىمتىھانلاردا پەقەت مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە يېزىش تەلەپ قىلىنغان بولسا، يېقىندىن بۇيان «شېئىر ۋە درامىدىن باشقا ژانىردا يازسىڭىز بولىدۇ، قايسى ژانىردا يازسىڭىز شۇ ژانىر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنسۇن.» دېگەن شەرت ئىمتىھاننىڭ چوڭ تەلىپى بولۇپ قالدى. ژانىر چەكلىمىلىكى بۇزۇپ تاشلانغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز خاسلىقىنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتى كۆپىيىپ، ئۇلار ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ژانىرنى تاللاپ يېزىپ، ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى

قىلدۇرالايدىغان بولىدى. ژانىر چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق ھەر قانداق ژانىردا يازسا بولۇۋېرىدۇ، دېگەنلىكمۇ ئەمەس، بەزى تېمىلارنىڭ ئۆزىگىلا ژانىر چەكلىمىسى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. «پاك قەلب»، «ھايات قىممىتى»، «پۇرسەت» دېگەنگە ئوخشاش تېمىلارغا قارىتا چۈشەندۇرۇش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى يېزىشقا بولمايدۇ. پەقەت مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ياكى بايان خاراكتېرلىك ماقالە شەكىللىرىنى تاللاپ يېزىشقا بولىدۇ.

**ئالىي مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھانىدا ماقالە يېزىشتا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك نۇقتىلار**

ماقالىنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە ئەھمىيەت بىلەن قاراش كېرەك:

1. ماتېرىيالنى چۈشىنىپ ئوقۇپ، باش تېمىنى توغرا بېكىتىش كېرەك. ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ ماتېرىيالىدا يېزىق ماتېرىيالىدىن سىرت يەنە رەسىم، جەدۋەل، سانلىق مەلۇمات قاتارلىقلارمۇ ئۇچرىشى مۇمكىن. مانا بۇ ماتېرىياللار ماقالە تېمىسىنى بەلگىلەشنىڭ ئاساسى. شۇڭا ماتېرىيالنى تولۇق چۈشەنگەندىلا، قانداق يېزىش توغرۇلۇق بەلگىلىك ئاساس تىكلىگىلى بولىدۇ. ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەردە گەرچە پايدىلىنىدىغان ماتېرىيال كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما مەركىزىي ئىدىيە (باش تېما) ۋە ماقالە تېمىسى (ماۋزۇسى) جەھەتتە چەكلىمە قويۇلمىغان بولىدۇ، ھەتتا ھازىر ژانىر چەكلىمىسىمۇ بىكار قىلىندى، يېزىقچىلىق كۆرسەتمىسى مەيلى قانداق شەكىلدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يېزىشتىن ئاۋۋال ماتېرىيالنى تولۇق چۈشىنىپ ۋە ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، باش تېمىنى مۇۋاپىق بېكىتىۋېلىش ئىنتايىن زۆرۈر. بۇنىڭدا مەلۇم بىر جۈملىنى تۇتۇپلا، مەلۇم بىر تەرەپكە قاراپلا يازىدىغان مەزمۇننى بېكىتىۋېلىشقا بولمايدۇ، بەلكى پۈتۈن ماتېرىيالغا سىڭدۈرۈلگەن تۈپكى مەقسەتنى ياكى مۇھىم مەزمۇننى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مەركىزىي سۆز - جۈملىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، مەركىزىي ئىدىيەنى شۇ ئاساستا بېكىتىش كېرەك. ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى بەزىدە ماتېرىيال ئالدىدا، بەزىدە ماتېرىيال كەينىدە بېرىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە يېزىقچىلىقنى چەكلەپ تۇرغۇچى ئامىللاردىن ئىبارەت. بۇ تەلەپلەر تەركىبىدە، ژانىر تەلىپى، ھەجىم جەھەتتىكى تەلەپ ۋە تېما تەلىپى قاتارلىقلار بار. پەقەت مۇشۇ تەلەپلەرنى ئېنىق چۈشىنىۋالغاندا، يېزىش داۋامىدا نىشاندىن يىراقلاپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالە ئوقۇش ۋە يېزىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردىكى «ئوقۇش» يېزىقچە ماتېرىياللارنى چۈشىنىش، تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. بەلگىلەپ بېرىلگەن ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئۇزۇنراقلىرىمۇ، قىسقىراقلىرىمۇ بار. ماتېرىيال ھەجىم جەھەتتىن مەيلى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوقۇغاندا ئوقۇش سۈرئىتىگە، ماتېرىيال مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش، ماتېرىيال بىلەن يېزىقچىلىق تەلىپى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى تەھلىل قىلىپ، يېزىشنىڭ دەسلەپكى تەييارلىقىنى پۇختا قىلىش كېرەك. ئوقۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئادەتتىكى ئىلمىي مەشىققە ۋە ئوقۇش تەجرىبىسى توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئادەتتە كۆپ ئوقۇش، چۈشىنىپ ئوقۇش ۋە ئوقۇش خاتىرىسى يېزىپ مېڭىش كېرەك.

2. تەلەپنى ئېنىق چۈشىنىپ، چىن ھېسسىيات، ئەمەلىي تەسىراتنى يېزىش كېرەك. ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ئەمەلىيەتتە يېزىقچىلىقنى چەكلەپ تۇرغۇچى ئامىللاردىن ئىبارەت. بۇ تەلەپلەر تەركىبىدە، ژانىر تەلىپى، ھەجىم جەھەتتىكى تەلەپ ۋە تېما تەلىپى قاتارلىقلار بار. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ماتېرىيال بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ ماتېرىيال تاللاش، مەزمۇن بەلگىلەش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، شۇڭا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئاسانلا تېمىدىن چەتنەپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە نۆۋەتتىكى ئالىي مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھانىنىڭ ماقالە يېزىش تەلىپىدە باشقا ئالاھىدە چەكلىمىمۇ يوق، ئۇنىڭدا پەقەت «مەزمۇننى ئۆزى بەلگىلەش، ژانىرنى ئۆزى تاللاش، تېمىسىنى ئۆزى بېكىتىش»تىن ئىبارەت ئۆزلۈك تەلىپى بار. شۇڭا ئىمتىھان بەرگۈچى ماقالە يېزىش داۋامىدا ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ئەركىن جارى قىلدۇرالايدۇ. ماقالە مەزمۇننى بەلگىلىگەندە ئادەتتە «نېمە»، «نېمە ئۈچۈن»، «قانداق قىلىش كېرەك» دېگەن ئۈچ مەسىلە توغرىلىق ئويلىنىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، بېرىلگەن ماتېرىيالدىكى بارلىق مەزمۇن، كۆرسەتمە، تەلەپ قاتارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىگىلەش كېرەك. مانا بۇ ماتېرىياللىق ماقالىلەرنىڭ ئەڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى.

3. ئالىي مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھانىدا ماقالە يېزىشتا ماقالە ژانىرىنى خالىغانچە تاللاشقا بولىدۇ، ئەمما قانداق ژانىرنى تاللىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىز تاللىغان ژانىرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. ئىمتىھان بەرگۈچى ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە ئىمتىھان مەيدانىدا

بېكىتكەن باش تېمىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان ژانىرنى تاللىسا بولىدۇ. زادى قايسى ژانىرنى تاللاش ئەڭ مۇۋاپىق؟ دېگەن مەسىلىدە، بىزنىڭچە، ئۆزىمىزگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى تاللىساق بولىدۇ. ئەگەر ئىشلارنى بايان قىلىشقا ماھىر بولساق، تەپسىلاتلارنى گەۋدىلەندۈرسەك بولىدۇ، چۈشەندۈرۈشكە ماھىر بولساق، سەۋەبلەر توغرۇلۇق توختالساق بولىدۇ، قارىشىمىز ئۆزگىچە بولسا، مۇھاكىمە ئېلىپ بارساق بولىدۇ، ھېسسىياتىمىز مول بولسا لىرىكا ئىزھار قىلساق بولىدۇ. قىسقىسى، چىن، ھەقىقىي ۋەقەلىك بايان قىلىنغان ماقالىلەر باشقىلارنى ھەقىقىي تەسىرلەندۈرەلەيدۇ. شۇڭا ئىمتىھان ماقالىسىدە چىن ھېسسىيات، ھەقىقىي تەسىراتنى يېزىشنى ئاساس قىلىش كېرەك.

4. ماقالىدە يېڭىچە پىكىر، يېڭى مەنىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنى يېزىشتا «يېڭىلىق» قا كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىشىمىز، باشقىلاردا يوقنىڭ بىزدە بولۇشىنى، باشقىلاردا بارنىڭ بىزدە تېخىمۇ ئۆزگىچە تۈستە مەيدانغا چىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. چىقىش نۇقتىسىنىڭ تاللىنىشى، نىشان (نۇقتىئىنەزەر)نىڭ بېكىتىلىشى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە قۇرۇلمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق تەرەپلەردە كونا رامكىلارغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

بەلگىلەپ بېرىلگەن ماتېرىيال تەركىبىدە ئىمتىھاندىكى ئوقۇش سوئالىدىن ئېلىنغان پارچىلارمۇ، مەخسۇس ماقالە يېزىقچىلىقى ئۈچۈن لايىھەلەنگەن ماتېرىياللارمۇ بار. بۇ تۈردىكى ماقالىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى يېزىپ چىقىشىغا، خاسلىقى ۋە ئىجادىي پىكرىنى ئىپادىلىشىگە ئىلھام بېرىدۇ. ژانىر چەكلىمىسى بولمىغاچقا، بايان، تەسۋىر، مۇھاكىمە، چۈشەندۈرۈش ۋە لىرىكا قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن جانلىق پايدىلانساق بولىدۇ.

ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ شەكلى بىر قەدەر كۆپ، شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، بىر قىسىم تۈرلەر ئۈستىدە مەشىق ئېلىپ بارساق بولىدۇ. بۇنىڭدا يېزىقچىلىقنىڭ ئادەتتىكى تەلەپلىرىدىن باش تېما (مەركىزىي ئىدىيە) تۇرغۇزۇش، قۇرۇلمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تىل ئىشلىتىش، يېزىش قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالە بېرىلگەن ماتېرىيال ۋە تەلەپكە ئاساسەن ئەسەر يازىدىغان بىر خىل يېزىقچىلىق شەكلى. بۇنىڭدا بېرىلگەن

ماتېرىيالغا ئاساسەن مەزمۇن بەلگىلەش، پىكىر يۈرگۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ماتېرىيالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇن مەركىزىي ئىدىيەنىڭ كېلىش مەنبەسى بولىدۇ، ماقالە يازغاندا مۇشۇ مەركەزدىن چەتنەپ كېتىشكە بولمايدۇ. مانا بۇ ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى.

5. ماقالە باشلانمىسى ياكى ئالدىنقى بىرنەچچە ئابزاسنى ياخشى يېزىپ، ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرگۈچىلەردە ياخشى تەسىرات پەيدا قىلىش، باش ـ ئاخىرىنى ئوبدان ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئىخلاس بىلەن ئىنچىكە ئىشلەپ، نەپىس ۋە رەڭدار تۈس كىرگۈزۈش كېرەك. مەسىلەن، سىرتقا چىقىپلا تاغنى كۆرگەندەك، ئۇدۇللا باش تېمىنى كۆرستىشكىمۇ، ئەسلىمە ئارقىلىق كىشىلەرنى جەلپ قىلىشقىمۇ بولىدۇ، مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقىمۇ ياكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش ۋە ياكى ھېكايە بايان قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقىمۇ بولىدۇ. يەنە تېخى شېئىرىي مىسرالارنى دەل جايىدا دەلىل قىلىش ئارقىلىق ئالاھىدە ئىسپاتلاش ئۈنۈمى ھاسىل قىلىشقىمۇ بولىدۇ. يەنە ماقالە ئاخىرىنى ۋە ئۆتكۈنچى ئابزاسلارنىمۇ ياخشى يېزىش كېرەك. چۈنكى، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرگۈچى ئوقۇتقۇچى بۇ تەرەپلەرگە بەكرەك دىققەت قىلىدۇ. ماقالە ئاخىرى ماقالە باشلانمىسى بىلەن ئوبدان ماسلىشىشى زۆرۈر. تەكشۈرگۈچى باشقا تەرەپلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپلا ئۆتۈپ كەتسىمۇ، ئەمما باش ـ ئاخىرىغا جەزمەن ئېتىبار بىلەن قارايدۇ.

ئالدى بىلەن چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش، ئالدىراپلا يېزىپ كەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى، ئاتقان ئوقنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمىغاندەك، يېزىقچىلىقتا ئېيتقان سۆزنىمۇ قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. يېزىپ يېرىمىغا كەلگەندە تۇيۇقسىزلا تېمىنى ياكى تېما تەلىپىنى خاتا چۈشىنىۋالغانلىقىنى سېزىپ قالسا، بۇ ۋاقىتتا قايتا يازىدىغانغا ۋاقىت يار بەرمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن جىددىيلىشىپ، دىققەت چېچىلىپ كېتىدۇ. ئىمتىھان ماقالىسىدە شاختىن ـ شاخقا قونۇشقا، بىرىنى كۆرۈپلا يەنە بىرىدىن ۋاز كېچىشكە، بىر تەرەپتىن يېزىپ، يەنە بىر تەرەپتىن تۈزىتىشكە بولمايدۇ. بىر خىل پىكىرنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مەلۇم ئوي ـ پىكىر بېكىتىلگەنىكەن، ئۇنى يېنىكلىك بىلەن ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك كېرەك. ئەمما، بەزى ساۋاقداشلار تېزىسنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن ماقالە باشلانمىسىنى قايتا ـ قايتا پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ، كېيىن ۋاقىتنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى بايقاپ، چالا ـ بۇلا يېزىپلا پۈتكۈزۈۋېتىدۇ. بۇ ئادەت ياخشى ئەمەس، باشتىلا ۋاقىتنى ئوبدان مۆلچەرلەش كېرەك. بۇلاردىن سىرت، تۈزىتىشكىمۇ ئەھمىيەت

بېرىش كېرەك. تۈزەتكەندە سۆز - جۈملىلەرنى تۈزىتىشكە بولىدۇ، قۇرۇلما جەھەتتىن تۈزىتىشكە بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئىمتىھان قەغىزىنىڭ پاكىز ۋە رەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاز تۈزىتىش، ئەمما ئۇنۇمى ياخشى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

6. ئەگەر تېمىدىن چەتنەپ كەتسە، ماقالىنىڭ ئاساسلىق نومۇرى يوقىتىلىدۇ. شۇڭا تېمىدىن چەتنەشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇنداق بىرنەچچە تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك: بىرىنچىسى، ماتېرىيال، نەقىل ۋە تېما دائىرىسى جەھەتتىن بىرلەشتۈرۈپ پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك، تېمىغا ئايرىم قاراشقا بولمايدۇ. ئىككىنچىسى، ئۆزى تۇرغۇزغان نۇقتىئىنەزەرنى بېرىلگەن ماتېرىيال ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىغا قاراش كېرەك. ئۈچىنچى، مۇشۇ ماتېرىيالنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغاندا قانداق ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئويلىنىش كېرەك.

7. ماقالىنى چوقۇم تولۇق يېزىش، كۆرسىتىپ بېرىلگەن تېما دائىرىسىنى ماقالە ماۋزۇسى قىلىۋالماسلىق كېرەك. قانداق ئەھۋالغا يولۇقۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ۋاقىتنى ئالدىن ئوبدان مۆلچەرلەپ، ماقالىنى تولۇق يېزىپ بولۇشقا جەزمەن كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ماقالىمىز قانچە ياخشى يېزىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرى تولۇق چىقماي، يېرىم يولدا توختاپ قالسا، ئۇنىڭغا ئادەتتە نومۇر بېرىلمەيدۇ ياكى بەكلا ئاز نومۇر بېرىلىدۇ.

كۆرسىتىپ بېرىلگەن تېما دائىرىسىنى ماقالە ماۋزۇسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. بەزىدە «پۇرسەت»، «رىقابەت ۋە تىرىشچانلىق»، «ھاياتنىڭ قىممىتى»، «قەلب گۈزەللىكى»، «ئەمگەكچانلىق»... دېگەندەك تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەسەر يېزىڭ، دېگەندەك تەلەپلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار بىر قاراپلا بۇنى ماقالە ماۋزۇسى ئوخشايدۇ دەپ چۈشىنىۋېلىپ، كۆرسىتىلگەن تېما دائىرىسىنى ماقالىسىگە ماۋزۇ قىلىپ قويۇۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماقالىگە بېرىلىدىغان نومۇرنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

8. ماقالىدە بىردىن ئىككىگىچە يورۇق نۇقتا بولۇشى كېرەك. ئەگەر بايان خاراكتېرلىك ماقالە يازغان بولسىڭىز، ۋەقە ۋە جانلىق تەسۋىرلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆز ھېسسىياتىڭىزنى ئىپادىلەپ بېرىشىڭىز كېرەك. ئەگەر مۇھاكىمە ماقالىسى يازغان بولسىڭىز، چوقۇم بىر - ئىككى تىپىك ئاساس (دەلىل) ئارقىلىق ئۆز قارىشىڭىزنى قايىل قىلارلىق ئىسپاتلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر مىكرو ھېكايە يازسىڭىز، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئالاھىدە ماھىر بولۇپ، ئەپچىل قۇرۇلما ھاسىل قىلىشىڭىز كېرەك. بۇ خىل يورۇق نۇقتىلار بىرەر پەلسەپەگە باي ھېكمەتلىك

سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنسىمۇ بولىدۇ، بىرەر ئۆزگىچە ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، ماس ھالدىكى ماقال - تەمسىل، شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ بولىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت يەنە يېزىش داۋامىدا تېمىدىن قەتئىي چەتنەپ كەتمەسلىك كېرەك. ماتېرىيال، نەقىل ۋە كۆرسەتمىدىكى ئالاقىدار ھالقىلىق سۆزلەر ماقالىدە ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ قېتىمدىن كۆپرەك تىلغا ئېلىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ باشلانما ۋە ئاخىرلىشىشتا جەزمەن كۆرۈلۈشى، ئوتتۇرىدا ئاز بولغاندىمۇ بىرەر قېتىم تىلغا ئېلىنىپ، تېمىغا يېقىنلاشقانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىشى كېرەك. تېمىغا كۆپ قېتىم يېقىنلاشقانلىق ئەمەلىيەتتە تېمىدىن چەتنەپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

9. ئىدىيە ساغلام بولۇشى، نۇقتىئىنەزەر بەكلا مۇتلەقلەشتۇرۇۋېتىلمەسلىكى، بەلگىلىك ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ قويۇلۇشى كېرەك. ئىدىيەدە ساغلام بولۇش دېگەنلىك — پەقەت دەبدەبىلىك سۆزلەرنىلا يېزىش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى، قانۇن، قائىدە - نىزاملارغا خىلاپ بولغان ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقتىن يىراقلاشقان ئىشلارنى يازماسلىق كېرەك، دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، مۇھەببەتلىشىشكە ئالاقىدار مەزمۇنلار ئىمتىھان ماقالىلىرىدە چەكلىنىدۇ، ئىمتىھان بەرگۈچى قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى مەيلى قانچە ھەقىقىي، تەسىرلىك يازسۇن، ئەمما مۇھەببەتلىشىش ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت مىزانىدا چەكلەنگەن بولغاچقا، مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرگە يۇقىرى نومۇر بېرىلمەيدۇ.

رېئاللىق بىلەن باغلىغاندا، جەمئىيەتتىكى قاراڭغۇ تەرەپلەر بىلەن چېتىشلىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، لايىقىدا گەپ قىلىش، بىراقلا ئەيىبلەپ، ئاتا - ئانا، ئوقۇتقۇچى ۋە جەمئىيەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلماسلىق لازىم. كىبسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ، ئىجابىي تەكلىپ بېرىش كېرەك. ئاچچىقنى چىقىرىۋېلىشقا، زىتىغا تېگىشكە، ھەتتا يامان غەرەزدە شەخسىيەتكە ھۇجۇم قىلىشقا بولمايدۇ.

10. ماقالە يازغاندا، تېمىنىڭ مەنىسى ۋە ئۆز ئىپادىلەش ئېھتىياجىڭىزغا ئاساسەن ئادەم ۋە ۋەقەلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ يازسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، «ئالاقە»، «مۇناسىۋەت» توغرۇلۇق ئەسەر يېزىشقا توغرا كەلسە، ئاتا - ئانىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يازسىڭىزمۇ، ئوقۇتقۇچىلىرىڭىز ۋە ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن بولغان ئالاقىنى يازسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى ئۇلار سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرۇۋاتقاندەك تەسەۋۋۇر قىلىپ تۇرۇپ يېزىشىڭىز كېرەك. ئەگەر دۆلەت بىلەن دۆلەت ئارىسىدىكى ئالاقىنى يازسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئىككى دۆلەت ئارىسىدا

ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتكە قاتناشقاندەك قىياس قىلىپ تۇرۇپ يازسىڭىز بولىدۇ. شۇندىلا چىن ھېسسىيات ۋە تەبىئىي تۇيغۇغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بايان خاراكتېرلىك ماقالە يازغاندا ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىزنى باش پېرسوناژ قىلىڭ، ئاندىن ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرگۈچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالايدىغان گەپلەرنى يېزىڭ، شۇندىلا ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز.

مۇبادا ماتېرىيال كەمچىل بولۇپ قالسا ئۆز قىزىقىشىدىن ماتېرىيال ئىزدەش كېرەك. ئەگەر سىز تەنتەربىيەنى ياخشى كۆرسىڭىز، تەنتەربىيە مۇخبىرلىرىغا ئوخشاش تەنتەربىيەگە ئائىت مەزمۇنلارنى بايان قىلسىڭىز، مۇھاكىمە ئېلىپ بارسىڭىز بولىدۇ، پەقەت تېما مەزمۇنىغا ماس كەلسىلا بولۇۋېرىدۇ. ئەگەر سىز ××نىڭ ناخشىسىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلىسىڭىز، ××نىڭ كىتابىنى ئوقۇشقا قىزىقسىڭىز، ×× تورىغا چىقىشنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ مۇشۇ تەرەپتىكى سەرگۈزەشتىڭىز ۋە تەسىراتىڭىزنى ماقالە تېمىسى بىلەن ماسلاشتۇرسىڭىز بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا يازغۇدەك نەرسە تاپالماي غەم يېيىشتىن خالىي بولالايسىز. قارىغۇلارچە قالايمىقان توقۇپ چىقىشتىن ساقلىنىڭ.

11. ئەسەر ھەجىم جەھەتتىن بىر يېرىم بەتتىن ئۈچ بەتكىچە بولسا مۇۋاپىق. ھەممىنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە يېزىپ، كىشىلەرگە زېرىكىشلىك تۇيغۇ بېرىشتىن ساقلىنىش، قەغەز قوشۇپ يازماسلىق كېرەك. ئۇزۇنىراق يېزىشنى ياخشى كۆرىدىغان ساۋاقداشلار باشلانمىسىنى بەك سوزۇۋېتىشتىن ساقلىنىش، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىش، مۇقەددىمىسىنى تەپسىلىي يېزىۋېرىپ، كۇلمىناتسىيە نۇقتىسىغا كەلگەندە بېرىلگەن بوش ئورۇن تۈگەپ كېتىپ، يازىدىغانغا يەر تاپالماي قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. گەۋدىلىك جۈملىلەرنى (تېمىغا يېقىن بولغان، مۇددىئانى ئىپادىلەيدىغان، لىرىكىلىق مۇھاكىمە، مۇھاكىمە ماقالىلىرىدىكى تارماق نۇقتىئىنەزەر قاتارلىق) ئەڭ ياخشىسى ئايرىم قۇرغا يېزىش كېرەك.

بەلگىلەپ بېرىلگەن ماتېرىيالنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزى بۇرۇن يازغان ۋە ئوقۇغان نادىر ئەسەرلەرنى ئويلاپ، شۇلار ئىچىدە بۇ تېمىغا يېقىنلىرىنىڭ، ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىرىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپ بېقىش كېرەك. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، زورمۇزور قوشۇپ يېزىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

12. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان ماقالىسىنىڭ تېما ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇرۇنقى ئىمتىھانلارغا قارايدىغان

بولساق، ماقالە تېمىسىنىڭ رېئاللىقتا بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، قىزىق نۇقتىلارغا قارىتىلىۋاتقانلىقىنى، كىشىلىك ھاياتنى چۈشىنىش، ئۇسۇپ يېتىلىشكە ئەھمىيەت بىلەن قاراش تېپىدىكى تېمىلارنىڭ كۆپ بولۇۋاتقانلىقىنى، ئېستېتىك گۈزەللىككە ئەھمىيەت بېرىش تېپىدىكى تېمىلارنىڭمۇ كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى سىناپ تەكشۈرۈش، مەنتىقلىق تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تەكىتلەش تېپىدىكى تېمىلارنىڭمۇ كۆزگە چېلىقىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇلاردىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىمتىھانلاردا يېڭى تېمىدىكى ماقالىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، رېئال تۇرمۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش، قىزىق نۇقتىلارغا يېقىنلىشىش، تۇرمۇش چۈشەنچىسىنى تەكىتلەش، ئەقلىي تەسەۋۋۇرغا كۆڭۈل بۆلۈش، تۇرمۇش، شېئىرىي مەنە، پەلسەپە قاتارلىقلار يېڭىچە بىر يۈزلىنىش بولۇشى مۇمكىن. تۇرمۇشقا يېقىنلىشىش، ئۆزلۈككە يېقىنلىشىش، ئوقۇغۇچىلارنى ھەقىقىي ھېسسىيات ئارقىلىق تۇرمۇشنى چۈشىنىشكە يېتەكلەش ـ كەلگۈسىدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان ماقالىسىنىڭ يېڭىچە چىقىش نۇقتىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

### ماقالىنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن قانداق تەييارلىقلارنى قىلىش كېرەك؟

تولۇق 3 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئالغاندا، گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۆپ ئوقۇپ بېرىش يېڭى بىلىم توپلاشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك يول. چۈنكى، گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇغاندا ئەڭ يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەرنى قوبۇل قىلىپ، دەۋر مېلودىيەسىنى ئىگىلىۋالغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز ھەمىشە سىنىپتىلا ئولتۇرىدۇ، ئۇلار سىرتقى دۇنيانى ئاساسەن گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇش ئارقىلىق چۈشىنىدۇ. قانداق مەسىلىگە قانداق قاراش، توغرا ئۇسۇل قايسى... بۇلارنىڭ ھەممىسىنى گېزىت ـ ژۇرناللاردىن ئىگىلىگىلى بولىدۇ. گېزىت ـ ژۇرناللارنى ياخشى تاللاش كېرەك، ئەلۋەتتە. ئادەتتە «شىنجاڭ ياشلىرى»، «يېرىم ئايلىق سۆھبەت»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئوقۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلسا بولىدۇ.

گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇش ئەڭ يېڭى ماتېرىياللارنى توپلاشقىمۇ ناھايىتى پايدىلىق. ئوقۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن ماتېرىيال ئەڭ تېپىك، ئەڭ يېڭى بولغاچقا، ماقالىدە ئىشلەتكەندە كۈچلۈك جەلپ قىلىش ھەم ئىسپاتلاش ئۈنۈمى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇش چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، شۇنداقلا ياخشى

ماقالىلەردىن پايدىلىنىپ، تەقلىدىي يېزىشنى ئۆگىنىشكە پايدىلىق. چۈنكى، ماقالە يېزىش ئىقتىدارى بىراۋنىڭ ئۆگىنىشى ئارقىلىق يېتىلمەيدۇ، بەلكى ئوقۇش ۋە يېزىش ئارقىلىق يېتىلىدۇ.

# 2009 ـ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ئۈچۈن تەقلىدىي سوئاللار

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ (جەمئىي 55 نومۇر)

بىر دېھقان سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگەكچان، تېجەشلىك پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنىڭ بېيىش تەجرىبىسىنى ئوغۇللىرىغا ئۇدۇم قىلىپ قالدۇرۇشنى ئويلاپتۇ.

بىر كۈنى دېھقان بالىلىرىنى چاقىرىپ:

ــ مەن ئۇ دۇنياغا كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. تاپقان ـ تەرگىنىمنىڭ ھەممىسىنى يەرگە كۆمۈپ قويدۇم. ئۇ يەردە مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسەم بار. مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر ئۇ نەرسىنى ئىزدەپ تېپىڭلار، مۇبادا ئىزدەپ تاپالىساڭلار بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭلار باياشاتچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم يېمەيسىلەر، بېرىڭلار، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تېپىپ كېلىڭلار، ــ دەپتۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي جان ئۈزۈپتۇ.

ئوغۇللار، دادام بايلىقلىرىنى يەرگە كۆمۈپ قويغان چېغى دەپ ئويلاپ، دادىسىنى يەرلىكىگە قويۇپ بولۇپلا، كەتمەن، گۈرجەكلىرىنى ئېلىشىپ يەرنى كولاپتۇ، ئاغدۇرۇپتۇ. كۈنلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپتۇ، بىراق ھېچ نەرسە تاپالماي، ئەكسىچە باشقىلارنىڭ مەدھىيەسىگە ئېرىشىپتۇ.

ــ قاراڭلار، بۇ بالىلارغا، دادىسىغا ئوخشاش ئەمگەكچان، بىر ـ بىرىدىن ئىشچان بوپتۇ.

ــ ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنىڭ باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا ئوخشاپ كەتكىنى بىكار ئەمەس ئىكەن.

كۈز كەپتۇ. ئۇلار مول ـ ھوسۇل ئاپتۇ. نۇرغۇن ئاشلىق سېتىپ كۆپ پۇل تېپىپتۇ. دېھقاننىڭ ئوغۇللىرى تۇيۇقسىز دادىسى كۆمۈپ قويغان بايلىقنىڭ ئەسلىدە جاپالىق ئەمگەك ئىكەنلىكىنى بىلىشىپتۇ.

يۇقىرىقى ماتېرىيالنى ئوقۇپ، «ئەمگەكچانلىقنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىق» ئىكەنلىكىنى تېما قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) يازغىنىڭىز ماتېرىيال مەزمۇنىدىن ۋە بېرىلگەن تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(2) نۇقتىئىنەزەر (باش تېما) چوڭقۇر ۋە قايىل قىلارلىق يورۇتۇلسۇن.
(3) ژانىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ (شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ). ژانىر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنسۇن.
(4) مەزمۇنغا ماس ماۋزۇ قويۇڭ.
(5) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلغان بولسۇن.
(6) ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

ئۈلگە:

## ئېسىل ئەنئەنە

(مۇھاكىمە ماقالىسى)
يۇسۇپجان تۇرسۇن

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەبىئەتكە جاكار قىلغان شۇ ۋاقىتتىن بۇيان، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋە بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالغىنى يوق. روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تاكامۇللۇقىنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان ھەربىر پىكىر ئىگىسى ئۆزۈكىسىز ھالدا ئۆزىنى يېڭىلاپ، ئاجىز تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ، ئەمگەك سەمەرلىرى بىلەن تەبىئەت كۆكسىگە ۋە تارىخ بېتىگە ئىز سىلىپ كەلمەكتە. دەرۋەقە تەبىئەت دۇنياسىمۇ ئۆز باغرىدا توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھەر بىر جانغا ئۆز تەرىگە تۇشلۇق نېسىۋىلەرنى ئاتا قىلماقتا. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھەر بىر تەشكىل قىلغۇچىسىنىڭ روھى، جېنى، قېنى ھەم تىنىقى مۇشۇ ئوتلۇق زېمىننىڭ نەپىسى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن ھالاتتە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىغان. ھەرگىزمۇ ئىجتىمائىي توپتىن، جەمئىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا يېگانە مەۋجۇت بولغان ئەمەس. ئۇ شەخس ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي گەۋدىنىڭ ھەر بىر پائالىيەت، ئەمگەك ۋە تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىگە تەبىئىي ھالدا قاتناشقان ۋە رىئايە قىلغان. شۇنداق قىلالىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلىنى ساقلىيالىغان.

دەرۋەقە دۇنيانىڭ ئوخشاش بولمىغان جايلىرىدا ياشاپ كەلگەن تۈرلۈك ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان جۇغراپىيەلىك بەلباغلارغا بولغان

چۈشەنچىسى ۋە مۇھەببىتى هامان باشقىلاردىن چوڭقۇر بولۇپ كەتكەن، شۇڭا يات ئەل چۈشەندۈرگۈچىلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز باغرىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئوغلانلارنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆز زېمىنى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئەڭ روشەن، ئەڭ يارقىن، ئەڭ ئىنچىكە ھالەتتە باشقىلار ئالدىدا بايان قىلالىغان. ئوكيانىيە قىتئەسىدە ياشايدىغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ جەنۇبىي يېرىم شاردىكى دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە پەسىيىش قانۇنىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسى هامان باشقىلاردىن يۇقىرى بولغان؛ شىمالىي قۇتۇپ ئەتراپىدا ياشايدىغان ئېسكىموسلارنىڭ قىش - ياز ئاپپاق قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان ئاشۇ زېمىنغا بولغان مۇھەببىتى ئەزەلدىن باشقىلاردىن كۈچلۈكرەك بولۇپ كەلگەن، تەكلىماكان بويلىرىدا ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ جىمجىت قۇم بارخانلىرىنىڭ مۆجىزاتقا باي سۈكۈتلىرىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە چۈشەنچىسى ئەزەلدىن باشقىلاردىن ئۈستۈن بولۇپ كەلگەن، ئۇلار ئۈستىنى قۇم ئوراپ تۇرغان بۇ هارارەتلىك زېمىنغا چىقىپ دۇنياغا نەزەر تاشلىغان، قۇملارنىڭ ئوتلۇق پۇرىقىنى پۇراپ ھاياتقا مۇھەببەت باغلىغان، توغراقلارنىڭ شامالدىكى ئاجىز شىۋىرلاشلىرىدىن ئانا يۇرتقا بولغان ئەقىدىسىنى، يۇرت مۇھەببىتىنى يېتىلدۈرگەن؛ قۇملۇقلار ئارا كېلىشىۋاتقان سودا كارۋانلىرىدىن، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ كەتمەن، ئارىلىرىدىن ئەمگەككە ئىشتىياق تۇغۇلغان ۋە مۇشۇ ئىشتىياقى بىلەن بۇ قۇملۇق زېمىندا ئاجايىپ سېھىرلىك شەھەرلەرنى بەرپا قىلغان، ئەمگەكنىڭ خاسىيىتىنى ئاشۇ بىر جۈپ قولى بىلەن تارىخ بەتلىرىگە ئەۋلادلارنىڭ ھايات مىزانى قىلىپ چەككەن.

تارىملىقلار ئۆزلىرىنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە قۇم ئۈستىدە ئۆز جەننىتىنى قۇرۇپ چىقتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر جۈپ قولى بىلەن تەبىئەتنىڭ ئۆز جىسمىدا بار بولغان قانۇنىيەتلەردىن چەتنەپ كەتمىگەن ئاساستا، تەبىئەتكە توختىماستىن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ تۇردى، تارىملىقلار بۇ جەننەتنى تەبىئەتنى چۈشىنىش پەيلەش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ھېسابىغا بەرپا قىلدى، شۇڭا مۆجىزىكار بۇ زېمىن ئۇلارغا كەڭ قۇچاق ئاچتى، ئۆزىنىڭ نازۇنېمەتلىرىنى ھەدىيە قىلدى، ئىنسانلارمۇ توختىماستىن ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق زېمىنىنىڭ تىنىقىغا جور بولۇپ ياشىدى، ھەتتا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىمۇ تارىم بوستانلىقىدىكى تېرىقچىلىقنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئەمگەك شەكلى قىلىپ كەلگەن خەلقىمىزنىڭ «يەر ئالتۇن قوزۇق»، «يامغۇر بىلەن يەر كۆكىرەر، ئەمگەك بىلەن ئەر» دېگەن ئەقىدىسىگە چىڭ ئېسىلىپ ياشىشى ئىنسان بىلەن تەبىئەت، ئىنسان بىلەن ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىك بىرلىك ۋە

مۇھەببەتنىڭ يارقىن ئىپادىسى.

ھالا بۇگۇن كونا ئەسىرنى ئۇزىتىپ يېڭى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىنى قايغۇ ۋە ئۇمىد ئىچىدە بېسىپ تۈگەتتۇق، ئارقىمىزغا قارىغان چېغىمىزدا شۇنى كۆردۇقكى، بىزنىڭ ھەسرەت ئىچىدە تۆككەن ياشلىرىمىز ھەر بىر قەدەم ئىزلىرىمىزغا لىققىدە تولۇپ تۇرۇپتۇ، بىر مەزگىل ئەۋج ئالغان غەربلىشىش شامىلىنىڭ تەسىرىدە ئاستا ـ ئاستا مىللىي كىملىكىمىزنى يوقىتىپ، ئازغۇن توپىغا ئايلىنىپ قالغىلى تاس قالدۇق، مىللىي پسىخىكىمىز، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز بىزدە بارا ـ بارا سۇسلىشىپ، مىللىي بوھران پەيدا قىلىپ ئۈلگۈردى، مۇشۇنداق پەيتلەردە شىر يۈرەك زىيالىيلىرىمىز بىزگە ماھىيەتنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقان بولسىمۇ، بىزنىڭ كۆلۈپ كۆنۈپ قالغان كۆزىمىز ئۇنىڭدىكى مەسخىرىنى كۆرەلمىدى. جەمئىيەتتىن ياتلىشىش، مىللىي ئاڭ فورماتسىيەدىن يىراقلىشىش، مىللىي توپتىن ئايرىلىپ قېلىش قاتارلىقلارنى ئالاھىدىلىك قىلغان غەرب شامىلىغا تەلۋىلەرچە يۈز تۇتقان جەمئىيىتىمىز، يوقاتقان مىللىي مىراسلىرى قاتارىدا ئۇرۇقلۇقلا قالدۇرۇپ كەتكەن جاپالىق ئەمگەك بەختىنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنىمۇ يوقىتىپ قويدى. ئىقتىسادنى مەركەز قىلغان تۇرمۇش پەلسەپىمىز ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلىرىمىزدا «بىر كېچىدە باي بولۇپ كېتىش» كە ئوخشاش قۇرۇق پىكىرلەرنى ھاسىل قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى ـ يۇ، لېكىن ئاشۇ بايلىقنىڭ جاپالىق ئەمگەكتىن كېلىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرەلمىدى، قۇملۇقلاردىن، مەخپىي قەبرىلەردىن ئالتۇن تېپىۋېلىپ باي بولۇپ كېتىشنى ئويلايدىغانلار كۆپەيدى ـ يۇ، لېكىن شۇ بايلىقلارنىڭ جاپالىق ئەمگەك، قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەنلىكىدەك ھەقىقەتنى تېپىۋېلىشنى ئويلايدىغانلار يوق ھېسابىدا بولۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە بىزگە ئالتۇنلاردىن ئاشۇ خىل مىللىي روھ بەكرەك لازىم بولۇۋاتاتتى، قېنى كېلىڭلار، بىز ئاشۇ جىمجىت قۇملاردىن، مەخپىي قەبرىلەردىن، قەدىمىي توغراقلاردىن تارىملىقلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئەمگەكچانلىق ئەنئەنىمىزنى قېزىپ چىقىرىۋالايلى.

## ئەجىر ئىكەن ھايات ئەسلىدە

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

نۇرزىيە ھىدايى

كىشىلىك ھايات گويا بىر تىياتىر، ھەر بىر ئىنسان بۇ تىياتىردا بىر رول

ئالدىڭ. دوستۇم، سىز بۇ سىرلىق ھايات سەھنىسىدە قانداق رول ئېلىۋاتىسىز؟

— ئەخمەت تۇردى

دۇنيا شۇنداق قىزىقارلىق ۋە رەھىمسىز. ئۇ غالىبلار ئالدىدا بىر پارچە چىمەنلىك، مەغلۇبىيەتچىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، باش - ئاخىرى يوق جاڭگال. ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئاجايىپ سۈرئەت بىزنى تەدبىر ۋە تېخىمۇ زور ئەقىل تۇيغۇسى، ئۆز ئەجىر - مېھنىتىمىز، قان - تەرىمىز بىلەن ياشاشقا مەجبۇرلىماقتا. ئىنسان دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەھسۇلى، ئىنساننىڭ ھاياتلىقى مۇتلەق ۋە چەكسىز دۇنيادىن ئارىيەت ئېلىنغىنىدەك، ئۇنىڭ ماددىي بايلىقىمۇ دۇنيادىن ئارىيەت ئېلىنغان. شۇڭا ۋاقىتلىق ماددىي بايلىققا ئېرىشكىنىڭىزگە قارىغاندا خەلقنىڭ ئادىل باھاسى، ئۇلۇغ نامىڭىز قالسا خەلق سىزنى مەڭگۈ ياد ئەتمەسمۇ؟

دوستۇم، ئويلىنىپ بېقىڭ. ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيەت ئەجىر - مېھنەتسىز قولغا كەلمىگەن، ئەلۋەتتە. خۇددى يۇقىرىقى ماتېرىيالدا ئېيتىلغاندەك، ئوغۇللار دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بايلىق ئىزدەش مەقسىتىدە يەرنى كولاپ، ئاغدۇرۇپ، ئويلىمىغان نەتىجىگە، ئانىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئوغۇللار يېرىنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن.

ئادەم ھەر ۋاقىت ئالغا ئىنتىلىشچان روھقا ئىگە بولۇشى كېرەك. ھورۇنلۇق — ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىشى روھىنى بىخۇدلاشتۇرىدىغان، كىشىنى قاراڭغۇ - زۇلمەت دۇنياسىغا بەند قىلىدىغان، نادانلىق، مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرىدىغان روھىي دۈشمەندۇر. شۇڭا بىز ھورۇنلۇق، بىغەرەزلىكتىن ئىبارەت بۇ روھىي دۈشمەن ئۈستىدىن غالىبلارچە كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

بىز چەكلىك ھاياتىمىزدا، نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرىمىز. بەلكىم ئالدىمىزدا نى - نى جاپا - مۇشەققەتلەر بىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، بىز ئۈمىدسىزلەنمەستىن، ھەر قاچان ھاياتقا كۆلۈپ قاراپ، ھورۇنلۇق، بىغەرەزلىك ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ بىزنى ئارقىغا داجىتىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىپ، غەلىبە يولىمىزدىكى توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ئۆزىمىزگە ئىشەنچ مۇنارى تىكلىشىمىز كېرەك.

كونىلار: «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ھەر بىرىمىز ھايات يولىدىكى رولىمىزنى ئېنىق تونۇپ يېتىپ، قان - تەرىمىز بىلەن ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىشىمىز لازىم.

دوستۇم، ئۇنداقتا، سىز ھايات سەھنىسىدە زادى قانداق رول ئېلىش لازىملىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟

## ھەرىكەتتە بەركەت

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئامىنىگۈل مەتتۇرسۇن

بىزدە «ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىنلا تارغاق چىشىدەك تەپتەكشى يارىتىلغان» دەيدىغان ھېكمەت بار. ئەمما قاراپ باقساق، بەزىمىز باي، بەزىمىز نامرات، بەزىمىز ئىرادىلىك، يەنە بەزىمىز چۈشكۈن. بەزىمىزنىڭ كۆزلىرىدىن ھاياتقا بولغان چەكسىز مۇھەببەت، ئىپتىخارلىق، ئۈمىد تۆكۈلۈپ تۇرسا، بەزىمىزنىڭ پۈتۈن يېرىدىن ياغىدىغىنى قاقشاش، زارلاش، چۈشكۈنلۈك...

بۇنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟

بۇنىڭ سەۋەبى دەل ھەر بىرىمىزنىڭ ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيەمىزنىڭ ئوخشاشماسلىقىدا، بەزىلىرىمىز ھۇرۇن، ھاياتتىن راھەت - پاراغەت ئىزدەيمىز - يۇ، جان تىكىپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي ئىشلەشتىن باش تارتىمىز، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ شۇنچىلىك قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىمىزنى بىلىمىز - يۇ، شۇ قۇدرىتىمىزگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىشنى، شۇ قۇدرىتىمىزنى ئىشقا سېلىشنى خالىمايمىز.

مەسىلەن، ماتېرىيالدىكى پارچىغا قارايدىغان بولساق، بوۋاي ئوغۇللىرىغا مال - دۇنيا مىراس قالدۇرماستىن، بەلكى مال - دۇنيانىڭ كېلىش مەنبەسى بولغان ئەمگەكنى، جاپادىن قورقماسلىقتەك چىدام روھنى مىراس قالدۇرغان، بۇ پارچە بىزگە ئەمگەكچانلىقنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىق ئىكەنلىكىنى تونۇتقان، بۇ يەردىكى ئەمگەكچانلىق قانداقتۇر قولنىڭ ئۇچىدىلا قىلىنغان ئەمگەك بولماستىن، بەلكى بوۋاينىڭ پەرزەنتلىرىگە ئوخشاش پۈتۈن زېھنى بىلەن جان كۆيدۈرۈپ قىلىنغان ئەمگەكتۇر. مەيلى بىز بوۋاينىڭ ئوغۇللىرىغا ئوخشاش باغدا ئەمگەك قىلايلى ياكى بىلىم ئىگىلەش يولىدا ئەمگەك قىلايلى ھەممىسىنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ئوخشاشلا قېتىرقىنىپ ئىشلەش، جان كۆيدۈرۈش. شۇندىلا ھەقىقىي مېۋىگە ئېرىشەلەيمىز.

بېل گايتىس ياشلارغا مۇنداق بىر گەپنى تەۋسىيە قىلىدۇ: «ئىشنى چوڭ - كىچىك دېمەستىن پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن كەم - كوتىسىز قىلىپ ئورۇنلاڭ، بىر

ئادەمدە كەسىپ، خىزمەت ئۈچۈن بېرىلىپ تەر ئاققۇزىدىغان مۇشۇنداق ياخشى ئادەت يېتىلىدىكەن، جەزمەنكى ئۇنىڭ تۇرمۇشى شادلىققا، ئىشلىرى ئۇتۇققا تولىدۇ».

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر ئىشلارنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىدىغان ياكى خۇشياقمايدىغانلار، ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغانلار ھەرگىزمۇ مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنى ئاچالمايدۇ. بىز ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئويلايدىكەنمىز، چوقۇم ھەر قانداق ئىشنى قىلغاندا ئىخلاسمەنلىك بىلەن شۇ ئىشقا ئەقىدە باغلاپ تۇرۇپ قىلىشىمىز كېرەك.

## ئەمگەكچانلىق ئەڭ ياخشى پەزىلەت

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

قەلبىنۇر تۇراق

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئەمگەكچانلىق ئەڭ چوڭ بايلىق، شۇنداقلا ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ بىرى، ئەمگەكچانلىق توغرىسىدا بىزنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىز نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ئالايلۇق، «ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكىرەر، يامغۇر بىلەن يەر كۆكىرەر»، «ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن»، «ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق، ھورۇننىڭ جېنى تاتلىق»، «ئەمگەك قىلساڭ راھەت كۆرەرسەن»... مانا مۇشۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ، ئۆز بەختىنى يارىتىش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ھاسىلاتلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقى ئەمگەكچان خەلق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، شۇنداقلا بىر جۈپ ئەمگەكچان قولىغا تايىنىپ، تارىختىن بۇيان چۆللەرنى بوستان قىلىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى يارىتىپ كەلگەن، شۇنداقلا ئەمگەكچانلىقنىڭ ئەڭ ياخشى پەزىلەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا يۇقىرىقىدەك ھېكمەتلىك سۆز ۋە ماقال - تەمسىللەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنى ئىشچان، ئەمگەكچان بولۇشقا چاقىرغان.

ھېلىھەم ئېسىمدە، كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپ ئائىلە ئىقتىسادىمىز ياخشى بولغاچقا، ئاتا - ئانامنىڭ ئەمگەك توغرىسىدا دېگەن گەپلىرى ئۇ قۇلىقىمدىن

كىرىپ بۇ قۇلىقىمدىن چىقىپ كېتەتتى. ئۇلار بەرگەن پۇللارنى بۇزۇپ - چېچىپ خەجلەپ يۈرەتتىم. شۇ مەزگىلدە ئۆزىنىڭ بىر جۈپ ئەمگەكچان قولىغا تايىنىپ، بىزنىڭ گۈزەل، ئىللىق ئائىلىمىزنى ياراتقان مېھرىبان دادام كېسەل سەۋەبىدىن يورۇق دۇنيادىن ۋاقىتسىز خوشلاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئائىلىمىزدە قارا كۈنلەر باشلاندى. مەن بالىنىڭ چوڭى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىلگىرىكى بەڭباشلىقىمنى، ھۇرۇنلۇقۇمنى تاشلىدىم، ئاپامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم.

تەتىللەردە بولسا كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا بېلەتچىلىك قىلدىم، شۇندىلا مەن رەھمەتلىك دادامنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «ھالال ئەمگەك جانغا راھەت» دېگەن سۆزىنىڭ تېگىگە يەتتىم.

ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئۆزى گەرچە نامرات بولسىمۇ «ئەمگەكچانلىق ئەڭ ياخشى پەزىلەت» دېگەن بوۋىلار سۆزىنى ئۆزىگە قامۇس قىلىپ، ھالال ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، چىرايىدىن مېھنەت تەرى كەتمەيدىغان، لەۋزى ھالال گۈل چىراي كىشىلەرنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارايدىغان بولساق، چىرايىدىن ھالال ئەمگەكنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرىمىز، ئۇلار گەرچە ناھايىتى ھېرىپ - چارچاپ كەتكەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ھالال ئەمگەكنىڭ مېھنىتى چىرايىدىن پارلاپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە يەنە بىر تۇركۇم كىشىلەرنى كۆرىمىزكى، ئۆزىنىڭ بىر جۈپ قولىنى ئەمگەك قىلىپ ھالال پۇل تېپىشقا ئىشلەتمەي، ناتوغرا ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ. شۇنداقلارنىڭ چىرايىغا ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساق ئەمگەك قىلماي، ھېچقانداق بەدەل تۆلىمەي تاپقان پۇللىرى ئۇلارنىڭ چىرايىغا ئىللىقلىق، مېھرىبانلىق ئەمەس، بەلكى قۇۋلۇق - شۇملۇق ھەم قارا كۆڭۈللۈك ئالامەتلىرىنى بەخش ئېتىدۇ.

ھەممىمىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ھالال ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ ئائىلىسى بەرىكەت تاپىدۇ، قىلغان ئىشلىرى روناق تاپىدۇ. خۇددى ماتېرىيالدا بېرىلگەن بوۋاينىڭ بالىلىرىغا ئوخشاش قىلغان ئەمگىكىنىڭ راھىتىنى كۆرىدۇ.

خەلقىمىز ھۇرۇن كىشىلەرنى ياقتۇرمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنداقلاردىن يىرگىنىدۇ، نەپرەتلىنىدۇ. شۇڭا «ئەمگەكچانلىق ئەڭ ياخشى پەزىلەت» دەيدۇ ئۇلار. بىز ئەجدادلار ۋارىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئەمگەكچانلىقتىن ئىبارەت ئاتا مىراس ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلىپ، گۈزەل تۇرمۇشىمىزنى ئەمگەك بىلەن قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

# ئەمگەكنىڭ تېگى ئالتۇن

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئابدۇقادىر

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئەمگەكچانلىق ياخشى خىسلەت، ياخشى پەزىلەت. ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان كىشىلىرىمىز بىر جۈپ ئەمگەكچان قولىغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ماكانىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ كەلدى ھەم داۋاملىق مۇشۇنداق رەۋىشتە بۇ گۈزەل پەزىلەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئالايلۇق، ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەمگەك توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

مەسىلەن، «ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق، ھۇرۇننىڭ جېنى»، «ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەنلەرگە ئوخشاش. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھېكمەتلەرنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز زادى قانداق تاپقان؟ كاللىسىغا نېمە ئۈچۈن بۇ گەپلەر كېلىدۇ؟ بۇنى ئويلايدىغان بولساق، يۇقىرىقى ھېكمەتلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەمگەك تەجرىبىسىنىڭ نەتىجىسى، جەۋھىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان بىر جۈپ ئەمگەكچان قولىغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداپ، ئۈزۈكسىز تىرىشىپ كەلگەن. ئەگەر بىز ئەمگەك قىلمىساق، تىرىشمىساق ئەلۋەتتە پۈتۈن دەسسەپ تۇرالمايمىز. كۈندىن - كۈنگە خارابلىشىمىز. بىزنىڭ تۈگىمەس بايلىقىمىز بولسىمۇ تۈگەپ، ئاخىر ئىش خۇشياقماس، ھۇرۇن، ئەتىدىن - كەچكىچە ئورنىمىزدىن تۇرغىمىز كەلمەيدىغان بولۇپ، جىسمانىي كۈچىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالىمىز.

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزمۇ ئوخشاش، بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئەڭ ئاددىيسى ئائىلىمىزدىمۇ ھۇرۇنلۇقتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

ئەمگەك توغرۇلۇق بىزنىڭ نۇرغۇن رىۋايەتلىرىمىز، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ نەسىھەتلىرى بار. «ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكرەر، يامغۇر بىلەن يەر كۆكرەر» دېگەندەك، تىرىشساقلا نۇرغۇن ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز. قاقاسلىقلارنى بوستانلىققا ئايلاندۇرالايمىز. لېكىن شۇ تىرىشىش، ئەمگەك قىلىش نىيىتىگە كەلمەك قىيىن ھەم ئەمگەك قىلىشنى ئارزۇ قىلىش تېخىمۇ تەس. نېمىشقا؟ چۈنكى، ئۇ جىسمانىي ئەمگەك بولغاچقا جاپالىق. بىز باشقىلارنىڭ ئەمگەك

نەتىجىسىدىن ھۇزۇرلانغاندا قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىنى كۆرگەن. ئەمما بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۇنداق خۇشاللىققا مۇيەسسەر بولغانلار قانچىلىك؟ ئۇلار ئەمگەك قىلىشنى خالىمامدۇ ياكى شۇغۇللىنىشقا پۇرسەت يوقمۇ؟

يېزا - قىشلاقلىرىمىزنى ئالايلى، دېھقانلىرىمىز ئۇزۇكسىز تىرىشىپ مول - ھوسۇل ئالغان ئەمگەك مېۋىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدۇ ھەم ئېشىنچىلىرىنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن پۇل قىلىدۇ. بۇلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئەمگەك قىلغان كىشىنىڭ تېنى ساغلام بولىدۇ، قىشلىق ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەكتىن غەم يېمەيدۇ. بىز يەرگە قانچىلىك ئىشلىسەك، يەر بىزگە شۇنچىلىك ھوسۇل بېرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، بىز كۈندىلىك خىزمەت، تۇرمۇشىمىزدا قانچىلىك تىرىشساق شۇنچىلىك نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز.

ئادەم دۇنيادا ياشىغانىكەن، ھالال ياشىشى، ھالال ئەمگەك ئارقىلىق ئۆز نېنىنى ئۆزى تېپىپ يېيىشى لازىم. مېنىڭچە، دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىدىنمۇ ھۇزۇرلۇق مېۋە بولماس.

ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ھېكايە - چۆچەكلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە بالىلىرىغا ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ. ۋەسىيىتىدە بالىلىرىغا باغنىڭ بىر يېرىگە بايلىق قويۇپ قويدۇم، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ. بۇ بايلىق ئەمەلىيەتتە قانداقتۇر تۇتقىلى بولىدىغان، ئىقتىسادنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان پۇل ياكى ئالتۇن - كۈمۈش بولماستىن، دەل ئەمگەكچانلىقتۇر. بالىلار شۇ ئارقىلىق ئاتا مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشقا، جاپالىق ئەمگەككە ماسلىشىشقا دەۋەت قىلىنىدۇ.

شۇڭا بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئەمگەك بىلەن تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىشقا تىرىشايلى!

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ (جەمئىي 55 نومۇر)

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردە ئىتالىيەدىكى پىسئاس دېگەن بىر يىگىت ياۋۇز پادىشاھ يوئونوسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. يىگىت ئۆيىگە قايتىپ ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانىسى بىلەن ۋىدالىشىۋېلىشىنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. ئەمما، زالىم پادىشاھتىن رۇخسەت ئالالماپتۇ. مۇشۇ چاغدا ئۇنىڭ دوستى دامىمىن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ جازا مۇددىتىنى ۋاقتىنچە ئۆتەپ تۇرۇشقا رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ ھەمدە: «ئەگەر پىسئاس ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىسە، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا جازالانسام بولىدۇ» دەپتۇ. زالىم پادىشاھ بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ.

ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىدىغان ۋاقىت يېقىنلىشىپتۇ، پىسئاسنىڭ بولسا ئىز - دېرىكىمۇ بولماپتۇ، كىشىلەر دامىمىننى: «ساراڭلىق قىلىپ دوستلۇققا ھاياتى بىلەن ھۆددە قىلىپتۇ» دەپ مەسخىرە قىلىپتۇ. دامىمىن دار ئالدىغا ئەكېلىنىپ، كىشىلەر بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشكە جىمىدە تىكىلىپ تۇرغاندا، يىراقتىن پىسئاس كۆرۈنۈپتۇ. قاتتىق يامغۇردا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۇ: «مەن قايتىپ كەلدىم!» دەپ ۋارقىراپتۇ، ئارقىدىنلا كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ دامىمىننى قۇچاقلىغىنىچە ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىپتۇ. شۇ چاغدا، ھەممەيلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈشۈپتۇ. پادىشاھ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ پىسئاسنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىپتۇ ھەمدە:

— مەن بارلىقىمنى سەرپ قىلىپ مۇشۇنداق دوست بىلەن تونۇشۇشنى خالايمەن، — دەپتۇ.

يۇقىرىقى ماتېرىيالنى ئوقۇپ دوستلۇقنىڭ مۇھىملىقى ياكى چىن دوستلۇقنىڭ ھاياتتىنمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تېما قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) يازغىنىڭىز ماتېرىيال مەزمۇنىدىن ۋە بېرىلگەن تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(2) نۇقتىئىنەزەر (باش تېما) چوڭقۇر ۋە قايىل قىلارلىق يورۇتۇلسۇن.

(3) ژانىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ (شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ). ژانىر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنسۇن.

(4) مەزمۇنغا ماس ماۋزۇ قويۇڭ.

(5) خىتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلغان بولسۇن.

(6) ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

ئۆلگە:

## ياخشى دوست ئۆمۈرلۈك ھەمراھ

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

مەھەممەتئېلى توختى

مەن دوستۇمدىن پەخىرلىنىمەن، ئەمما ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز دوستىدىن پەخىرلىنىشى ناتايىن، بارلىق دوستىدىن پەخىرلىنىشى تېخىمۇ ناتايىن.

مېنىڭچە، دۇنيادىكى نورمال ئادەملەر ئىچىدە دوستى يوقلار بولمىسا كېرەك. ئومۇمەن، ھەر بىر ئادەمنىڭ سان جەھەتتىن مەيلى كۆپ ياكى ئاز بولسۇن، سۈپەت جەھەتتە مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ئىشقىلىپ ئۆزىگە تۇشلۇق دوستى بولىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ دوست تۇتۇشتىكى مەقسىتى ئوخشاشمايدۇ. بەزىلەر دوست تۇتۇشتا ئۆلۈم - كۆرۈمدە بىللە بولۇشنى، ھەمكارلىشىپ ئۆتۈشنى، باشقا كۈن چۈشكەندە ياردەملىشىشنى كۆزلىسە، يەنە بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم مەقسىتىگە يېتىش، قارشى تەرەپتىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە دوست تۇتىدۇ.

دېمەك، كىشىلەرنىڭ دوست تاللاشقا بولغان ئۆلچىمى ۋە تونۇشىدىمۇ تۈپلۈك پەرق بار. ئۇلارنىڭ دوست تاللاشتىكى نىشانىمۇ ئوخشاشمايدۇ. بەزىلەر دوست قانچىكى كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر، دوستىنىڭ سانى مۇھىم ئەمەس، گەپ ئۇنىڭ سۈپىتىدە، دەپ قارايدۇ. مېنىڭچىمۇ، دوستىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ سۈپىتى ۋە ساپاسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. خەلقىمىزنىڭ «پىيازنىڭ پوستى تولا، ئەخمەقنىڭ دوستى تولا» دېگىنى ھەرگىزمۇ كۆپ دوست تۇتۇشقا قارشى تۇرغانلىق ئەمەس، بەلكى دوستنى تاللاپ تۇتۇش، مەلۇم پايدا مەنپەئەتنى كۆزلەپلا يېقىنلىشىدىغان، تەڭ كۈلۈپ تەڭ يىغلىيالمايدىغانلارنى دوستۇم دەپ ئىشىنىپ كەتمەسلىك كېرەكلىكىنى سەمىمىزگە سالغانلىق. شۇنداق، ئۆلپەت تېپىش ئاسان، ھەقىقىي دوست تېپىش ئۇنچە بەك ئاسانمۇ ئەمەس. باي بولغىنىمىزدا، مەرتىۋىمىز ئۆسكەندە، ئۆزىنى دوست دەپ ئەتراپىمىزدا

پەرۋانە بولغانلار، بىز شۇ ئورنىمىزدىن چۈشۈپ كەتكەن ھامان قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋېتىشىدۇ. دېمەك، بىز ئۇلارغا ئېھتىياجلىق بولغاندا ئۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، دوستى كۆپ ئادەمنىڭ ھەقىقىي دوستى ئاز بولۇشى مۇمكىن. مەن دوستلۇق ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغان:

بۇرۇن بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىكەن، يالغۇز ئوغلىغا سودىگەر بەكلا ئامراق ئىكەن، ئوغلى نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىدىكەن. بۇ ئوغۇلنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ دوستلىرىمۇ كۆپىيىپ بېرىپتۇ. سودىگەر ئوغلىنىڭ بۇنچە كۆپ دوست تۇتۇشىدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئەتىۋارلىق ئوغۇل دادىسىنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماپتۇ. دادا تىت - تىتلىقتا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر مۇنداق بىر ئەقىل تېپىپتۇ. سودىگەر ئوغلىنى ئويلىغىنى بويىچە يېرىم كېچىدە ئويغىتىپتۇ ۋە مۇھىم ئىش بىلەن بىر يەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن بىر مەھەللىگە كەپتۇ ۋە مەھەللە ئىچىدىكى باشقا قورۇلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر قورۇنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئىشىكنى قېقىپتۇ. «كىم؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. سودىگەر: «مەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن قورۇنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ئوڭ قولىدا بىر تاپ قىلىچ، سول قولىدا بىر ھەميان تۇتقان ھالدا، ئارقىسىغا چىرايلىق بىر كېنىزەكنى ئەگەشتۇرۇپ بىر كىشى چىقىپتۇ. ئۇ كىشى سودىگەر بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ: «سىزنىڭ يېرىم كېچىدە ئىزدەپ كەلگىنىڭىزنى كۆرۈپ، مۇنداق ئۈچ ئىش بىلەن كەلدىمىكىن دەپ ئويلاپ، مۇشۇ ئۈچ نەرسىنى ئېلىپ چىقتىم.» ئۇ ئوڭ قولىدىكى قىلىچنى كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ: «ئەگەر بىراۋ سىزگە قەست قىلماقچى بولغان بولسا، بۇ قىلىچ بىلەن دۈشمىنىڭىزنىڭ ئەدىپىنى بېرىڭ، ئەگەر ئىقتىسادىي جەھەتتە مەسىلىگە يولۇققان بولسىڭىز مانا بۇ ھەميان.» بۇۋاي سول قولىدىكى ھەميانىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ: «بۇنىڭ ئىچىدىكى تىللالار سىزنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىڭىزنى ھەل قىلىشىڭىزغا يېتىدۇ. ئەگەر بۇ كېچىدە ھەۋەسىڭىز قوزغىلىپ قېلىپ كەلگەن بولسىڭىز، مانا بۇ نازىنىن سىزنىڭ ھاجىتىڭىزدىن چىقىدۇ.» سودىگەر ئوغلىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن ھېلىقى كىشىگە دەپتۇ: «مېنىڭ سىزنى ئىزدەپ كېلىشتىكى مەقسىتىم يۇقىرىقىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەس. بۇ ئەسلىي مۇنداق ئىش ئىدى، مېنىڭ بۇ ئوغلۇم

جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپ دارغا ئېسىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئەمما ئوغلۇمنىڭ پەقەتلا ئۆلگۈسى يوق، مەنمۇ بۇ ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن. شۇنىڭ بىلەن بىز سىزنىڭ ئالدىڭىزغا قېچىپ كەلدۇق.» بوۋاي سودىگەرنىڭ كېيىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوغلىنى چاقىرىپ چىقىپتۇ ۋە: «مېنىڭ بۇ ئوغلۇم سىزنىڭ ئوغلىڭىزنىڭ ئورنىدا ئۆلۈم جازاسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالسۇن.» دەپتۇ ۋە ئوغلىدىن: «ئوغلۇم، سېنىڭچە قانداق؟» دەپ سوراپتۇ. ئوغۇل قىلچە مەيۈسلەنمەستىن، دادىسىغا قاراپ: «ئەگەر سىزنىڭ دوستىڭىزنىڭ ئوغلى ئۈچۈن ئۆلىدىغان ئىش بولسا، مەن تامامەن رازى» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سودىگەرنىڭ ئوغلى ھەيران بولۇپ دادىسىغا قاراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سودىگەر ئۆزىنىڭ ئۇلارغا چاقچاق قىلىپ قويغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئىشنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ. سودىگەرنىڭ ئوغلى بۇ ئەھۋالدىن دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ دوستلارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ھەيران قاپتۇ ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئۆلۈشنى خالىغان ئوغۇل بىلەن مەڭگۈلۈك دوست بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى دادىسىغا ئېيتىپتۇ. ئىككى قەدىناس دوست ئۆز ئوغۇللىرىنى دوستلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ.

مانا بۇ ھېكايە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بىزنى دوست دەپ يۈرگەننىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ھەقىقىي دوستىمىز بولۇشى ناتايىن، بىز دوستىمىز دەپ يۈرگەنلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ ھەقىقىي دوستلۇقتا يارىمايدىغانلار چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا بىز ئۆزىمىزگە يېقىنلاشقانلىكى كىشىنىڭ ھەممىسىنى دوست دەپ ساناۋېرىپ، مېنىڭ دوستۇم كۆپقۇ، دەپ پەخىرلىنىپ يۈرۈۋەرمەستىن، دوست ئىچىدىن دوست تاللاشقا، ئەڭ مۇھىمى ھەقىقىي دوست تۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۆتەر يولدىكىلەر ياخشى چاقاندا بىزنى دوست ساناپ ئەتراپىمىزغا ئولاشقان بىلەن، پادا باققاندا، شۇ زامانلا بىزدىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

ئۇنداقتا ھەقىقىي دوستچۇ؟ ئۇ بىزگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ.

## دوستلۇق

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئارسلان ئەخمەت

دوستلۇق دېگەن نېمە؟

بۇ سوئالغا ھەممىلا ئادەمنىڭ توغرا جاۋاب بېرىشى ناتايىن.

ھەربىر ئادەم جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن باشلاپ دوستلۇق ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلايدۇ. ئەمما، ھەقىقىي دوستلۇقنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا ھەقىقىي دوستلۇققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغانلار كۆپ ئەمەس.

كىشىلەر بۇ دۇنيادا ياشاش جەريانىدا بىر - بىرى بىلەن ئۆزئارا ئالاقىلىشىشكە ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردىن بىر خىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تور شەكىللىنىدۇ. لېكىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا دوستلۇق بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

دوستلۇق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە جەريانىدا پەيدا بولغان بىر خىل ئالاھىدە مۇناسىۋەت. دوستلۇق بىر خىل ئەڭ ئېسىل ئىنسانىي تۇيغۇ - ھېسسىياتى، شۇنداقلا دوستلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئامراقلىقتۇر. دوستلۇق نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، «ماركس بىلەن ئېنگېلس» نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقمۇ ئەبەدىيلىك، سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغان ھەقىقىي چىن دوستلۇق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ماركس بىلەن ئېنگېلس بىر - بىرىنىڭ خىزمىتىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولغان. شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق يەنىلا تىللاردا داستان بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

دوستلۇقنى نېمە ئۈچۈن سېھرىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ دەيمىز؟

دوستلۇق سىلىق - سىپايە، سەمىمىي مۇھەببەتتۇر. دوستلار ئوتتۇرىسىدا ئالدامچىلىق، كۆرەلمەسلىك ۋە گۇمان بولمايدۇ. شۇڭا دوستلار ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە بىرخىل سېھرىي كۈچ بولىدۇ.

كىشىلەر نېمە ئۈچۈن دوستلۇققا ئىنتىلىدۇ؟

بىز ئاغرىپ قالغان ۋاقتىمىزدا دوستىمىز يوقلاپ كېلىپ تەسەللى بەرسە ھەقىقەتەن بىر خىل ئىللىقلىق ھېس قىلىمىز. بۇ خىل ئىللىقلىقنى ئاتا - ئانىمىزمۇ بېرەلمەيدۇ. بىز قىيىنچىلىققا يولۇققىنىمىزدا دوستىمىز بىزگە ياردەم ياكى ئىلھام بەرسە، بىزنىڭ قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىش غەيرىتىمىز تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئۈمىدسىزلەنگەن ياكى ئازابلانغان ۋاقتىمىزدا دوستىمىز بىزگە ئاقىلانە تەكلىپ - پىكىر بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىز ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىكلىرىمىزنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىمىز.

بەزى ۋاقىتلاردا ئاتا - ئانىمىزغا ياكى ئوقۇتقۇچىلىرىمىزغا دېيەلمەيدىغان گەپلىرىمىزنى دوستىمىزغا دەيمىز، دوستىمىز بىزگە يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

دېمەك، دوستلۇق كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم ئىشەنچلىك يۆلەنچۈك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىككى ئادەمنىڭ كۈچى ۋە ئەقىل - پاراستى بىر ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراستىدىن چوڭ بولىدۇ. دوستسىز يېگانە ئادەم ھامىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ چوقۇم يېقىن دوستى بولۇشى كېرەك. تۇرمۇشتا دوستسىز ھەرقانداق بىر ئادەمگە بىر قەدەمنى بېسىشمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ. شۇڭا، بىز دوستلۇقنى قەدىرلەپ دوستىمىزنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆز قىيىنچىلىقىمىز دەپ بىلىشىمىز كېرەك.

دوست ھەممىمىزگە يار - يۆلەك بولسۇن!

## V يېزىقچىلىق تەلپىنى ئورۇنلاڭ (جەمئىي 55 نومۇر)

باشقىلارنىڭ بەدىنىنى ئۇۋۇلاپ قويۇش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان بىر ئەما موماي كىچىك بازارنىڭ سىرتىدا ئولتۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ يىغقان پۇللىرىنى ئېلىپ بازاردىكى ئېلېكتىر سايمانلىرى ماگىزىنىنىڭ غوجايىنىنى ئىزدەپ بېرىپتۇ ھەمدە ئۆز ئۆيىنىڭ يېنىدىكى كوچىغا بىرنەچچە يول چىرىغى ئورنىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ.

ماگىزىنىنىڭ غوجايىنى ھەيران بولۇپ:

— سىزنىڭ كۆزىڭىز كۆرمىسە، يول چىرىغى ئورناتقاننىڭ نېمە پايدىسى؟ — دەپتۇ.

— مەن كۆرەلمىسەم باشقىلار كۆرىدۇ ئەمەسمۇ؟ مەن تۇرىدىغان يەردىن ھەر كۈنى ئۆتىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، باشقىلارنىڭ يول يۈرۈشىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ياردەم قىلىپ بىرنەچچە يول چىرىغى ئورنىتىپ بەرسىڭىز، ھەققىنى ئۆزۈم تۆلەيتتىم، — دەپتۇ موماي.

ماگىزىنىنىڭ غوجايىنى ناھايىتى تەسىرلىنىپ مومايغا يول چىرىغىنى ھەقسىز ئورنىتىپ بەرمەكچى بوپتۇ. مومايىنىڭ يول چىرىغى ئورناتماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ناھايىتى تېزلا پۈتۈن بازارغا پۇر كېتىپتۇ، ھەممە كىشى مومايىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن تەسىرلىنىپ، چىراغ ئورنىتىش سېپىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپتۇ. كۆپچىلىك بەس - بەس بىلەن پۇل ئىئانە قىلىشىپتۇ. چۈنكى ھەممىسى: «ئەما كىشى چېغىدا باشقىلارنىڭ يولىنى يورۇتماقچى بولۇۋاتسا، بىزدەك كۆزى ساق ئادەملەر قاراپ تۇرىمىزمۇ!» دەپ ئويلىشىپتۇ.

نەتىجىدە، يول چىراغلىرى پۈتۈنلەي ئورنىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى يولمۇ كېڭەيتىلىپتۇ، بازار سىرتىغا ئۆتۈشىدىغان ياغاچ كۆۋرۈكمۇ سېمونت كۆۋرۈككە ئايلىنىپتۇ، غەيرەتكە كەلگەن كىشىلەر مومايىنىڭ ياغاچ ئۆيىنىمۇ خىش - سېمونت بىلەن يېڭىباشتىن ھەم چىرايلىق، ھەم مۇستەھكەم قىلىپ قايتا ياساپ بېرىپتۇ.

ئەما موماي ئۆزىنىڭ كىچىككىنە مېھىر - شەپقىتىدىن پۈتكۈل كىچىك بازارنىڭ يورۇق ۋە گۈزەل تۇسكە كىرىدىغانلىقىنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ ئويلىمىغانىكەن.

يۇقىرىقى ماتېرىيالنى ئوقۇپ «ئاق كۆڭۈللۈك»، «مېھىر ـ شەپقەت» دېگەن تېمىلارنىڭ بىرىنى چىقىش قىلىپ، بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) يازغىنىڭىز ماتېرىيال مەزمۇنىدىن ۋە بېرىلگەن تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(2) نۇقتىئىنەزەر (باش تېما) چوڭقۇر ۋە قايىل قىلارلىق يورۇتۇلسۇن.

(3) ژانىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ (شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ). ژانىر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنسۇن.

(4) مەزمۇنىغا ماس ماۋزۇ قويۇڭ.

(5) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلغان بولسۇن.

(6) ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

ئۈلگە:

### دۇنيا مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن گۈزەلدۇر

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

مۇقەددەس جۇمە

مېھىر بىلەن تامسا ئەگەر يەرگە سۇ،
بۇلدۇقلايدۇ بۇلاقلارمۇ كۆز ئېچىپ.
مۇھەببەتلىك قوللار ئىللىق ھەم سېخىي،
تۇرار دائىم گۈزەللىكتىن نۇر چېچىپ.

توغرا، ھەقىقەتەنمۇ چىن قەلبتىن چىقىرىپ سۇنۇلغان قوللار ئۈمىد ئۈزۈلگەن ھاياتنى قايتا باھار قوينىغا ئېرىشتۈرىدۇ. چىن مېھىر بىلەن سۇنۇلغان قوللار قانچىلىغان چاڭقىغان دىللارغا سۇ ئاتا قىلىدۇ. چىن مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن سۇنۇلغان قوللار قاراڭغۇ دىللارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىدۇ ھەم يول باشلايدۇ. بۇلار ئاددىي قەلب ئەمەس، بەلكى مۇھەببەتلىك يۈرەكلەرنىڭ ئىزناسى. ئۇلار ئاددىي قول ئەمەس، بەلكى مۇھەببەتلىك يۈرەكلەرنىڭ ئىپادىسى. بۇ ئاددىي سۇ

ئەمەس، زەمزەم، ئابىي ھاياتنىڭ كەۋسەر كەبى شىپالىق سۈيى ھەم مۇھەببەتلىك قەلبلەرنىڭ سوۋغىسى.

ھەر قانداق بىر ئىنساندا مېھرىبان، سەممىمي، چىن يۈرەك بولىدىكەن، ئۇ پەقەت بىر ئادەمگە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تەبىئەت دۇنياسىغا باھاردەك ئىللىق مېھىر ئاتا قىلالايدۇ. شۇنداقلا ئىنسان باغرىدىكى زىمىستان قىشلارنى ھەيدەپ يېلىنجاپ تۇرغان گۈلخانلاردىن سىزگە ۋە بىزگە مۇھەببەتلىك يۈرەكلەرنى چىن كۆڭۈلنىڭ سوۋغىسى سۈپىتىدە سۇنالايدۇ.

ئەگەر دۇنيادا چىن ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتلا بولىدىكەن، گۈزەللىك ئاندىن ئۆز ئىپادىسىنى تاپالايدۇ. قەيەردە مېھىر - مۇھەببەت بولىدىكەن، شۇ يەرنىڭ قۇمساڭغۇ تاش - تۇپراقلىرىدىنمۇ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، چىن مېھىر - مۇھەببەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ۋە گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ، سەممىمي قەلبلەرنىڭ ساداسىنى ئاڭلىتىپ، ناۋالارنى ياڭرىتىپ، قاراڭغۇ - زۇلمەتلەرگە يورۇقلۇق ئاتا قىلىدۇ.

بۇ نېمىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى؟ نېمىنىڭ سادالىرى؟

يەنىلا مۇھەببەت، يەنىلا مېھىر - مۇھەببەتلىك سەممىمي قەلبلەرنىڭ ۋە پاك قوللارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، چىن يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى يېرىپ چىققان بىردىنبىر سادا، ئەڭ مۇڭلۇق جاراڭلىق سادا.

ئەگەر دۇنيادا مېھىر - مۇھەببەت يوقىلىدىكەن، ھالاكەت دۇنيانىڭ قوينىنى قارا قوللىرى بىلەن يېرىپ تاشلايدۇ. قەيەردە مېھىر - مۇھەببەت ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىكەن، ئىنسانىيەتتىكى بارلىق گۈزەللىكلەر مۇشۇ يەرگە مۇجەسسەملىشىپ، پەرىلەر لېۋىدىكى شارابتەك سىزگە زوق ئاتا قىلىدۇ.

مېھىر - مۇھەببەت — كۆڭۈل قۇلۇپىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ. كىشىلەرگە ئىللىقلىق ۋە يورۇقلۇق ئاتا قىلغۇچى قۇياش. چاڭقىغان دىللارغا ھۇزۇر بەخش ئەتكۈچى زەمزەم. پەرىشان دىللارنى تىنچلاندۇرغۇچى سىرلىق ئەڭگۈشتەردۇر. مېھىر - مۇھەببەت ھەقىقىي گۈزەللىكى بىلەن دۇنيانى يورۇتقان، ئۇ بولغاچقىلا، ھايات ئۆز مەنىسىنى تاپقان، ئۇ بولغاچقىلا، كۆڭۈللەر يۈكسەلگەن، دىللار سۆيۈنگەن. مېھىر - مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى ھەقىقەتەنمۇ چەكسىزدۇر.

ئۇنداقتا، مېھىر - مۇھەببەت دېگەن نېمە؟

مېھىر - مۇھەببەت مېنىڭچە، ئۇ بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ئىچ ئاغرىتىشى ياكى ھېسداشلىقى ئەمەس. ئۇ چىن، سەممىمي يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان مۇڭلۇق كۈي ۋە ئوتلۇق قەلبنىڭ ئاددىي ئىپادىسى.

ئۇ ھەرگىزمۇ گۈل ياكى زىننەت بۇيۇمى ئەمەس، بەلكى مەڭگۈ توزىمايدىغان،

ئۈستىگە بىر ئۆمۈر چاڭ - توزان قونالمايدىغان، قۇم - بورانلار ئارىسىدىمۇ ئالتۇندەك چاقناپ، نۇر چېچىپ تۇرىدىغان، ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق جايدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىنىمسىز كۆڭۈللەرگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلالايدىغان، سۇنۇق دىللارنى خۇشال قىلالايدىغان بىردىنبىر روھىي ئوزۇق. ئۇنىڭسىز دۇنيادىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭسىز گۈزەللىكتىن بەھرە ئېلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

دېمەك، مېھىر - مۇھەببەت ھاياتلىقنىڭ جان تومۇرى، گۈزەللىكنىڭ نامايەندىسى، ئۇنىڭ مېھرى شۇنچە ئىسسىق، خۇددى پەرىلەر سۇنغان شارابتەك ۋە ياكى چىن دوستىنىڭ دوستلۇق تەلپى ۋە تەلمۈرۈپ سۇنغان شەربەتلىرىدەك. ئۇنىڭ كىشىگە ئاتا قىلىدىغان ئىللىقلىقى ۋە گۈزەل تۇيغۇلىرى ھەرقانداق گۈزەللىكلەردىنمۇ نەچچە ئون ھەسسە ۋە ياكى نەچچە يۈز ھەسسە تەبىئىي ۋە كۈچلۈك. ئۇ بۇ گۈزەللىكلەرنى ۋە مۇھەببەتلەرنى سىزگە، ماڭا بىرەرسىنى ئۆبىيېكت قىلىپ ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيانى ئوبيېكت قىلىپ سۇنىدۇ.

دېمەك، مېھىر - مۇھەببەتسىز ھېچ نەرسىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. چۈنكى مېھىر - مۇھەببەتتىن ئايرىلغان تۇرمۇش، ھايات دۇنيادا جانسىز تەندىن، يىلتىزسىز دەرەختىن، قاناتسىز قۇشتىن دېرەك بېرىدۇ.

## ھەممىمىز مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئاينۇر سايىم

جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، رىقابەتنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ بىر قىسىم كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت بارغانسېرى سۇسلاشماقتا. كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى، بىر - بىرىگە بولغان مېھرىبانلىقى ناھايىتى سۇس ياكى پەقەت سىرتقى كۆرۈنۈشتىلا بولۇپ، ئىلگىرىكى زامانلاردىكى ئەل - ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن قۇربان بېرەلەيدىغان روھلار يوقىلـ گىردابىغا بېرىپ قالدى. بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ رىقابەت ئېڭى ناھايىتى كەسكىنلىشىپ «ئۇ يىقىلسا، مەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسەم»، «باشقىلار مەغلۇپ بولۇپ ئۆلسە، مەن غەلىبە قازانسام» دەيدىغان ئۆزۈمچىل، رەھىمسىزلەرگە، رەزىللەرگە خاس بولغان تەپەككۇر ئېڭى پەيدا بولدى. لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا يەنە ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان، باشقىلارنى ئويلايدىغان، ئەل -

يۈرت ئۈچۈن، دوستى ئۈچۈن جان بېرەلەيدىغان مېھرىبان كىشىلەرمۇ بار. ئۇلار ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر تەر تۆكۈپ تاپقان ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق ئېرىشكەن مېۋىلىرىنى بېشىغا كۈن چۈشكەن ھاجەتمەنلەرگە ياكى قاتناش راۋان بولمىغان يوللارنى، كۆۋرۈك - چىراغلارنى، كونا ئۆيلەرنى قايتا ياسىتىپ، ئۇنى ياخشىلاشقا سەرپ قىلىدۇ. مەسىلەن، بىر ئەما موماي باشقىلارنىڭ بەدىنىنى ئۇۋۇلاپ قويۇش بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. بىر كۈنى ئۆز ئۆيىنىڭ يېنىدىكى كوچىغا بىرنەچچە يول چىراغلىرىنى ياسىتىش ئۈچۈن ئېلېكتىر سايمانلىرى غوجايىنىنىڭ يېنىغا بارغاندا، غوجايىن ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن: «موما، سىز ئەما تۇرسىڭىز، يول چىرىغىنى ئورناتسىڭىزمۇ بەربىر ئۇنىڭ يورۇقىنى كۆرەلمەيسىز. شۇڭا ئۇنى ئورناتمىسىڭىز بولمامدۇ؟» دەپ سورايدۇ. موماي ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن: «مەن كۆرمىسەم باشقىلار كۆرىدۇ. ئۇلار بۇ كوچىدىن ئۆتكەندە بىخەتەر ئۆتۈشى ئۈچۈن بۇ چىراغلارنى ئورنىتىپ بەرسىڭىز، پۇلنى مەن ئۆزۈم بېرىمەن» دەيدۇ. غوجايىن مومايىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ، موماي ئەما تۇرۇپ يولغا چىراغ ئورناتسا، بىزدەك كۆزى ساق ئادەملەر قاراپ تۇرىمىزمۇ؟ دەپ ئويلاپ، مومايىنىڭ ئۆيى ئەتراپىدىكى بارلىق يول چىراغلىرى ۋە كۆۋرۈكلەرنى ياسىتىدۇ، ھەتتاكى بۇ ئىشلاردىن پۈتۈن ناھىيەدىكى كىشىلەر تەسىرلىنىپ، ئىلھاملىنىپ، ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كېلىشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە، مومايىنىڭ ياغاچ ئۆيىمۇ قايتىدىن خىش، سېمونت بىلەن ناھايىتى مۇستەھكەم قىلىپ سېلىنىدۇ. بىر ئەما مومايىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن پۈتۈن بازاردىكى كىشىلەر ياخشى ئىش قىلىپ، بۇ بازار تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرىدۇ. بۇ مومايمۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ئىشىدىن مۇنچىۋالا خۇشاللىقنىڭ كەلگەنلىكىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشقا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەتراپىمىزدا مۇشۇ ئەما مومايغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان كىشىلەر يەنىلا كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. ئەلۋەتتە، رەيھان ئاپپايلاردەك مېھرىبان ئانا، نۇرتاي ھاجىمدەك مېھرىبان ئاتىلار قۇرغان ھەرقايسى جايلاردىكى پاراۋانلىق ئورۇنلىرى، ئۈمىد - غۇنچىلار مەكتىپى... قاتارلىقلار بۇلارنىڭ دەلىل - مىسالىدۇر.

شائىر ئەخمەت ئىمىن ئاكا ئېيتقاندەك، ھەممىمىز مېھىرگە موھتاج، دوستلۇققا موھتاج، كۆيۈنۈشكە موھتاج، چۈنكى دۇنيا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن گۈزەلدۇر. ئەگەر ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدا مېھىر - مۇھەببەت كەمچىل بولىدىكەن، ئۇنداق ئادەمنىڭ يۈرىكى قېتىپ ئېرىمەيدىغان ياكى توڭلىرىنى ئېرىتىش قىيىن بولغان بىر پارچە مۇزغا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ ھالدا ئۇنىڭدىن دوستلۇقمۇ، گۈزەللىكمۇ، مەنىۋى ھاياتمۇ، قىسقىسى، ھەممە نەرسە قاچىدۇ.

هايات ئۇنىڭغا ئۇنداق گۈزەل ھەم ئەھمىيەتلىك تۇيۇلمايدۇ. ئاددىيسى، يۇقىرىدىكى ئەما موماينىڭ ھېكايىسىدىمۇ مېھىر - مۇھەببەت تەكىتلەنگەن. ئۇ موماي گەرچە ئەما بولسىمۇ، ئۆزى ئورناتقان ئاشۇ چىراغنىڭ نۇرىنى ئۆزى كۆرەلمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇ چىراغنى ئورناتماقچى بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدە مېھرىبانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، ياخشىلىق ئۇرۇقلىرى ئاللىقاچان بىخلىنىپ، پورەكلەپ گۈل ئېچىلغان. نەتىجىدە، بۇ موماينىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن پۈتۈن بازاردىكى كىشىلەر ياخشى ئىش قىلىشقا يۈزلەنگەن. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەلىي پاكىتلار تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مېھرىبانلىقىدىن ھەر بىر كىشى تەسىرلەنمەي قالمايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دۇنيا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن گۈزەل، مەن، سىز، ئۇ، مەيلى، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر بىر كىشى ئۇنىڭغا موھتاج.

پەقەت ئاشۇ مېھىر - مۇھەببەتلا بۇ ھاياتقا گۈزەللىك ۋە مەنە ئاتا قىلالايدۇ.

ئەگەر سىز ھاياتىڭىزدىن ئۈمىد ئۈزگەن، ئۈمىدسىزلىك پاتقاقلىرىغا پېتىپ قالغان بىر يولۇچى بولسىڭىز، ئۇ سىزنى بۇ پاتقاقتىن تارتىپ چىقىرالايدۇ. قىسقىسى، مېھىر - مۇھەببەت، مېھىر - شەپقەت پۈتۈن بازاردىكى كىشىلەرنى قوزغىتالىغاندەك، سىزنى، مېنى ۋە ئۇنىمۇ قوزغىتالايدۇ، جانلاندۇرالايدۇ. ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ.

## مېھىر - شەپقەت گۈزەللىك بۇلىقى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

شېرىنگۈل ئابدۇرېشىت

دۇنيا مېھىر - شەپقەت بىلەن گۈزەل. ھەممە ئادەمنىڭ قەلبى مېھىر - شەپقەت، ئاق كۆڭۈللۈك، سەمىمىيلىك بىلەن تولغاندىلا، گۈزەل دۇنيا يارىتىپ چىققىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، بىرلىكتە تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ دۆلىتىمىز ئۇزاق تارىخقا ئىگە، كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيەتلىك دۆلەت. دۆلىتىمىزنىڭ بۈگۈنكىدەك شانلىق مەدەنىيىتىنى مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كېلىۋاتقان 56 مىللەت بىرلىكتە ياراتقان. بۇ مىللەتلەرنىڭ شۇنداق بىر ئالاھىدىلىكى باركى، ئۇلار باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى، دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى ئۆزىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى كۆز

ئالدىمىزدا نۇرغۇن تۇرۇپتۇ. ئالايلۇق، SOS كەنتىدىكىلەر ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى، گۈزەل كەلگۈسىنى، قىسقىسى بارلىقىنى SOS كەنتىدىكى ئىگە - چاقىسى يوق سەبىيلەر ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن. ئارىمىزدىن چىققان غېنى جۇمە... قاتارلىق يىگىتلەر ئۆزىنىڭ خەتەرگە يولۇقۇشىغا قارىماي، زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقان خەنزۇ قىزنى قۇتقۇزغان.

يەنە يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىرقانچە جايلاردا كەينى - كەينىدىن تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىپ تۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا خەلقى دۆلەت، مىللەت ئايرىماي، ئاپەت رايونلىرىغا ئۆزىنىڭ ياردەم قولىنى سۇندى. بۇنداق خەيرخاھلىقتىن كىملا بولمىسۇن تەسىرلەنمەي تۇرالمايدۇ.

دېمەك، دۇنيا مېھىر - شەپقەتكە تولغان. بۇ مېھىر - شەپقەتلەر پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىغا ئۆزىنىڭ گۈزەل گۈل - گىياھلىرىنى ئۈندۈرگەن.

كىشىلىك دۇنيا بىر ئەينەك، سىز ئۇنىڭغا قانداق قارىسىڭىز ئۇمۇ سىزگە شۇنداق قارايدۇ. سىز كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلسىڭىز، مېھىر - شەپقەت قولىڭىزنى سۇنۇپ، سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلسىڭىز، شەك - شۈبھىسىزكى، سىز ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق جاۋابقا ئېرىشەلەيسىز. مانا بۇ كىشىلىك ھاياتتىكى ئاددىي بىر پەلسەپە. بۇنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىزنىڭ قەلبىمىزگە سىڭدۈرۈۋەتكەن. بىز بۇ خىل ئېسىل ئەنئەنىنى يوقىتىۋەتمەي، قەلبىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز، شۇنداقلا بۇنى تېخىمۇ يورەكلەپ ئېچىلدۇرۇشىمىز لازىم. ياخشىلىقنىڭ چوڭ - كىچىكى بولمىغاندەك، بىزمۇ چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىماي، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان ھەربىر كىشىگە ئۆزىمىزنىڭ ياردەم قولىمىزنى سۇنۇشىمىز كېرەك. بۇ خىل مېھىر - شەپقەت، ئاق كۆڭۈللۈكنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىن باشلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. چۈنكى قول قولنى يۇسا، قول كېلىپ يۈزنى يۇيىدۇ ئەمەسمۇ!؟

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ (55 نومۇر)

بىر دېھقان بىر ئىت بېقىۋاپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ ئېتىزغا بېرىپ ئىشلەيدىكەن، كېچىسى ئىتنى دەرۋازىغا قاراشقا قويۇپ، ئوغرىدىن ساقلىنىدىكەن. دېھقان ئىتقا ئىنتايىن كۆيۈنگەچكە، ئىت ئۆزىنىڭ دەرۋازىغا قاراش مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىپتۇ.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن دېھقاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئىت سىرتتا دەرۋازىغا قاراپتۇ. بۇ چاغدا بىر ئوغرى تېمىنى سەكرەپ ئۆتۈپ دېھقاننىڭ ئۆيىگە يېقىنلىشىپتۇ، ئاندىن تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشۈپتۇ. ئىت بىر قارا كۆلەڭگىنى غىل - پال كۆرۈپ قېلىپ، بىرى ئوغرىلىققا كىردى دەپ ئويلاپ قاتتىق قاۋاپتۇ.

ئوغرى ئىتنىڭ توختىماي قاۋاۋاتقانلىقىنى، پىلانىنىڭ سۇغا چىلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، يانچۇقىدىن بىر پارچە بولكىنى چىقىرىپ ئىتنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپتۇ ۋە بوش ئاۋازدا ئىتقا دەپتۇ:

— ھەي قاۋىما، بۇ بولكىنى ساڭا بەردىم.

ئىت ئوغرىغا قاراۋېتىپ دەپتۇ:

— سېنىڭ مەقسىتىڭ ماڭا ئايان، بولكىنى ماڭا بېرىشىڭ مېنىڭ ئىگەمنى ئويغىتىۋەتمەسلىكىم، ئىگەمنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلىشىڭ ئۈچۈندۇر. ئەگەر سەن ئىگەمنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلاپ كەتسەڭ، بۇنىڭغا مەنمۇ چېتىلىپ قالىمەن، ئىگەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، بۇ بىر بولكا مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئوزۇقۇم بولۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە مەنمۇ ياشىيالمايمەن؛ ئەگەر سەن ياخشى نىيىتىڭ بىلەن مېنى قورسىقى ئېچىپ كەتتى دەپ بۇ بولكىنى بېرىپ مېنى تەسىرلەندۈرمەكچى بولغان بولساڭ، خاتالىشىپسەن، مەن بىر پارچە بولكا ئۈچۈن بۇرچۇمنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. مەن قاۋاپ ئىگەمنى ئويغىتىپ، ئۆيگە ئوغرى كىرگەنلىكىنى بىلدۈرىمەن. مەن كۆز ئالدىمدىكى مەنپەئەتنىلا كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسى بىلەن ھېسابلاشمايدىغانلاردىن ئەمەس.

ئوغرى پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، قايتىپ كېتىپتۇ.

(«تەرمىلەر» دىن ئېلىندى)

يۇقىرىقى ماتېرىيالنى ئوقۇپ «كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت ۋە ئېرىشكەن ئۆزلۈكىدىن» ئالدىنماي، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاش» كېرەكلىكىنى تېما قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) يازغىنىڭىز ماتېرىيال مەزمۇنىدىن ۋە بېرىلگەن تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(2) نۇقتىئىنەزەر (باش تېما) چوڭقۇر، قايىل قىلارلىق يورۇتۇلسۇن.

(3) ژانىرنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ (شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ). ژانىر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنسۇن.

(4) مەزمۇنىغا ماس ماۋزۇ قويۇڭ.

(5) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلغان بولسۇن.

(6) ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

ئۆلگە:

## تۈزنى يەپ تۈزلۇقنى چاقمايلى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

خانقىز تۇرسۇن

ئادىمىيلىك ــ ئادەمنىڭ ئادەم بولۇپ تۇرالىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىنىڭ بىرى، ئادىمىيلىكتىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ چىن، ھەقىقىي مەنىدىكى ئادەم بولۇپ كېتەلىشى ناتايىن. ۋىجدان، غۇرۇر، ئىنساب ۋە ۋاپا ئادىمىيلىكنىڭ تەركىبىي قىسمى. ۋىجدان ۋە غۇرۇردىن ئايرىلغان كىشى پېيىدىن ئايرىلغان تورغا ئوخشايدۇ، ئۇ گۆزەللىكتىن مەھرۇم قالىدۇ، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ يۈز كېلەلمەيدۇ، بۇنداق ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ نە قىممىتى، نە قەدرى بولمايدۇ. ئىنساب ۋە ۋاپا ئادىمىيلىكنىڭ ئالىي دەرىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئىنسابسىز، ۋاپاسىز كىشى ئەلنىڭ قارغىشىغا ئۇچرايدۇ. شۆھرەت قازىنالمايدۇ، بۇنداق كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ.

بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن بىۋاسىتە ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە بولىمىز، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىرىنى تاماشىبىن قاتارىدا كۆرۈپ تۇرىمىز، ئۇنداقتا بىز ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە شۇنىڭ ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىلەردىن نېمىنى كۆرۈۋالالايمىز ياكى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز؟ ھاياتلىق تولىمۇ مۇرەككەپ، لېكىن ئادەم ئۇنىڭدىنمۇ مۇرەككەپ بولغاچقا، ھەرخىل - ھەر ياڭزا كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىز، بەزىلىرىنى بىۋاسىتە كۆرسەك،

بەزلىرىنى باشقىلاردىن ئاڭلاش، ژۇرناللاردىن كۆرۈش، تېلېۋىزىيە - رادىيودىن ئاڭلاش... ئارقىلىق بىلىمىز. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئەل - يۇرت، ئاتا - ئانا، دوست - يارەن، قېرىنداشلىرىغا قىلغان ۋاپادارلىقىنى كۆرگىنىمىزدە خۇشال بولىمىز، كۆڭلىمىز يورۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ غۇرۇرلۇق، ۋىجدانلىق، ئىنساب - دىيانەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە تېخىمۇ قايىل بولىمىز. ئەكسىچە، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنداق بولماي قالىدۇ، قايسىبىر ئەسەردىكى مۇنۇ ۋەقەلەر ھېلىمۇ ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. ئىككى قوشنا بولۇپ ئۇلار ناھايىتىمۇ ياخشى ئۆتىدىكەن، بولۇپمۇ ئىككى ئائىلىدىكى ئەرلەر بۇرۇندىن ساۋاقداش ۋە دوستلاردىن ئىكەن. بىرى سودىگەر، يەنە بىرى زاۋۇتتا ئىشچى ئىكەن. بىر كۈنلەرگە كەلگەندە سودىگەر ئاغىنىسى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە كۆچۈپ كېتىپتۇ، ئىككى ئاغىنە بىر - بىرىگە قىيالمىغان ھالدا خوشلىشىپتۇ. ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. سودىگەر چوڭ شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن سودىسى تېخىمۇ ياخشى بوپتۇ ۋە تېزلا بىر شىركەت قۇرۇۋاپتۇ، زاۋۇت ۋەيران بولغانلىقتىن، ھېلىقى ئىشچى بولسا ئىشسىز قاپتۇ، قېرىشقاندەك ئايالىنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن پۇل سوراشقا تېگىشلىكلەردىن سوراپتۇ، ئاخىردا ئىشىكىدىن چىقسىلا قەرز ئىگىلىرى ئۇنى ئالدىغا سالىدىغان بوپتۇ، ئۇ شۇ چاغلاردا ھېلىقى سودىگەر ئاغىنىسىنى ئىزدەپتۇ ۋە شۇنىڭ ياردىمىدە ئايالىنى بۇ چوڭ شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ داۋالىتىپتۇ. سودىگەر ھەممە ئىشلارنى ئۇققاندىن كېيىن قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپتۇ ۋە بالدۇرراق ئۆزىنى ئىزدىمىگەنلىكىگە كايىپتۇ، ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق دېگەندەك تاڭ سۈزۈلۈپ قۇياش قايتىدىن پارلاپتۇ. بۇ كىشىمۇ ئاغىنىسىنىڭ شىركىتىدە ناھايىتى ياخشى ئىشلەپتۇ، كۈنلەر خۇشاللىقتا ئۆتۈپتۇ، دوستىدىن رازىلىق ھېس قىلغان دىرېكتور ئۆزىنىڭ شۇنداق ئىشەنچلىك، سادىق يار - يۆلىكى بولغىنىدىن خۇشال ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن شىركەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئارخىپ، پىلان، ھۆججەت ھەتتا مالىيەسىنىمۇ مۇشۇ دوستىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇ كۈنلەردە بۇ شىركەت بىلەن «بەيگە» گە چۈشكەن يەنە بىر شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى بۇ ئادەمنى ئىزدەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر قىسىم خەۋەر، ئاخباراتلار بىلەن تەمىنلىسە بۇ شىركەتنى يۇتۇۋالغاندىن كېيىن «تارماق شىركەتنىڭ دىرېكتورى» قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

دوستلار، بۇ كىشى قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇ بۇ تەلەپكە قوشۇلارمۇ ياكى قوشۇلماسمۇ؟

... ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە پايدا - مەنپەئەت ئۈستۈن كېلىپ قالدىمۇ ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەر بارمۇ، بۇ كىشىنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ، ئەپسۇس «تارماق

شىركەتنىڭ دىرېكتورى» بولۇش ئەمەس، بىر كىشىلىك خىزمىتىدىنمۇ ئايرىلىپ قاپتۇ، ئىشلار پۈتۈپ، شىركەتنى باشقىلار يۈتۈۋالغاندىن كېيىن، ھېلىقى باش دىرېكتور مۇنداق دەپتۇ:

— سەن ئۆز باشلىقىڭغا، جۈملىدىن دوستۇڭغا خائىنلىق قىلدىڭ، ئۇنى سېتىۋەتتىڭ، ۋاقتى كەلگەندە مېنىمۇ ئاياپ قويمايسەن، ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ.

شۇنداق، ۋىجدان، ۋاپا ۋە ئىنساب ئىنسان مەنىۋىيىتىدىكى ئېسىل خىسلەت. ئۇنداقتا، بۇلارنى تاللا بازىرىدىن ۋە ماگىزىنلاردىن تېپىپ سېتىۋالغىلى بولامدۇ؟

ياق، ئۇنداق ئەمەس، بۇنى ئادەم ئادىمىيلىك ئوچىقىدا تاۋلايدۇ ۋە ساقلايدۇ، ئادەملىك سالاھىيىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىنسان مەنپەئەت ئالدىدا ئۆزىنى چەكلىشى، ۋىجدان زەنجىرىدە قامىلىشى كېرەك. «تۇزىنى يەپ، تۇزلۇقىنى چاقىدىغان»، «ئېشىنى يەپ قازىنىنى ئۆرۈۋېتىدىغان»، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ شەخسىي مەنپەئەت قوغلىشىدىغان، تۇزكور، ۋاپاسىز، نائىنساب بولماسلىقى كېرەك.

شۇنداق بولغاندىلا ئىنسان ئۆزى ۋە ئۆزگىنىمۇ خۇشال قىلالايدۇ. دۇنيا مېھىر - مۇھەببەتكە، ئىشەنچكە، شادلىققا تولىدۇ.

## ئىمتىھان

(مىكرو ھېكايە)

تاھىرجان مۇختەر

مەن تېخى بىرقانچە ھەپتە ئىلگىرىلا شەھىرىمىزدىكى داڭلىق بىر شىركەتتە بۆلۈم باشلىقى ئىدىم. مانا ئەمدى، ھەي...

بىر كۈنى شىركەت بويىچە بارلىق خادىملارغا يىغىن ئاچتى، يىغىندا باش لىدىر شىركەت بويىچە ئىمتىھان ئېلىنىدىغانلىقىنى، ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

نېمە ئىمتىھان بولغىيتتى؟ قانداق شەكىلدە ئالار؟ دەپ مۇلاھىزە قىلىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئۇشتۇمتۇتلا ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەرنى يىغىپ كەسپىي بىلىم بويىچە ئىمتىھان ئېلىپ ھەممەيلەننى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى.

بىر كۈنى ئىشخانامدا ئولتۇرسام، شىركەت خەت - چەك باشقۇرۇش بۆلۈمىدىن بىرى بىر پارچە كونۋېرتنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ، قارىسام يىراق شەھەردىكى بىر بىلەن ئوخشاش بىر كەسىپتىكى چوڭ بىر شىركەت ئەۋەتىپتۇ.

ھەيرانلىق ۋە قىزىقىشتا كونۋېرتنى ئېچىپ قارىسام، ئۇلارنىڭ مېنى يۇقىرى مائاش، شەھەر سىرتىدىكى بىر يۇرۇش تۇرالغۇ داچا، ماشىنا... قاتارلىقلار بىلەن ئۆز شىركىتىگە تەكلىپ قىلىپ يازغان تەكلىپنامىسى ئىكەن.

تەكلىپنامىنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قالدىم، بۇ شىركەتتىكى مائاشمۇ تۆۋەن ھېسابلانمايتتى ھەم مەن رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بۆلۈمنىڭ خىزمەت نەتىجىسى خېلى ياخشى بولۇپ، ئۆتكەن يىلى «ئىلغار» سايلانغانىدى. بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا مېنىڭ ئۆتۈشۈم، دەرىجە ئۆستۈرۈلۈشۈم مۇمكىن ئىدى، بىراق، ئىمتىھان دېگەن نەرسە...

تەكلىپنامىگە نېمىدەپ جاۋاب قايتۇرارمەن دەپ ئويلىنىپ بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ بىرقانچە كۈندە بىرقانچە بۆلۈملەردىن ئىمتىھان ئېلىپ بىرقانچە خىزمەتچى دىرېكتور، بىرقانچە دىرېكتور خىزمەتچى بولۇپ ئالماشتى، تېخى شۇ دىرېكتورلارنىڭ ئالدىدا بىر باش دىرېكتورمۇ بار ئىدى، باش دىرېكتورنىڭ ئالدىدا مەندەك بىر بۆلۈم باشلىقى نېمىتى دەيسىز؟

تېڭىرقاشتا يۈرسەم ئەتىسى يەنە بىر پارچە يوللانما كەپتۇ، ئېچىپ قارىسام يەنە شۇ قىزىقتۇرۇشلار قاتارىغا يېڭىدىن «يۇقىرى سوممىلىق يۆتكىلىش ھەققىم» قېتىلىپتۇ.

بىر تۇرۇپ ئۇ يەرگە كېتىشنى ئويلايمەن ـ يۇ، بىراق يەنە تېڭىرقاپ قالىمەن، ئەگەر بۇ قېتىم دىرېكتور بوپقالسام ئۇلار ۋەدە قىلغان ھەق، داچا، ماشىنا دېگەنلەرنى بۇ شىركەتمۇ بېرىدۇ، ئەگەر مۇشۇ ئەمەلىمنىمۇ ساقلاپ قالالمىسام...

كەچتە ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرسام ئىشخانامغا ئۇلاردىن يەنە بىر يوللانما كەلدى، ئېچىپ قارىسام، ۋاھ، ئىلگىرىكىدىنمۇ يۇقىرى ھەق، دىرېكتورلۇق خىزمەت ئورنى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى يېزىپتۇ، يەنە تېخى بۈگۈن كەچنىڭ ئايروپىلان بېلىتىدىن بىرنى قوشۇپ ساپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، شىركەتنىڭ قولۇمدىكى بەزى ھۆججەتلىرىنى ئېلىپ، نەرسىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، بۈگۈن كەچلا يولغا چىقىشىم كېرەك ئىكەن.

ئەمدى ئويلىنىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت قالمىغانىدى، ئۇلار ۋەدە قىلغان يۇقىرى ھەق مېنى ئاخىر بىر قارارغا كەلتۈردى. ئۇلار دېگەن ھۆججەتلەرنى ئالدىم ـ دە، ئۆيگە قايتىپ، بىر قۇر نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئايرودۇرۇمغا ماڭاي دەپ ئىشىكتىن چىقىشىمغا ئىشىك ئالدىدىلا تۇرغان شىركەت لىدىرىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتىم. نېمە دەرمەن، ئېغىز ئېچىشقا مۇۋاپىق سۆز ئويلاپ تۇرسام، ئۇ ئالدى بىلەن ئېغىز ئاچتى.

— بولدى، ھېچنېمە دېمەڭ، بۇ ھۆججەتلەرنى ھازىردىن باشلاپ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن بۆلۈم باشلىقىغا بېرىڭ، — دەپ ئارقىسىغا قارىدى، قارىسام، قول ئاستىمدىكى يېڭى كەلگەن بىر يىگىت تەكەللۇپ بىلەن قولۇمدىن ھۆججەتلەرنى ئېلىپ قالدى.

— بۇ، بۇ... تېڭىرقاپلا قالدىم، ئەجەبا، بىرەرسى مېنىڭ يۆتكىلىش ئىشىمنى بىلىپ قالغانمىدۇ؟!

— سىزگە يەنە بىر گەپنى دەپ قوياي، ئىش قىلغاندا مەنپەئەت ۋە ئېزىقتۇرۇشلارغا ئالدانماي، ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئويلاش كېرەك، بۇ مېنىڭ سىزگە بولغان پىكرىم، ئەپسۇس، ئىمتىھان نەتىجىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالدى. ئەتىدىن باشلاپ باشقا شىركەتلەرگە بېرىپ بېقىڭ، — دېدى باش دىرېكتور ماشىنىغا چىقىشنىڭ ئالدىدا.

— نېمە؟! بۇ، بۇ ئىمتىھانمىدى؟ بۇ... قانداقسىگە... ھەي...

## مەنپەئەت ۋە ئۈمىد

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئاينۇر مامۇت

كىشىلىك جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم مەنپەئەت ۋە ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى رىقابەتكە تولغان ئۆچۈر دەۋرىدە تېخىمۇ شۇنداق. ئادەم ئۆز مەنپەئەتىگە يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن قىلغان ئىشلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىۋاتامدۇ؟ باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىۋاتامدۇ؟ شۇ مەنپەئەتكە قانداق يېتىمەن؟ دېگەنلەرنى ئويلىماي قارىغۇلارچە قىزىقىش ۋە ئىنتىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىۋېرىدۇ، ھەتتا ئۆزىنى شەخسىيەتچى ئاچ كۆز قىلىپ قويىدۇ. يەنە نۇرغۇن ئادەملەر بىر قېتىمدىلا ھەممىنى ئېلىۋېلىشقا، بىر ئولتۇرۇشتىلا ھەممىنى يەۋېتىشكە ئادەتلەنگەن. ناۋادا بىز ئۆزىمىز كۆزلىگەن مەنپەئەتنىڭ كەينىدە يەنە بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى نەزەرگە ئالمىساق، بىزنىڭ ئاچ كۆزلۈكىمىز ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىپلا قالماي يەنە ئۇنىڭدا ئۆزىمىزگە قارىتا بىزارلىق تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈپ قويىمىز ياكى بولمىسا ئۆزىمىزگە پەرۋا قىلماسلىقنى كەلتۈرۈپ قويۇشىمىز مۇمكىن. بىراق، بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا باشقىلارغا ياخشى تەسىرات قالدۇرالىشىمىز مۇمكىن. ئاچ كۆز، شەخسىيەتچى بولساق بۇنداق

پۇرسەت بىزگە بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدۇ. باشقىلارغا ياخشى تەسىر قالدۇرمىساڭ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭغا تەسىر قىلىپلا قالماي، ئوبرازىڭغا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئادەمگە ئوبراز ئىنتايىن مۇھىم. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھازىرقى جەمئىيەتتە كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بىرلا قېتىم ئىشلىتىپ تۈگىتىش خاھىشى يامراپ كەتتى. ئاشۇ كىشىلەر بۇنداق قىلىشنى ئاقىلانىلىك دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئۆز يولىنى ئۆزى ئۈزۈپ تاشلاش ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلاردا ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلغاندا ئالدىنى ئويلاپ، كەينىنى ئويلىمايدىغان، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى دەپ يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىش روھىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىر چۈمۈلىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ قارىماققا ناھايىتى كىچىك جانىۋار. بىراق ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى بىزدەك ئادەملەرمۇ قىلالمايمىز. ئۇ كىچىككىنە جانىۋار بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ياز پەسلىدىن پايدىلىنىپ قىشلىق ئوزۇق - تۈلۈك ئۈچۈن نەچچە ئاي بۇرۇن تەييارلىق قىلىپ، كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن بىزنىڭ بەزى ئادەملىرىمىزدە بۇنداق روھ يوق. يىراقنى كۆرەلمەيدىغان كىشىلەر ئۆز كەلگۈسىنىڭ قانداق بولۇشىنى كۈتۈپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزگىرىش شامىلى ئۇلارنى تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇرتۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇلار قايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقا چۈشۈشىنى، ئۆزىنىڭ قانداق نەرسىنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. لېكىن كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىڭ ئازدۇرۇشىغا بويسۇنمايدىغانلار ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇ مۇۋەپپەقىيەت ئۇلارغا نىسبەتەن مەڭگۈلۈك مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت ھېسابلىنىدۇ. كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت ۋاقىتلىق بولىدۇ. ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى دەپ يىراق كەلگۈسى مەنپەئەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ ئۆزى بىر خاتالىق. يىراقنى كۆرىدىغان ئىقتىدارىڭىز، سىزنىڭ كەلگۈسىڭىز توغرىسىدا ئالدىن ھۆكۈم چىقىرالايدۇ.

ئادەم مۇھىت ۋە تۇسالغۇنىڭ مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئويلاشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك. كونىلار: «دۇنيانىڭ بارلىق زىننىتى ئالدىن كۆرەرلىكتىن كېلىدۇ» دېگەنىكەن. شۇڭا ئۇلار يىراقنى كۆرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا مۇھىم ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا بىرنەچچە قەدەمنى كۆپ ئويلاش، يىراقنى كۆرۈش مەيلى جەمئىيەتتە بولسۇن، مەيلى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بولسۇن تۇرمۇشىمىزغا ئىنتايىن زور

قىممەت ئېلىپ كېلىدۇ. يىراقنى كۆرۈش بىزنى ھەركەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ. كۆڭلىمىزدە بىرەر پىلان بولسا، بىز بىر مۇۋەپپەقىيەتتىن يەنە بىر مۇۋەپپەقىيەتكە يۈرۈش قىلىپ، يېنىمىزدىكى ماددىي شارائىتنى يۈكسىلىش نۇقتىسى قىلىپ تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ ياخشى، كىشىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغان مەنزىلگە يېتەلەيمىز. مۇشۇنداق قىلالىساق مەڭگۈلۈك قىممەت ۋە ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز. يىراق كەلگۈسنى كۆرۈش غايەت زور مەنپەئەت ۋە پۇرسەت دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. يىراقنى كۆرۈش كىشىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى كۈچەيتەلەيدۇ. كىشىلەر قانچىكى يىراقنى كۆرەلىسە، شۇنچە يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ.

شۇڭا، ئادەم ياشىغانىكەن، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، ئوبرازىنى ساقلاپ ئادەمدەك ياشىشى كېرەك. كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى ئويلاپ، يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ ئابرۇيىنى، قەدىر - قىممىتىنى يوقاتماسلىقى، ئالدىن كۆرەرلىك روھىنى ئۆزىگە يېتىلدۈرۈشى كېرەك. مۇشۇنداق روھ بولسىلا، ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى ھەرقانچە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ، مەڭگۈلۈك مۇۋەپپەقىيەت ۋە غەلىبە ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ (55 نومۇر)

بىر باي، ئوغلى كىچىك چاغدىلا خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوغلىنىڭ تەربىيەچىسى بولۇشقا ۋە ئۆيى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بىر ئايال غوجىدار تەكلىپ قىلىپتۇ. ئوغلى ئون نەچچە ياشقا كىرگەندە توساتتىنلا قاتتىق ئاغرىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات بوپتۇ. بۇ باي ئىككى قېتىملىق جۇدالىقنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇزاققا قالمايلا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپتۇ.

باي ۋەسىيەتنامە قالدۇرمىغانىكەن، ئۇنىڭ ھايات تۇغقانلىرىمۇ يوق ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت قانۇنغا ئاساسەن ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى ئىختىيارىغا ئېلىۋاپتۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن قالغان تەۋرۈكلەرنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىپتۇ.

باينىڭ ھېلىقى غوجىدارى نامرات ئىكەن، ئەمما ئۇ خاتىرە سۈپىتىدە بىر تەۋرۈكنى سېتىۋالماقچى بوپتۇ. ئۇ بولسىمۇ بىر پەلەمپەينىڭ تېمىغا ئېسىپ قويۇلغان ئۆزى ئون بەش يىل قارىغان كىچىك غوجايىنىنىڭ رەسىمى ئىكەن، بۇ رەسىم كۆپ يىللاردىن بېرى ئېلىۋېتىلمىگەنىكەن.

كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ئاخىرلىشاي دېگۈچە بۇ رەسىمنى ھېچكىم ئالماپتۇ، شۇڭا پېشقەدەم غوجىدار ئۇنى ناھايىتى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بوپتۇ. ئۇ رەسىمنى ئۆيىگە ياندۇرۇپ كېلىپ ئوبدانىراق بېزىمەكچى بوپتۇ.

ئۇ رەسىم رامكىسىنى چۇۋۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ كەينىدىكى كاردون قەغەزنىڭ ئىچىدىن بىر ۋەسىيەتنامىنى تېپىۋاپتۇ. بۇ ۋەسىيەتنامىنى باي ئوغلى ھايات ۋاقتىدا يازغانىكەن، پېشقەدەم غوجىدار مۇشۇنىڭغا ئاساسەن نۇرغۇن مال - مۈلۈككە ئېرىشىپتۇ.

يۇقىرىقى ماتېرىيالنى ئوقۇپ «ھايات سەممىيلىكنى قەدىرلەيدۇ» ياكى «ئاق كۆڭۈللۈك» دېگەن تېمىنى چۆرىدەپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) يازغىنىڭىز ماتېرىيال مەزمۇنىدىن ۋە بېرىلگەن تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(2) نۇقتىئىنەزەر (باش تېما) چوڭقۇر، قايىل قىلارلىق يورۇتۇلسۇن.

(3) ژانىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ (شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ). ژانىر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنسۇن.

(4) مەزمۇنغا ماس ماۋزۇ قويۇڭ.

(5) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلغان بولسۇن.

(6) ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

ئۈلگە:

## ئاق كۆڭۈللۈك ئەخمەقلىقمۇ؟

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

مايىنۇر تاشتۆمۈر

جەمئىيەت كۈندىن ـ كۈنگە مۇرەككەپلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىز قەدەمدە بىر دېگۈدەك ھەرخىل خاراكتېردىكى تونۇش ھەم ناتونۇش ئادەملەرنى ئۇچرىتىمىز، بەزىلىرىدىن سۆيۈنىمىز، بەزىلىرىدىن يىرگىنىمىز، ئەنە شۇنداق يىرگىنىچلىك كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز. «كۆرگىنىڭدىن كۆپىتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ»، بۇ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان ھېكمەتلىك سۆز. بىز بەزى ئىشلارنى كۆرگىنىمىزدە ياكى ئاڭلىغىنىمىزدا تولىمۇ ھەيران قالىمىز، دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ تولىمۇ سىرلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز، لېكىن بەزى ئىشلارنى ھېس قىلغاندا بولسا، كېچىككەن بولىمىز.

شۇنداق، بىز كىشىلىك تۇرمۇش يولىدا ھەر خىل ئادەملەرنى ئۇچرىتىمىز، خۇش چاقچاق، مېھرىبان، ئېغىر ـ بېسىق، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىمۇ، شۇنداقلا يالغانچى، قارانىيەت ئادەملەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بەزىلەر توغرا يول بىلەن ھالال ياشاپ، كۆڭلىرىنى خاتىرجەم، خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزىدۇ، يەنە بەزىلەر زومىگەرلىك، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئالدامچىلىق... دېگەندەك ئاللىقانداق يوللار بىلەن مال ـ دۇنيا يىغىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنياسى كۆپ بولغىنى بىلەن كۆڭلىرى ئەنسىزچىلىك، غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە ئۆتىدۇ. بەختنىڭ نېمىلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتەلمەيدۇ، گەرچە بۇ خىلدىكى ئادەملەر كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يامان تەسىرى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرگە تۈرلۈك ئاۋارىچىلىكلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، بىر ـ بىرىدىن ئارتۇقچە گۇمانلىنىدىغان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ،

جەمئىيەت تېز ئۆزگىرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەممە كىشى ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش، ھەممە ئۆز غېمىدە. خۇددى «ھەر كىم ئۆز غېمىنى قىلمىسا، يەر يۇتىدۇ» دېگەندەك، مەيلى نېمىلا ئىش قىلسۇن، ئەڭ ئاۋۋال ئويلايدىغىنىمىز ئۆزىمىز، ئاندىن قالسا ئۆزگىلەر. بەزىلەر ھەتتا باشقىلارغا ياردەم بېرىش قولىدىن كەلسىمۇ، ياردەم قىلمايدۇ، يەنە بەزىلەر تېخى ياردەم قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، باشقىلارغا ئورا كولايدۇ، ئۇلاردا توغرا رىقابەت ئېڭى كەمچىل، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىنى خالىماي، ھە دېسىلا ئۇلارغا ئورا كولايدۇ. مانا بۇ دەۋرنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن ئالاھىدە «سوۋغىسى». لېكىن، بىز جەمئىيەتنىڭ بۇنداق بىر قىسمىنى كۆرۈپلا، دۇنيانىڭ رەھىمسىز ئىكەنلىكىدىن ئاغرىنىپ يۈرسەك، «ھەممە ئادەملەر شۇنداق قارا نىيەت بولۇپ كەتتى» دەپ قارىساق بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە جەمئىيىتىمىزدە مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى ئەمەس، ئۆزگىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايدىغان كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلساق بولمايدۇ. ئۇلار ئۈزۈكسىز تۈردە باشقىلارغا ياردەم بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىللىق قولىنى ھاجەتمەن، ئاجىزلارغا سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىللىتىپ كەلمەكتە، ئۇلارغا دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى، ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرماقتا، مانا بۇنداق ئادەملەرمۇ جەمئىيىتىمىزدە ئاز ئەمەس.

قايسى بىر ژۇرنالدىن مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى ئوقۇپ، قەلبىمگە ئىللىق بىر سېزىم تارالدى:

مەلۇم بىر يول تازىلاش ئىشچىسى يول سۈپۈرۈۋېتىپ سومكا تېپىۋاپتۇ، ئۇنى ئېچىپ قارىسا ئىچىدە بىر باغلام پۇل تۇرغۇدەك، ئۇ ئايال نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىر ھازاغىچە تېڭىرقاپ قاپتۇ، ئاخىر ئۇ پۇلنى قايسى يول بىلەن ئىگىسىگە قايتۇرۇش توغرىسىدا باش قاتۇرۇپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، سومكىدا باشقا ماتېرىياللارمۇ بار ئىكەن، ئايال ئاشۇ ئۇچۇرغا ئاساسەن سومكىنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

مانا بۇ ھەقىقىي ئالىيجانابلىق، ئادىمىيلىك، ھەقىقىي بىر ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل پەزىلەت. ئەگەر سومكا تېپىۋالغۇچى قارا نىيەت ئادەم بولغان بولسا، پۇلنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسىمۇ، ھېچكىم بىلمەيتتى، لېكىن ئۇ ئاق كۆڭۈل، پەزىلەتلىك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن سومكىنىڭ ئىگىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ قايتۇرۇپ بەردى. بىز مانا مۇشۇنداق ئىشلارغا يولۇققىنىمىزدا بۇنداق كىشىلەردىن سۆيۈنمەي تۇرالمايمىز. گەرچە جەمئىيىتىمىزدە بۇنداق كىشىلەر ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قەلبىمىزنى ئىللىتىدۇ، بىزگە ئۈمىد ۋە

ئىشەنچ بېغىشلايدۇ.

ئەپسۇس، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغىنى شۇكى، بەزى كىشىلەر ئاق كۆڭۈل، تۈز، ئۆزىنى ئويلىماي، باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان بۇنداق كىشىلىرىمىزنى ئەخمەق دېيىشىۋاتىدۇ. ئەجەبا، ئۇلار راستتىنلا ئەخمەقمىدۇ؟ بۇ ھەممىمىز ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە. شۇنداق، جەمئىيەت تەرەققىي قىلدى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. ئەمما، نۆۋەتتە كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ سۇسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. باشقىلارغا ياخشى نىيەت بىلەن ياردەم قىلىدىغان كىشىلەرنى ئەخمەق، دۆت دەپ ئەيىبلەۋاتقان، ئۆزىنىلا ئويلاپ، باشقىلارنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى بولمايۋاتقان «ئەقىللىق» كىشىلىرىمىزنى ھەر بىر ئۇچراتقىنىمىزدا، ھەقىقەتەن ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز، ئۆزىمىزنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىگە قاتتىق ئېچىنىمىز. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۇرۇندىن تارتىپ مېھرىبانلىقنى، باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە قارا سانىماسلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇشۇپ كەلگەن. ھارام نەرسە ئادەمگە سىڭمەيدۇ، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋېلىش، ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىغان. لېكىن ھازىر، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئاق كۆڭۈل كىشىلىرىمىزنى «ئەخمەق» قاتارىغا چىقىرىدىغان، باشقىلارنى قانچە بابلىيالىسا شۇ ئەقىللىق ھېسابلىنىدىغان غەيرىي بىر خىل ھالەت باش كۆتۈرۈۋاتىدۇ. مانا شۇنداق «ئەقىللىق» كىشىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدىكى «ئەخمەق» لەر ئاق كۆڭۈل، كۆڭلى خۇددى قاردەك ئاپپاق، پاك بولغان كىشىلەردۇر. ئەمەلىيەتتە جەمئىيىتىمىزدىكى ھەقىقىي ئەخمەقلەر دەل ئۆزىدىن باشقىنى كۆرەلمەيدىغان، باشقىلارنى ئازابلاش بەدىلىگە كۈلۈپ ياشايدىغان شەخسىيەتچىلەردۇر. چۈنكى، ئۇلار ھامان يېتىم قالىدۇ، ئەلنىڭ نەزىرىدىن ئاخىر غۇلاپ چۈشىدۇ.

## سەممىيەت مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئاساسى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ھۆرىگۈل شېرىپ

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇ بىر ئۆمۈر ئەلنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادىللىقىدىن سۆيۈنگەن خەلق ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي

ئۇنى ماختايدىكەن. لېكىن پادىشاھ بىر ئۆمۈر پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەپتۇ. شۇ سەۋەبتىن كۆڭلىرى پەرىشانلىقتا ئۆتىدىكەن. بىرەر تەخت ۋارىسى بولمىغانلىقتىن، كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ شەھەردىكى بارلىق باللارنى يىغىپ ئۇلارغا بىر تالدىن گۈل ئۇرۇقى تارقىتىپ بېرىپتۇ ھەمدە مۇشۇ گۈل ئۇرۇقىدىن كىم ئەڭ چىرايلىق گۈل ئۆستۈرەلىسە، شۇنى پادىشاھلىققا تاللايدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ ھەمدە بىر يىل مۆھلەت بېرىپتۇ.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ. مۆھلەت توشقان كۈنى باللار تەشتەكتىكى گۈللەرنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا يىغىلىپتۇ. بۇ گۈللەر بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىكەن. پادىشاھ ئۇلارغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە بولماپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆزى توساتتىن قۇرۇق تەشتەك كۆتۈرۈۋالغان بالىغا چۈشۈپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن يۈگۈرگەن پېتى بالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بالىدىن نېمە ئۈچۈن گۈل ئۆستۈرمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. بالا گۈلنى تېرىغانلىقىنى، لېكىن ھەر قانچە پەرۋىش قىلغان بولسىمۇ، ھېچنېمە ئۆسمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بالىنىڭ سەمىمىيلىكىدىن تەسىرلەنگەن پادىشاھ بالىنى ۋارىسلىققا تاللاپتۇ. ئەسلىدە پادىشاھ باللارغا تارقىتىپ بەرگەن گۈل ئۇرۇقى قورۇۋېتىلگەن بولۇپ، ھېچنېمە ئۈنمەيدىكەن. ئەلۋەتتە شۇ بالىنىڭ سەمىمىيلىكى بولمىسا پادىشاھلىققا تاللىنارمىدى؟ باشقا باللارمۇ سەمىمىيەتسىزلىك قىلىپ باشقا گۈل ئۇرۇقلىرىدىن گۈل ئۈندۈرمىگەن بولسا ھەممىدىن قۇرۇق قالماس ئىدى.

ئىلىم - پەن ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلغان، تۇرمۇش رىتمى بارغانسېرى تېزلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە كىشىلەرنىڭ كاللىسى كومپيۇتېرلىشىپ، يۈرىكى تۆمۈرلىشىپ كېتىۋاتامدۇ - قانداق؟ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت تاۋارغا ئوخشاش بازارغا يۈزلىنىپ، پۇل، مال - دۇنيا ئۆستىگە قۇرۇلىدىغان بولۇپ قالدى. سەمىمىيەتسىزلىك ئەۋج ئېلىپ كىشىلەر بىر - بىرىنى ئالدايدىغان، بىر - بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، دادا ئوغلىدىن، ئانا قىزىدىن گۇمانلىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

سەمىمىيەت مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئاساسى. مېھىر - مۇھەببەتسىز ھايات خۇددى سۇسىز تۇپراققا ئوخشاش چاك - چاكىدىن ئاجراپ، بارا - بارا گىياھسىز چۆلگە، سۇسىز كۆلگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى، سەمىمىيلىكنىڭ سۇسلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى كىچىكىدىن سەمىمىيلىك توغرىسىدا تەربىيەلىشى يېتەرلىك

بولمىغانلىقتىن، باللار، ياش نوتىلار سەممىيەتسىزلىك ھاۋاسىدا بۇلغىنىپ بارماقتا. ئاتا - ئانىلار كىچىككىنە باللىرىغا: «بالام، مېنى بىرى ئىزدىسە يوق دەپ قوي»... دېگەندەك سۆزلەرنى دېيىش ئارقىلىق كىچىككىنە نوتىنىڭ قەلبىدە سەممىيەتسىزلىك بىخلىرىنى ئۇيغىتىۋاتىدۇ. ئاتا - ئانا بولغان كىشى چېغىدا شۇنداق تۇرسا باشقىلاردىن ئاغرىنىشقا نېمە ھەققىمىز بار؟

جەمئىيىتىمىز راستتىنلا سەممىيەتكە، مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج. ھاياتىمىزنى، جەمئىيىتىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل بولسۇن دەيدىكەنمىز، چوقۇم سەممىيلىكنى ئۆزىمىزدىن، ئەتراپىمىزدىن، پەرزەنتلىرىمىزدىن باشلىشىمىز، دۇنيانى مېھىر - مۇھەببەت گۈللىرى بىلەن بېزىشىمىز كېرەك.

## سەممىيەتنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئامىنەم مەتتۇرسۇن

ئۆزۈڭنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇر! ئىشەنچ چوقۇم ئىللىق پۇراق تارقىتالايدۇ. ئىشەنچ ئويغاتقان سېھرىي كۈچ قەلبىنىڭ بىر خىل تەۋرىنىشى. ئۇنىڭ مەنبەسى سەممىيەت. سەممىي ئىشەنچ شۇنچىلىك سېھرىي كۈچكە ئىگە، ئۇ بۇ جاھاندا ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە تەشنا كىشىلەر تولىمۇ كۆپ، ئىشەنچ ئالدىدا ئادەملەر ساختا نىقابنى تاشلاپ، ئەركىن - ئازادە نەپەسلىنەلەيدۇ. ھېچنېمىدىن قورقماي سەممىيەت بىلەن ئادەم بولالايدۇ.

— داۋىي ھامسىن

سەممىيەت توغرىسىدا گەپ بولۇنغاندا، «بارغانسېرى سەممىيەت سۇسلاۋاتىدۇ، ھازىر دېگەن ئادەمگە ئىشەنگىلى بولىدىغان زامان ئەمەس...» دېگەندەك سۆزلەر جەمئىيەتتە بارغانسېرى ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەشكە باشلىدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر «باشقىلارغا ئىشەنمەسلىك ئىدىيەسى» نى مۇستەھكەملەشكە ئاكتىپ كۈچ قوشماقتا، ھەتتا نۇرغۇنىمىز قوشنىمىزدىن، دوست - يارەنلىرىمىزدىن قاقشايمىز، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بىر ياتاقداش تۇرۇپ، ياتاقداشلىرىنىڭ نەرسىلىرىگە چېقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويسا، قويغان نەرسە جايىدا تۇرمىسا، بۇ تېخى ئەتراپىمىزدىكى ئەڭ ئاددىي، ئەمما بىزگە ياندىشىپ تەڭ زورىيىۋاتقان ئەھۋال. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارمۇ ھازىرغىچە: «بالام،

خەققە ئىشىنىپ كەتمە» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. كىچىك ۋاقتىمىزدىكى ئىشلار ئۇنىڭدىنمۇ قىزىقارلىق. تېخىچە ئېسىمدە، ئاپام دائىم: «قاچاڭدىكى تامىقىڭنى پاك - پاكىز يەۋەتسەڭ، داداڭ ئاخشاملىقتا ساڭا ئويۇنچۇق ئالغاچ كېلىدۇ» دەيتتى. لېكىن، ئۇ نەچچە قېتىم دېگەندىن كېيىن ئاران بىرنەچچە قېتىملا ئەمەلىيلەشەتتى. كېيىنچە مەنمۇ ئالدانماس بولۇپ قالدىم. بۇ بىزگە قىلىنغان زىيانكەشلىك بولماي نېمە؟ چوڭلارنى دوراپ بىزمۇ «يارامىلىق ئەۋلاد» بولۇپ يېتىشىپ چىقتۇق ھەم يېتىشىپ چىقىۋاتىمىز...

ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئۇنداق ئىشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەتراپىمىزدا كىشىلەرنىڭ، دوستلارنىڭ، ساۋاقداشلارنىڭ قىلغان گەپلىرىگە ئىشەنمەي: «راستمۇ - يا؟»، «ھەي، راست گەپنى قىلە» دېيىشلىرىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇمۇ بىر تىپىك مىسال. ئەسلىدە سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك ئاتا - بوۋىلىرىمىز ياشىغان زامانلاردىن تارتىپ، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت، ئادىمىيلىك مىزانى بولۇپ كەلگەن، ئاتا - بوۋىلىرىمىز يالغانچىلىق، كاززاپلىقنى ئۆلۈمدىن ئارتۇق كۆرگەن. كىلاسسىك شائىر، يازغۇچى، ئالىملىرىمىزمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئادەمنىڭ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل بولغاندا ھەقىقىي گۈزەللىككە يېتەلەيدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت شاپائىتىگە نائىل بولالايدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان، يالغانچى، ساختىپەز، كاززاپلىقنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالغان ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىلا ئەمەس، ئۇ دۇنيادىمۇ ئاسايىشقا، سائادەتكە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى، خەلقنىڭ نەپرىتىگە قالىدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلىپ ئۆتكەن. بىزچۇ؟ بىز شۇلارنىڭ ئەۋلادى ئەمەسمۇ؟ بىزگە بۇ يوقۇملۇق كېسەل نەدىن يۇقتى؟ بۇ ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم مەسىلە. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ياشىغان دەۋردە سەمىمىيلىك ئالىي ئەخلاق ھېسابلانسا، ھازىرچۇ؟ سەمىمىي ئادەملەر بوزەك قىلىش، ئالداش، مازاق قىلىش ئوبيېكتى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بەزىلەر تېخى ئوبرازلىق سۆزلەر بىلەن «يۇمشاق باش» دەپمۇ قوييدىكەن تېخى. ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىمنى ئېيتسام، خېلى بىلىملىك زىيالىيلارنىڭمۇ ئولتۇرۇش، يىغىلىشلاردا «ئاھ ۋەتەن»، «جېنىم ئانا» تېمىسىدىكى لېكسىيەلەرنى توختىماي سۆزلەيدىغانلارنىڭمۇ ئۆزى ئەتراپىدىكىلەرنى، ئوقۇغۇچىلىرىنى، ھەتتا بالىلىرىنى ئەيىبلەپ «ئاشۇنچىلىك گەپنىمۇ قاملاشتۇرالمايدىغان دۆت، دائىم چاتاقلا تېرىپ بېرەمسەن ماڭا...» دېيىشلىرى بىزنى ئويلاندۇرىدۇ، بىز «قىلدىن كەتتىڭ قىرىقتىن كەتتىڭ»

دېگەن ئەقلىيەنى بىلىمىز. بۈگۈنكى بىپەرۋالىق ئەتىكى بەختسىزلىكنىڭ يىلتىزىدۇر. سەمىمىيەت جان دېمەكتۇر. جان بولغاندىلا، تەندە راھەت، ئەلدە شاپائەت، دىلدا سائادەت مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ.

دوستلار، قېرىنداشلار، بىز جېنىمىزنى قەدىرلەيلى. جانسىز مۇردا باشقىلارغا يۈك بولسا بولىدۇكى، ئۇنىڭ قىممىتى بولمايدۇ.

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئۆزلەشتۈرۈش (جەمئىي 55 نومۇر)

25. بىر زوئولوگ (ھايۋاناتشۇناس) ئافرىقا يايلىقىدىكى ئورىنچ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ياشايدىغان بۆكەنلەرنى مەخسۇس تەتقىق قىلىپتۇ ھەمدە شەرقىي قىرغاقتا ياشايدىغان بۆكەنلەرنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىنىڭ غەربىي قىرغاقتىكى بۆكەنلەرنىڭكىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلار مىنۇتىغا 31 مېتىردىن تېز يۈگۈرىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەر ئىككى قىرغاقتىكى بۆكەنلەرنىڭ ياشاش مۇھىتى، تۇرى ۋە ئوت - چۆپلىرى ئوخشاش ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەربىر قىرغاقتىن 10 دىن بۆكەننى تۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ قويۇپتۇ. نەتىجىدە شەرقىي قىرغاققا يۆتكەلگەن 10 بۆكەن بىر يىلدىن كېيىن 14 كە كۆپىيىپتۇ. غەربىي قىرغاققا يۆتكەلگەن 10 بۆكەندىن بولسا ئاران ئۈچىلا قاپتۇ، يەتتىسىنى بۆرىلەر يەپ كېتىپتۇ.

سىز بۇ ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شەرقىي قىرغاقتىكى بۆكەنلەرنىڭ كۈچلۈك ھەم ساغلام بولۇشىغا يېقىن ئەتراپىدا ياشاۋاتقان بىر توپ بۆرىلەرنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى، غەربىي قىرغاقتىكى بۆكەنلەرنىڭ ئاجىز ھەم كىچىك بولۇشىغا ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ھېچقانداق خەتەرنىڭ يوقلۇقى سەۋەبچى بولغانلىقىنى چوقۇم بىلىپ بولدىڭىز.

رەقىبسىز ھايۋانلار ھەمىشە ئەڭ ئاۋۋال يوقىلىدۇ، رەقىبى بار ھايۋانلار بولسا بارغانسېرى ئاۋۇپ، زورىيىدۇ. تەبىئەتتىكى بۇ خىل ھادىسە ئىنسانلار جەمئىيىتىدىمۇ ئوخشاش مەۋجۇت.

«رىقابەتچىسى بولۇش ئادەمگە ئىچكى ئېنېرگىيە ئاتا قىلىدىغانلىقى»نى مەزمۇن قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ. يازغىنىڭىز تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن، مەزمۇن ئىجادىي بولسۇن، دىققەت! ماۋزۇ ئىجادىي قويۇلسۇن.

تەلەپ:

(1) باش تېمىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ.

(2) ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ، ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ.

(3) ھەجمى بىر يېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن.

(4) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلەر جايىدا قويۇلغان بولسۇن.

(5) ئادەم ئىسمى ۋە يەرناملىرىنى يېزىش توغرا كەلگەندە ×× ئارقىلىق ئىپادىلەڭ.

ئۈلگە:

## بىز ۋە رىقابەت

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئارزۇگۈل ئابلىمىت

رىقابەت ـ دەۋر چاقىنى تېزلىتىدىغان، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. رىقابەت ـ شەخسنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىپادىلىشى ۋە ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئېنېرگىيە.

پۈتۈن دۇنيا ئۇچۇرلىشىشقا، ئىقتىساد يەرشارىلىشىشقا، تورلىشىشقا يۈزلىنىپ دۇنيانىڭ ئۇ چېتى بىلەن بۇ چېتى بىر گەۋدىلىشىپ يىراق يېقىنلىشىۋاتقان، بىلىم چاقماق تېزلىكىدە يېڭىلىنىۋاتقان، مائۇسنى بىر چېكىش بىلەن دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردىن ئەڭ كىچىك ئىشلارغىچە ھەممىنى بىلگىلى بولىدىغان بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە بىخۇدلۇق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، يېڭىچە رىقابەت قارىشى تىكلەش ھەقىقەتەن زۆرۈر. توختىماي چېلىنىۋاتقان رىقابەت سىگناللىرى بىزنى ھەر ۋاقىت يېڭى جەڭ، يېڭى كۈرەشلەر قايىنىمىغا چاقىرىۋاتىدۇ. بۇ قايىنامدا شەرەپ تۇغىغا ئېرىشىش ۋە ياكى ئېرىشەلمەسلىك سىزدە ئۇنىۋېرسال رىقابەت كۈچىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا باغلىق.

دېمەك، رىقابەت، خىرىس تۈيغۇسى ھازىرقى زامان كىشىلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم سۈپەت، ساپالارنىڭ بىرى، رىقابەت ئېڭىنىڭ مۇھىملىقىنى ھايۋانشۇناس دارۋىن ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزىرىيەسى» تەلىماتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان. دارۋىن «مۇھىتقا ماسلىشالىغانلار تاللىنىدۇ، مۇھىتقا ماسلىشالمىغانلار شاللىنىدۇ» دېيىش ئارقىلىق رىقابەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش، ھاياتلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى رەقىبى يوق ھايۋانلار ئاۋۋال يوقىلىپ، رەقىبى بار ھايۋانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، زورىيىدىغان، يەنى رىقابەت ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان ھادىسىلەر ئىنسانلار جەمئىيىتىدىمۇ ئوخشاش

مەۋجۇت. شۇنى ئېنىق تونۇپ يېتىش كېرەككى، رىقابەت بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىش، بىر - بىرىگە ئورا كولاش، بىر - بىرىنىڭ پۇتىغا پالتا ئۇرۇش، رەشك - ھەسەت ئوتلىرى بىلەن بىر - بىرىنى كۆيدۈرۈپ، كۆلىنى كۆككە سورۇش دېگەنلىك ئەمەس. ئەلۋەتتە، رىقابەت ئۆزئارا ھەمكارلىق، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق بايرىقى ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ، باشقىلارنىڭ ئىلغار تەجربە - ئۇسۇللىرىنى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز - ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ۋە بېيىتىپ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى، ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ، دەۋرنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ نىشان مەنزىلگە يېتىپ بارالايدىغان ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە ئالىم، پەيلاسوپ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئىقتىدار رىقابىتى ئۆز رىقابەتداشىنىڭ بىلىم ۋە قابىلىيەت قاتلاملىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ھۆرمەتلىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىشى ياكى تەڭداشلىق سەۋىيەسىدىن چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاقىلانە، ھالال ۋە مەردانە تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت. ئىقتىدار رىقابىتى مىللەتكە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى كۆپەيتىدىغان، سۈپەت جەھەتتە تاكامۇللاشتۇرىدىغان، جەمئىيەت راۋاجىغا مەنپەئەتلىك بەيگە! ئۇ مەنۋى قاتىللىق، روھىي قاراقچىلىق ھېسابلانغان پەسكەش ھەسەت بىلەن چىقىشالمايدۇ» دېگەنىدى. ئالىمنىڭ بۇ سۆزلىرى بىزنىڭ رىقابەت ۋە توغرا رىقابەت ئېڭىغا بولغان چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىدۇ. مېنىڭچە، توغرا رىقابەت ئېڭى تۇرغۇزۇش ھەر بىرىمىز ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭنىڭ بوكس چولپىنى نىجات ھۇسەنمۇ ۋۇجۇدىدا رىقابەت كىرىزىسى ئويغانغان ياش، ئۈمىدلىك بوكسچى. ئۇنىڭ «بوكس سەھنىسىدە يىقىلىش نومۇس ئەمەس، يىقىلغاندا ئورنىدىن تۇرالماسلىق نومۇس» دېگەن قاراشىنى ئۆزىنىڭ قىبلىنامىسى قىلىپ، رىقابەت شارقىراتمىلىرىدا تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، يۈز - كۆزلىرى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتسىمۇ جاپا - مۇشەققەتنى، ھېرىش - چارچاشنى ئۇنتۇپ، رىقابەت ئالدىدا قىلچە بوشاشماسلىق، قىلچە تەۋرەنمەسلىكتەك روھنى يېتىلدۈرۈپ چىدام - غەيرەت، ئىرادە - ئىشەنچ رىقابىتىدە، قەيسەرلىك، جەسۇرلۇق تالىشىش رىقابىتىدە، ئەڭ مۇھىمى ۋەتەننىڭ، خەلقىنىڭ شان - شەرىپىنى، ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش، قوغداش رىقابىتىدە ئەڭ ياخشى ھالەتنى ساقلاپ، ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىشتەك ئېسىل روھى ھەممىمىزنى قايىل قىلماي، ئاپىرىن ئېيتقۇزماي قالمايدۇ. ئەنە

شۇ خىرىس تۈيغۇسى، توغرا رىقابەت ئېڭى نىجات ھۆسەننى 2005 - يىلى پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئاسىيا ياشلار بوكس لەۋھە تالىشىش» مۇسابىقىسىدە ئۈچىنچىلىككە، 2006 - يىلى 12 - ئايدا قازاقىستاننىڭ قاراغانە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارا بوكس تەكلىپ مۇسابىقىسى» دە چېمپىيونلۇققا، 2007 - يىلى 3 - ئايدا گۇاڭدۇڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى» دە چېمپىيونلۇققا ئېرىشتۈردى. تىرىشچانلىق، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىش، ئىرادىدىن قورغان ھاسىل قىلىش، رىقابەتنى ئۆزىنى چېنىقتۇرىدىغان پۇرسەت دەپ بىلىش روھى نىجات ھۆسەننى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇسابىقىلەرنىڭ شان - شەرەپ تەختىگە، ھۆرمەت گۈللىرىگە ئىگە قىلدى. جەمئىيىتىمىزگە نەزەر سالىدىغان بولساق، نىجات ھۆسەندەك رىقابەتكە كۆلۈپ باقالايدىغان كىشىلىرىمىز ھەقىقەتەن كۆپ. «ئارمان گۇرۇھى»، «ئىخلاس شىركىتى»، «مىڭ يىل خەلقئارا سودا چەكلىك شىركىتى» ۋە «ئىلچى»، «مۆتىۋەر»، «يارىشىم»، «خانىش» قاتارلىق مەخسۇس كىيىم - كېچەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان گۇرۇھ شىركەتلەر نەچچە ئون مىڭلىغان شىركەتلەر ئارا ئېلىپ بېرىلىدىغان خىلمۇخىل رىقابەت جېڭىدە ئۈزۈپ چىقىپ، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ، رايونىمىزدا ئالدىنقى قاتاردىكى، كۆزگە كۆرۈنگەن مىللىي كارخانا - شىركەتلەرگە ئايلاندى.

يۇقىرىقى پاكىتلار بىزگە رىقابەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. بىزمۇ پارلاق ئىستىقبال يارىتىش ئۈچۈن ۋاقىت بىلەن رىقابەتلىشىپ، ھەر بىر مىنۇت، سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، ئىلىم - پەننىڭ يۇكسەك چوققىسىغا چىقىش ئۈچۈن، پەن - مەرىپەت ئاسمىنىنىڭ نۇرلۇق چولپىنىغا ئايلىنىش ئۈچۈن رىقابەتنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىپ، رىقابەتنى پۇرسەت دەپ بىلىپ گۈزەل ئەتىمىز ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرايلى! بىزنى كۈتۈۋاتقان خىرىسلارغا دادىللىق بىلەن يۈزلىنەيلى! رىقابەت بەيگىسىدىكى تۇلپارلاردىن بولۇشقا تىرىشايلى!

## رىقابەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

گۈلنىگار ئابدۇكېرىم

ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان 21 - ئەسىر كىشىلەر ھەرخىل خىرىسقا

دۇچ كېلىپ، جاپالىق تىرىشىپ ئىزدىنىۋاتقان، رىقابەتلىشىۋاتقان، ئىلىم - پەن، كەسىپ ئۈستىدە هارماي ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىۋاتقان ئەسىر. بۇ يېڭى ئەسىردە كىشىلەر پەن - تېخنىكا، ئىلىم - پەن، خىزمەت، تۇرمۇش، ئۆگىنىش ئەڭ ئاددىيسى ياشاشتىمۇ نۇرغۇن خىرىسقا، رىقابەتكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى تۇرمۇش، خىزمەت، ئوقۇ - ئوقۇتۇشتىكى ھەرخىل بېسىم، روھىي جىددىيلىشىشلەر بىزنى تەبىئىي ھالدا رىقابەتكە يۈزلەندۈرۈپ قويىدۇ.

ئادەم ھەر قانداق جاي، ھەرقانداق ئورۇن، ھەرقانداق مۇھىتتا رىقابەتكە دۇچ كېلىدۇ. رىقابەت ئېغىر تۆۋەن، بوشاڭ، ئاجىز ئادەملەر ھەر قاچان شاللىنىپ، بىلىملىك، رىقابەت ئېغىر كۈچلۈك، قابىلىيەتلىك كىشىلەر ھامان ھەر يەردە تاللىنىدۇ، مانا بۇ رىقابەتنىڭ كۈچى. رىقابەتسىز كەلگەن ئۇتۇق ئۇزاققا بارمايدۇ. شۇڭلاشقا بىز مۇستەھكەم سولماس روھ، ئىنتىلىشچان رىقابەت ئېغىر بىلەن تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز ھەم مۇشۇنداق روھنى، ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم.

بىر ھايۋانشۇناس ئافرىقا يايلىقىدىكى ئورىنچ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ياشايدىغان بۆكەنلەرنى مەخسۇس تەتقىق قىلىپتۇ ھەمدە شەرقىي قىرغاقتا ياشايدىغان بۆكەنلەرنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىنىڭ غەربىي قىرغاقتىكى بۆكەنلەرنىڭكىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مىنۇتىغا 31 مېتىر يۈگۈرەيدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككى قىرغاقتىكى بۆكەنلەرنىڭ ياشاش مۇھىتى، تۈرى ۋە ئوت - چۆپلىرى ئوخشاش ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەربىر قىرغاقتىكى 10دىن بۆكەننى تۇتۇپ ئۇلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ قويۇپتۇ. نەتىجىدە شەرقىي قىرغاققا يۆتكەلگەن 10 بۆكەن بىر يىلدىن كېيىن 14كە كۆپىيىپتۇ. غەربىي قىرغاققا يۆتكەلگەن 10 بۆكەندىن بولسا پەقەت ئۈچىلا قاپتۇ، يەتتىسىنى بۆرىلەر يەپ كېتىپتۇ. بۇ ھېكايىدىن شەرقىي قىرغاقتىكى بۆكەنلەرنىڭ كۈچلۈك ھەم ساغلام بولۇشىغا يېقىن ئەتراپتا ياشاۋاتقان بىر توپ بۆرىلەرنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى، غەربىي قىرغاقتىكى بۆكەنلەرنىڭ ئاجىز ھەم كىچىك بولۇشىغا ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ھېچقانداق خەتەرنىڭ يوقلۇقى سەۋەبچى بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. رەقىبسىز ھايۋان ئەڭ ئاۋۋال يوقىلىدۇ، رەقىبى بار ھايۋانلار بولسا بارغانسېرى ئاۋۇپ زورىيىپ بارىدۇ. تەبىئەتتىكى بۇ خىل ھادىسە ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئوخشاشلا مەۋجۇت. رىقابەتسىز تۇرمۇش تەمسىز تاماققا ئوخشايدۇ. رىقابەت بولسا ھەرقانداق ئىش قىيىن بىلىنمەيدۇ، چۈنكى جەمئىيەتتە ئاجىزلار شاللىنىدۇ، كۈچلۈكلەر تاللىنىدۇ.

رىقابەت ئادەمگە ئىچكى ئېنېرگىيە ئاتا قىلىدۇ. ئۇ ئادەمنى ئىزدىنىشكە،

ئالغا بېسىشقا، تىرىشىشقا ئۈندەيدۇ. مەسىلەن، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى رىقابەتچان، رىقابەت ئېڭى كۈچلۈك بولۇپ كېتىدۇ، بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ رىقابەتلىشىپ ئۆگىنىدۇ. رىقابەت ئۇلارغا ئىچكى ئېنېرگىيە ئاتا قىلىدۇ. ئەمما ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەن بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلار ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ رىقابەتلىشىشتىن قورقىدىغان، رىقابەتلەرگە يۈزلىنەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى پەقەتلا ئالىي مەكتەپلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى جەمئىيەتتە نۇرغۇنلىغان كەسىپ، ساھەلەر كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۇنىڭغا يۈزلىنەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلاردا رىقابەت ئېڭى كەم، ئۇلار جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، باشقا كەسىپ، ساھەلەردە ئىزدىنىپ رىقابەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىسە، ئۇلارنىڭمۇ ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ياشلار يېڭىلىق يارىتىش روھىمىز بىلەن رىقابەت مەيدانىغا قەدەم تاشلاپ، ئىرادىمىزنى چىڭىتىپ، روھىي دۇنيايىمىزدىكى چۈشكۈنلۈكنى، زەئىپلىكنى تاشلاپ ئىلغارلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەربىر قەدىمىمىزدە رىقابەت ئېڭى تۇرغۇزۇپ، يېڭى - يېڭى رىقابەتكە يول ئېلىشىمىز لازىم. چۈنكى رىقابەتتە كىم ئاجىز بولسا، شۇ مەغلۇپ بولىدۇ. رىقابەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى ھەم ئىچكى ئېنېرگىيەسىدۇر.

## رىقابەت تەرەققىياتنىڭ ئاساسى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

نۇربىيەگۈل ھەبىبۇل

جەمئىيىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە تەرەققىي قىلىدىغان جەمئىيەت. ئەمما بۇ تەرەققىيات نەدىن كەلگەن؟ بۇ دەل رىقابەتتىن كەلگەن. رىقابەتسىز تەرەققىياتنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. ئادەم بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەن «مەن ياشىدىم، باشقىلار ماڭا ھەۋەس قىلغۇدەك ياشىيالىدىم» دېيەلىشى كېرەك. «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى» دىمۇ ماسلىشالىغانلار ھايات قالىدۇ، ماسلىشالمىغانلار شاللىنىدۇ.

شۇنداق، بۇ ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتى. ئەتراپىمىزغا قارىسىڭىز، يەر شارىدا ياشاپلا قالماي، يەنە ئاي شارىدا ساياھەتتە بولۇۋاتقانلارمۇ بار، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم. قەيىرى بىزدىن ئارتۇق؟ پەقەت ئۇلارنىڭ رىقابىتى بىزدىن

كۈچلۈك. ئۇلار چېكىنىشنى خالىمايدۇ، ئىلگىرىلەشنىلا خالايدۇ. ئۇلاردا رىقابەت ئېڭى ئاللىبۇرۇن شەكىللەنگەن. شۇڭا، بىزدىمۇ «باشقىلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ مەن نېمە قىلىۋاتىمەن؟» دېگەندەك رىقابەت ئېڭى جەزمەن بولۇشى كېرەك. شۇندىلا ھەقىقىي تەرەققىيات يولىغا ماڭالايمىز؟ ئەگەر ماتېرىيالدا بېرىلگەن بۆكەنلەردەك، ھېچقانداق تەييارلىق ۋە ئاڭ بولمىغان ھالدا يۈرۈۋەرسەك، رىقابەت مەيدانىدا تۇرالمىغان بۆكەنلەردەك ھالغا چۈشۈپ قالىمىز. ئەمما رىقابەتتىكى بۆكەنلەر تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. رىقابەت ئۇلارنى يەڭگۈچىگە ئايلاندۇردى.

بىز ئىنسانلارمۇ شۇنداق رىقابەت ئىچىدە ياشايمىز، 21 - ئەسىر رىقابەت دەۋرى. بۇ بىز ئەڭ كۆپ ئاڭلايدىغان سۆز، ئەمما ھەقىقىي رىقابەت جېڭىگە چۈشكەن چېغىمىزدا، بۇنىڭ ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى ئاندىن چۈشىنەلەيمىز.

ئەگەر ئەتراپىتىكى مۇھىت ساڭا رىقابەت پۇرسىتى يارىتىپ بەرمىسە، سەن يەنە بىر خىل ھالەتتە تۇرۇۋېرىشىڭ مۇمكىن. مەسىلەن، كۆپ قىسىم كىشىلەر ئويۇنلىرىنى ئويناپ، كۈنلىرىنى بىكارغا ئۆتكۈزسە، سەن ئۆزەڭنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىزدەنسەڭ، كىتاب كۆرسەڭ، بىر كۈنلەردە باشقىلار كەسكىن رىقابەت مەيدانىدا پۇت تىرەپ تۇرالماي، شاللىنىپ كەتكىنىدە، سەن بېشىڭنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرەلەيسەن.

ئەتراپىمىزغا قارىساق، ئىزدىنىۋاتقانلار، رىقابەت ئۈچۈن قىلىچىنى راۋرۇس بىلەۋاتقانلار يەنىلا كۆپ. باشقىلار قىلغاننى مەن نېمىشقا قىلالمايمەن؟ ئۇلارنىڭ نەرى مەندىن ئارتۇق؟ دەيدىغان ئاڭ بىزدە چوقۇم بولۇشى كېرەك. ئۆز - ئۆزىمىزنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈپ، رىقابەتكە دائىم تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك.

جەمئىيىتىمىز تېخىمۇ كۈچلۈك يېڭىچە رىقابەتكە دۇچ كەلمەكتە. پەن - تېخنىكا، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇستۇنلۇكىنى ئىگىلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن بىزدە يېڭىچە تەپەككۇر كۆزقارىشى، يېڭىچە ئاڭ، يېڭىچە جۇغلانمىلار بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىكى قاتماللىقنى، چۈشكۈنلۈكنى، زەئىپلىكنى تازىلاپ، بوران - چاپقۇنلاردىمۇ يىمىرىلمەيدىغان رىقابەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ (جەمئىي 55 نومۇر)

بىر ئادەمنىڭ پالتىسى ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ئۆستەڭنىڭ بويىدا يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىغان بايلىق ئىلاھى ئۆستەڭگە چۈشۈپ، پالتىسىنى تېپىپ بەرمەكچى بوپتۇ ۋە ناھايىتى تېزلا بىر دانە ئالتۇن پالتىنى سۈزۈپ چىقىپتۇ. ھېلىقى ئادەم بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ: «بۇ مېنىڭ پالتام ئەمەس» دەپتۇ. بايلىق ئىلاھى ئىككىنچى قېتىم كۈمۈش پالتىدىن بىرنى سۈزۈپ چىققانىكەن، ئۇ يەنە بېشىنى چايقاپتۇ. ئاخىردا بايلىق ئىلاھى بىر تۆمۈر پالتىنى سۈزۈپ چىقىپتۇ. ھېلىقى ئادەم: «مەن چۈشۈرۈۋەتكەن پالتا مۇشۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بايلىق ئىلاھى ئالتۇن پالتا ۋە كۈمۈش پالتىنىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇپ بېرىۋېتىپتۇ.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بىر ئاچ كۆز ئەبلەخ پالتىسىنى قەستەن ئۆستەڭگە تاشلىۋېتىپتۇ. ھايال ئۆتمەيلا بايلىق ئىلاھى بىر دانە ئالتۇن پالتىنى سۈزۈپ چىقىپتۇ، ئۇ تېخى ھېچنېمىنى سورىماي تۇرۇپلا، ھېلىقى ئاچ كۆز: «مېنىڭ پالتام مۇشۇ شۇ» دەپتۇ. ئۇنىڭ سەممىيەتسىزلىكىدىن غەزەپلەنگەن بايلىق ئىلاھى ئالتۇن پالتا بىلەن تەڭلا غايىب بوپتۇ. ئۇ ئاچ كۆز شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ پالتىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قاپتۇ.

شۇنداق، سەممىيەت بولمىسا، ئۇنىڭغا نەدىكى ئالتۇن پالتا ئىكەن؟ ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ پالتىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. مانا بۇ يۇقىرىقى پەلسەپىۋى چۆچەك بىزگە يەتكۈزگەن ئەقلىي خۇلاسە.

سەممىيلىك بىر ئىجتىمائىي تېما، ئۇ ئادەمگە ئادىل جاھاندارچىلىق قىلىدىغان پەزىلەتنى ئاتا قىلىدۇ.

«سەممىيلىك»نى تېما قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) تاللىغان ماتېرىيال مەزمۇنى ئاساسىدا ئىدىيەنى توغرا ئىپادىلەڭ. ئەسەر ماتېرىيال مەزمۇنىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(2) ژانىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ.

(3) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلسۇن.

(4) ھەجمى بىر يېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن.

ئۈلگە:

## سەمىمىيلىك ئېسىل پەزىلەت

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

مەريەمگۈل غوپۇر

سەمىمىيلىك — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى. قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەر سەمىمىي بولۇشنى ئادەم بولۇشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئۆلچىمى دەپ قاراپ كەلدى. بۇ قاراشتىن قىلچە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. جەمئىيەتنىڭ بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللەپ ياشنىشىنىمۇ سەمىمىيلىكنىڭ ئىپادىسىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. سەمىمىيلىك مەيلى ئۆزئارا دوستلۇقتا بولسۇن ياكى بىر ئائىلە كىشىلىرى ئارا بولسۇن، تىجارەت ئىشلىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ياكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بولسۇن ھەممىسىدە كەم بولسا بولمايدۇ. بولۇپمۇ مائارىپ خىزمىتى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا سەمىمىيلىك روھى كەم بولسا تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ياشلار - ئۆسمۈرلەر ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى، ئۇلارنىڭ قانداق تەربىيەلىنىپ چىقىشى دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شۇڭا ھەر بىر ئادەم باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا، ئۆزئارا مۇئامىلىدە بولغاندا، ئۆزئارا ياردەم بەرگەندە چوقۇم ئۇلار ئوتتۇرىسىدا سەمىمىيلىك بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ خىل ئالاقە، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۇزۇنغا بارمايدۇ. سەمىمىيەتسىزلىك، يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىقلار ئادەمنى ئاقىۋەتتە «بۆرە كەلدى» ھېكايىسىدىكى پادىچى بالىغا ئوخشاش ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار قىلىدۇ. ئەگەر بالا دەسلەپ كىشىلەرنى بىرنەچچە قېتىم ئالدىمىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالمىغان بولسا بىر مۇنچە قويلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتى. شۇڭا، ھەر بىر ئادەم باشقىلار ئارىسىدا، ئۆز مۇناسىۋەت تورى دائىرىسىدە مۇستەھكەم بولغان ئىشەنچ مۇنارى تىكلىشى ئىنتايىن مۇھىم.

مەسىلەن، يۇقىرىقى ماتېرىيالغا قارايدىغان بولساق، راستچىل، سەمىمىي ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆز سەمىمىيلىكى بەدىلىگە ئۆز پالتىسىدىن باشقا يەنە ئالتۇن پالتا ۋە كۈمۈش پالتىلارغىمۇ ئىگە بولدى، ئەكسىچە ھېلىقى ئاچ كۆز ئادەم بولسا سەمىمىيەتسىزلىكى، يالغانچىلىقى تۈپەيلى ئۆزىنىڭ پالتىسىدىنمۇ ئايرىلىپ

قالدى. مانا بۇ سېلىشتۇرمىدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى، سەمىمىيەت بىزگە خاتىرجەملىك، ئۇتۇق ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان ئېسىل پەزىلەت ۋە بىزنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىقىمىز. ئەكسىچە سەمىمىيەتسىزلىك بولسا بىزگە قەدەمدە بىر زىيان ھەم مەغلۇبىيەت ئېلىپ كېلىدىغان، بىزنى ئوسال قىلىپ يەرگە قارىتىدىغان ناچار كۈشەندە.

شۇنداق، سەمىمىيەتسىزلىك قارا نىيەت، شەخسىيەتچى ھەم ئالدامچىلارنىڭ، باشقىلار ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىسا ھۇزۇر ھېس قىلىدىغان تاش يۈرەكلەرنىڭ ھاياتلىق مىزانى، شۇڭا، خەلقىمىز بۇرۇندىن تارتىپ سەمىمىيەتسىزلىكنى قاتتىق سۆكتى، يالغانچىلىقتىن، ئالدامچىلىقتىن قاتتىق يىرگەندى. سەمىمىيلىكنى قىزغىن مەدھىيەلىدى ۋە مەڭگۈلۈك دوست تۇتتى. مۇشۇ نۇقتىدا ئۇلار بىزگە «راست تۇردۇ كېرىلىپ، يالغان تۇردۇ بېزىرىپ»، «راستچىللىق يەتكۈزەر مۇرادقا، يالغانچىلىق قالدۇرار ئۇياتقا»، «راستچىل ھۆرمەت تاپار، يالغانچى غۇربەت تاپار»، «راستقا يالغاننى قاتما، ئابرۇيىنى پۇلغا ساتما»، «راست گەپ ئالتۇنغا ئوخشايدۇ»، «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام»، «راست گەپ قىلغان قۇتۇلار، يالغان ئېيتقان تۇتۇلار»، «راستلىقى يوقنىڭ، دوستلۇقى يوق» دېگەندەك ھېكمەتلەرنى قالدۇرۇپ، بىزنى راستچىللىققا، سەمىمىيلىككە ئۈندەپ، يالغانچىلىق، سەمىمىيەتسىزلىكلەردىن مەڭگۈلۈك قول ئۈزۈشكە چاقىرغان. ئويلاپ باقايلى، ئەگەر سەمىمىيلىك مەيداندا تۇرۇپ دەۋرىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىيالمىساق، خەلقىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىزغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟

جەمئىيەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، تۇرمۇش رىتىمى تېزلىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە ئىستېمال سەۋىيەسى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈپ مېڭىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئۆزئارا ئىشەنچ تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شەھەرلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشنىڭ تەسىرىدە كىشىلەردىكى مېھىر ـ مۇھەببەت كۈنسايىن سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان شارائىتتا راستچىللىق ۋە سەمىمىيلىك ئاساسىدىكى ئىشەنچ تورى بەرپا قىلىش نۆۋەتتىكى زۆرۈرىيەتنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز يەنىلا راستچىللىق ۋە سەمىمىيلىكنىڭ پايدىسىنى، يالغانچىلىق ۋە سەمىمىيەتسىزلىكنىڭ ئېغىر زىيىنىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا، بولۇپمۇ ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇتۇپ، ئۇلاردا يالغانچىلىق، سەمىمىيەتسىزلىكلەردىن قاتتىق يىرگىنىدىغان، راستچىللىق، سەمىمىيلىككە بىردەك ئىنتىلىدىغان ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز زۆرۈر.

شۇنداق، سەمىمىيەتسىزلىك ـ مەغلۇبىيەت، سەمىمىيەتسىزلىك ـ كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتنى نابۇت قىلىدىغان يوشۇرۇن چىرىتكۈچ. سەمىمىيەتسىزلىك ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئالدايدىغان، نابۇت قىلىدىغان ئىنتايىن يامان ئىللەت. ئويلاپ باقايلى، سەمىمىيلىك بىلەن سەمىمىيەتسىزلىك بىزگە نېمىلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ ۋە ئېلىپ كەلمەكچى؟! ئەڭ ئاددىي بىر مىسال شۇكى، مەن بىلىدىغان بىر سودىگەر بار ئىدى، ئۇ دەسلەپ سودا ـ تىجارەتتە ئادىل، سەمىمىي بولىدى، بېيىپ زاۋۇتمۇ قۇرۇۋالىدى، دەسلەپ توغرا، دۇرۇس نىيەتتە مەھسۇلاتلىرىنى سۈپەتلىك ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلاتلىرى بازار تاپتى. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، مەھسۇلاتلىرىغا ساختىلىق ئارىلاشتۇرۇپ، بىر قىسىم سۈپەتسىز مەھسۇلاتلارنى بازارغا سېلىۋىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر تىرىشىپ تىكلىگەن ئىشەنچ مۇنارى شۇ هامان غۇلاپ، هايالسىزلا ۋەيران بولدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىشەنچ مۇنارىنى قايتا تىكلىشى زادى مۇمكىنمۇ؟! بۇنىڭغا يەنە قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟!

دوستۇم، ئويلىنايلى، شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتەيلىكى، سەمىمىيەتسىزلىك ـ مەغلۇبىيەتنىڭ ئانىسى.

## سەمىمىيلىك هۆرمەتكە نائىل

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئامانىنسا ئۆمەر

سەمىمىيلىك ئادەملەرگە خاس بولغان بىرخىل پەزىلەت. سەمىمىيلىك ھەقىقىي ئىنسانىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى. كىشىلەر دائىم سەمىمىي، ساداقەتمەن كىشىلەرنى هۆرمەتلەيدۇ، قىممىتىنى قىلىدۇ. دېمەك، بىر ئادەمنىڭ قانداق ئادەملىكىگە ئۇنىڭ سەمىمىي ياكى سەمىمىي ئەمەسلىكىگە قاراپ باها بەرگىلى بولىدۇ.

تۇرمۇش رىتىمى تېزلىشىۋاتقان، ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەر خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىدا زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم كىشىلەر سەمىمىيلىككە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ. لېكىن سەمىمىيلىك تۇرمۇشتا ياكى ھەر خىل كەسىپلەردە ئىنتايىن مۇھىم.

مەسىلەن، مەلۇم بىر قىز ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ

بىر كىشىلىك ئورنىنى تېپىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىمتىھانلارغا قاتناشقان، لېكىن كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت ئورنىغا ئېرىشەلمىگەن، ئاخىر چەت ئەل كارخانىلىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان بىر شىركەتتە ئىشلىمەكچى بولۇپ، يېزىقچە ئىمتىھانلارنىڭ ھەممىسىدە لاياقەتلىك بولغان، ئەمەلىي ئىمتىھانغا كىرگەندە، بىر چەت ئەللىك مۇئەللىم ئۇنىڭغا قاراپ چىرايىنى ھېچقانداق ئۆزگەرتمەستىن: «ۋوي، بىز تونۇشىدىكەنمىز، مەن سىزنى ئەنگلىيەدە مەلۇم بىر تەربىيەلەش سىنىپىدا كۆرگەن» دېگەن ھەمدە ئارقىدىنلا: «مەن سىز بىلەن يەنە يۈز كۆرۈشكەنلىكىمدىن ناھايىتى خۇشال» دېگەن. ھېلىقى قىز ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن: «سىز ئادەمنى خاتا تونۇپ قالدىڭىز، مەن ئەزەلدىن چەت ئەلگە چىقىپ باقمىغان، مېنى كەچۈرۈڭ» دېگەن. لېكىن ھېلىقى چەت ئەللىك مۇئەللىم: «ياق، مەن سىزنى خاتا تونۇپ قالمىدىم» دەپ چىڭ تۇرغان. ھېلىقى قىز يەنە سەممىيلىك بىلەن: «سىز خاتا تونۇپ قالدىڭىز ئەپەندىم» دېگەن ھەم تېزلا مۇنبەردىن ئايرىلغان. ئارقىدىنلا يەنە بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى كىرگەن. چەت ئەللىك مۇئەللىم ئوخشاشلا ئۇنى چەت ئەلدە مەلۇم بىر تەربىيەلەش كۇرسىدا كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان، ئاخىردا بۇ شىركەتكە ھېلىقى سەممىي بولغان قىز قوبۇل قىلىنغان. مانا مۇشۇ مىسالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سەممىي ئادەم ھامان ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا بىز ھەرقانداق ئىش قىلىشتا چوقۇم سەممىيلىكنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىشىمىز كېرەك. بەزى كىشىلەر ئازغىنە بايلىق، مەنپەئەت ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئالدىدا خۇددى شامدەك ئېرىپ، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك خاراكتېرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. بىز بۇنداق كىشىلەردىن يىرگىنىشىمىز كېرەك.

پەقەت تىرىشچانلىق، ئەمگەكچانلىق، باتۇرلۇق، سەممىيلىك بىلەن تولغان ھاياتلا ھەقىقىي ھاياتتۇر.

## سەممىيلىك زور بايلىقتۇر

(مۇھاكىمە ماقالىسى )

بۇزۆھرە قادىر

سەممىيلىك ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسىي مىزانى. سەممىيلىك ــ باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشنىڭ ئاساسى. بۈگۈنكى كۈندە سەممىيلىك ــ ھايات دېڭىزىدىكى تالاش ـ تارتىش دولقۇنلىرىدا ئۆزىنىڭ تېخىمۇ قىممەتلىك ۋە

ئۆزگىچە سىھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلماقتا. بۇ ھەقتە شائىرلىرىمىزنىڭمۇ مۇنداق بىر ئەقلىيە سۆزىنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. «ھايات — يالغان - ياۋىداقلاردىن يارقىن گۈللەرنى ئېچىلدۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس»، «نىيىتىڭ دۇرۇس، سەممىمىي بولساڭ يولۇڭ راۋاندۇر. ئەل قويىنىدا بول، جېنىڭ ئاماندۇر».

كىشىلىك ھاياتتىكى ئىناقلىق، سەممىيلىك كىشىنى غايەت زور ئۇنۇم ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. چۈنكى، سەممىمىي كۆڭۈلدىن ئىشتىياق باغلىغان خىزمەتكە مۇۋەپپەق بولغان ۋە ئۇنى ئورۇنلاشقا كۈچىنى ئاتىغان ئادەمدىنمۇ باي - باياشات ھېسابلىنىدىغان ھېچقانداق ئادەم بولمايدۇ.

بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىۋېتەلىگەن كىشىلا ھەقىقىي تەربىيە كۆرگەن كىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە دېيىلگىنى سىز ئىچىڭىزدىكى بارلىق ئوي - خىياللىرىڭىزنى، تەسەۋۋۇرىڭىزنى، غايىڭىزنى باشقىلارغا ئېيتىپ بەرسىڭىز بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. پەقەت سىز ئۆز سەممىيىتىڭىز، ئۆز ئەخلاق - پەزىلىتىڭىز ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلىسىڭىز، شۇندىلا سىز ھۆرمەتكە لايىق بولۇپ سانىلىسىز.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەن ھەر بىر سۆزۈمنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، ھەر بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ئۆزى يالغۇز يەككە - يېگانە باشقىلار بىلەن ئالاقىسىز، باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەمەس ھەم ئۆزۈم ئېرىشمەن دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشكەنمۇ ئەمەس.

جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى زور بايلىق دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىبىر كىشىلەر بولسا چۈنكى، سەممىمىي ساداقەتنى، راستچىللىقنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مىزانى قىلىپ ئۇنى زور بايلىق دەپ ھېسابلايدۇ. ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ قىممىتى گەرچە يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما سەممىمىي — ساداقەت ئالدىدا ئۇلار ھېچ نەرسە ئەمەس.

ئەگەر بىز سەممىمىي، ساداقەتمەنلىك بىلەن كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلساق ئۇ بىزنى تېخىمۇ زور بايلىققا ئېرىشتۈرەلىشى مۇمكىن، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ياكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەمىشە ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ سەممىمىي ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى. كىملەرنىڭ سەممىمىي ئەمەسلىكىنى، كىملەرنىڭ سىزگە چىن، سەممىمىي كۆڭلىدىن ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى ياكى سىزگە ساختا مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشكە ماھىر بولايلى.

دېمەك، سەممىيلىك غايەت زور بىر تاغقا ئوخشاش بىزنى تېخىمۇ يۈكسەك چوققىغا ئۈندىسە، سەممىيەتسىزلىك چوڭقۇر ھاڭغا ئىتتىرىپ تاشلايدۇ. بۇ توغرۇلۇق مۇنداق بىر ھېكايە بار:

بۇرۇن بىر ئادەمنىڭ پالتىسى سۇغا چۈشۈپ كەتكەندە، بايلىق ئىلاھى ئۇنىڭغا ئايرىم - ئايرىم بىر ئالتۇن پالتا ۋە بىر كۈمۈش پالتىنى كۆرسەتكەنىكەن، ئۇ ھەر ئىككىلىسىنى ئۆزىمىنىڭ پالتىسى ئەمەس دەپ قايتۇرۇۋېتىدۇ، ئۈچىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ تۆمۈر پالتىسىنى كۆرسەتكەندە ئۇ كىشى ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن ئۇ پالتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، ئۇ كىشىنىڭ بۇ سەممىيىتىدىن خۇرسەن بولغان بايلىق ئىلاھى ھېلىقى ئالتۇن ۋە كۈمۈش پالتىنى ئۇ كىشىگە سوۋغا قىلىپتۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئاچ كۆز ئەبلەخ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ تۆمۈر پالتىسىنى قەستەن سۇغا تاشلىۋېتىدۇ، ھەمدە بايلىق ئىلاھى سۇزۇپ بەرگەن ئالتۇن پالتىنى مۇشۇ مېنىڭ پالتام دەپتۇ، ئۇنىڭ بۇ سەممىيەتسىزلىكىدىن غەزەپلەنگەن بايلىق ئىلاھى ئالتۇن پالتا بىلەن تەڭلا غايىب بولۇپتۇ.

شۇنداق، سەممىيەت بولمىسا، ئۇنىڭغا نەدىكى ئالتۇن پالتا ئىكەن؟ قارىمامسىز، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ پالتىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى.

سىزنىڭ سەممىيىتىڭىز ھازىر سىزگە ھېچ نەرسە بېرەلمىگەندەك، بەزىدە تېخى سىزنى ئۇۋالچىلىققا قويغاندەك ھېس قىلىسىڭىزمۇ، ئۇ ھامان بىر كۈنى توپىغا كۆمۈلۈپ ياتقان ئالتۇن ئۆز جۇلاسىنى يوقاتمىغاندەك ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كۈچى بىلەن سىزنى يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا، سەممىيلىكتىن ھەرگىز ئايرىلىپ قالماڭ.

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاش (جەمئىي 55 نومۇر)

بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ، يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

تەتقىقاتچىلار مۇنداق بىر قىزىقارلىق تەجرىبە ئىشلىگەن: يوغان بىر بېلىق قاچىسىنى بىر پارچە ئەينەك ئارقىلىق ئىككىگە بۆلۈپ، ئالدى بىلەن ئەينەكنىڭ بىر تەرىپىدىكى بوشلۇققا چوڭ بىر بېلىقنى سېلىپ، بىرنەچچە كۈن يېمەكلىك بەرمەي ئاچ قويغان، ئاندىن ئەينەكنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى بوشلۇققا بىرقانچە تال بېلىجان سالغان، بېلىجانلارنى كۆرۈپ ئىچىرقاپ كەتكەن بېلىق بېلىجانلارغا قاراپ ئۈزگەن، بىراق ئوتتۇرىدا ئەينەك تام بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان، بېلىق ئەينەك تامغا ئۇسۇۋېلىپ، كەينىگە قايتىشقا مەجبۇر بولغان، ئىككىنچى قېتىم ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ بېلىجانلار بار تەرەپكە قاراپ ئېتىلغان، نەتىجىدە بۇ قېتىم تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەت يۈز بېرىپ، تۇمشۇقىنى يارىلاندۇرۇۋالغان. شۇنداق قىلىپ ئىچىرقاپ كەتكەن بېلىق بېلىق قاچىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىجانلارغا قاراپ يېتىشقا رازى بوپتۇكى، ھېلىقى مۇستەھكەم «توسۇق» تىن ئۆتۈشكە يەنە ئۇرۇنۇپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تەتقىقاتچىلار بېلىق قاچىسى ئىچىدىكى ئەينەكنى ئېلىۋېتىپتۇ، بېلىجانلار بېلىق تەرەپكە ئۈزۈپ بېرىپ ئەركىن ئويناپتۇ، ھەتتا بىرقانچە كەپسىز بېلىجان ئۇنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى چىشلەپ بېقىپتۇ. بىراق ئىچىرقاپ كەتكەن بۇ بېلىق يەنىلا «كۆرمەسكە ساپتۇ»... ئاخىر بۇ بېلىق ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ.

ماتېرىيال مەزمۇنىغا ئاساسەن، «مەغلۇبىيەتنىڭ قۇلى بولۇپ قالماڭ» دېگەن تېمىنى چۆرىدەپ بىر پارچە ماقالە (ئەسەر) يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) ماتېرىيال مەزمۇنى ئاساسىدا، مەركىزىي ئىدىيە (نۇقتىئىنەزەر) نى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ.

(2) ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ (شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ).

(3) مەزمۇنىغا ماس ماۋزۇ قويۇڭ.

(4) ماقالىڭىز ماتېرىيال مەزمۇنىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(5) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلغان بولسۇن.

(6) ھەجمى بىر يېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن.

ئۆلگە:

# دەۋر ۋە رىقابەت

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

بۈمەريەمگۈل تۇرغۇن

ئىقتىساد ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ كىشىلەردىكى رىقابەت ئېڭى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ دەۋرنىڭ تەلىپىمۇ كۈندىن - كۈنگە يۇقىرىلىدى. مانا مۇشۇنداق پەيتتە ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر بىر كىشىگە نىسبەتەن ئالدىغا ئۇچرىغان قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭىپ، يېڭىلىق يارىتىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، كەسكىن رىقابەت دەۋرىگە تاقابىل تۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنى كۆزىتىدىغان بولساق، نۇرغۇن كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭىپ، دەۋر تەلىپىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەردە تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق چىقىش يولى تېپىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ.

كونىلاردا: «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دەيدىغان ماقال بار. ھەر قانداق چوڭ مۇۋەپپەقىيەت كىچىك ئىشلاردىن باشلىنىدۇ، سىز پەقەت ئاشۇ كىچىك ئىشنى توغرا، كۆڭۈل قويۇپ قىلسىڭىزلا، كەلگۈسىدە مۇۋەپپەقىيەت سىزگە قۇچاق ئاچىدۇ.

قايسىبىر دانا «باش كۆتۈرمەي ئىشلىسەڭ باش كۆتۈرمەي قالمايسەن» دەپ توغرا ئېيتقان. دېمەك، ئادەم ھامان ئۆز تىرىشچانلىقىنىڭ مېۋىسىنى كۆرىدۇ. ئەتراپىمىزدا بىر قىسىم كىشىلەر كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىلا قىلىۋاتقان ئىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويىدۇ. تۇرمۇشتا ھەر خىل مىجەزدىكى ئادەملەر بولىدۇ، ئادەم مەلۇم ئىشنى بېجىرگەندە چوقۇم بىر قىسىم رەت قىلىنىش، دەككە يېيىشلەردىن خالىي بولالمايدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىقنى كۆرۈپ بولدى قىلىش شۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسىنىڭ تولىمۇ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق داڭلىق

كەشپىياتچى ئىبدىسون لامپۇچكىنى كەشىپ قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بەل قويۇۋەتمەي، قايتا ـ قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە يورۇقلۇق بېرەلەيدىغان لامپۇچكىنى كەشىپ قىلدى. ئەگەر ئىبدىسون 10 قېتىم ياكى 20 قېتىم سىناق قىلىپ بولدى قىلغان بولسا بۈگۈنكىدەك شۆھرەتكە نائىل بولارمىدى؟ ھەرگىزمۇ ئۇنداق بولمىغان بولاتتى. دېمەك، ئادەم يەتمەكچى بولغان نىشان ھەرگىزمۇ ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلەپ بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەتراپىمىزدىن مىسال ئالىدىغان بولساق، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي قالسا، شۇ ھامان چۈشكۈنلىشىپ، ھەممىسىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئۆزىنىڭ چىقىش يولى ۋە بارلىق ئىستىقبالىنى پەقەت ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغىلا باغلاپ قويۇشىدۇ. باشقا تەرەپلەردىن ئۆزىگە چىقىش يولى ئىزدەپ بېقىشنى خالىماي، ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. مانا بۇ ھازىرقى ياشلىرىمىزدا ساقلىنىۋاتقان ئەڭ چوڭ ئاجىزلىق. ئەگەر ھەر قانداق ئادەم ئۆزىدىكى بۇ خىل ئاجىزلىقنى تۈگەتمىسە تۆۋەندىكى تەجرىبىدىكىدەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. تەتقىقاتچىلار مۇنداق بىر قىزىقارلىق تەجرىبە ئىشلىگەن، يوغان بىر بېلىق قاچىسىنى بىر پارچە ئەينەك ئارقىلىق ئىككىگە بۆلۈپ، ئالدى بىلەن ئەينەكنىڭ بىر تەرىپىدىكى بوشلۇققا چوڭ بىر بېلىقنى سېلىپ، بىرنەچچە كۈن يېمەكلىك بەرمەي ئاچ قويغان، ئاندىن ئەينەكنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى بوشلۇققا بىرقانچە تال بېلىجان سالغان، بېلىجانلارنى كۆرۈپ ئېچىرقاپ كەتكەن بېلىق بېلىجانلارغا قاراپ ئۈزگەن، بىراق ئوتتۇرىدا ئەينەك تام بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان، بېلىق ئەينەك تامغا ئۇسۇۋېلىپ، كەينىگە قايتىشقا مەجبۇر بولغان، ئىككىنچى قېتىم ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ بېلىجانلار تەرەپكە قاراپ ئېتىلغان، نەتىجىدە بۇ قېتىم تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەت يۈز بېرىپ، تۇمشۇقىنى يارىلاندۇرۇۋالغان، شۇنداق قىلىپ ئېچىرقاپ كەتكەن بېلىق بېلىق قاچىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىجانلارغا قاراپ يېتىشقا رازى بولغانىكى، ھېلىقى مۇستەھكەم «توسۇق» تىن ئۆتۈشكە يەنە ئۇرۇنۇپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تەتقىقاتچىلار بېلىق قاچىسى ئىچىدىكى ئەينەكنى ئېلىۋېتىپتۇ، بېلىجانلار بېلىق تەرەپكە ئۈزۈپ بېرىپ ئەركىن ئويناپتۇ، ھەتتا بىرقانچە كەپسىز بېلىجان ئۇنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى چىشلەپ بېقىپتۇ، بىراق ئېچىرقاپ كەتكەن بۇ بېلىق يەنىلا «كۆرمەسكە ساپتۇ»... ئاخىر بۇ بېلىق ئاچلىقتا ئۆلۈپتۇ.

تەجربە شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، كىم مەغلۇبىيەتكە تەن بېرىپ يېرىم يولدا توختاپ ھۇرۇنلۇق قىلىدىكەن ياكى قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلمايدىكەن، ئۇ مەڭگۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ ھەم ئەنە شۇ بېلىقتەك ئاقىۋەتكە قالىدۇ. شۇڭا دوستۇم، دەۋرنىڭ سىگنالى ھەر بىر ھاياتلىقنى ئىنتىلگۈچىنى رىقابەت دەۋرىگە توغرا يۈزلىنىشكە ھەم قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، رىقابەت دەۋرىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئالدىمىزدىكى خىرىسقا چوقۇم تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم. قېنى، سىزدە ئاشۇنداق ئىشەنچ ۋە جاسارەت بارمۇ؟

## بولدى بەس، دۇنيا

(مۇھاكىمىلىق نەسر)

بۇئايشەم سىدىق

مەن كېتىۋاتىمەن. ئۆزۈمنى تېپىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن، ئۆزۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. توساتتىن يولنىڭ چېتىدىن يوچۇن بىر سايە چىقىپ، ماڭا ھاپاش بولۇۋالدى.

ــ تۇۋا! نېمە بولغاندىمەن؟ ــ قەدەملىرىم بارغانسېرى ئاستىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزۈمگە ئۆزۈمنىڭ ئاچچىقى كەلدى. «نېمە بولدى ساڭا؟ سەن شۇنچە مەغرۇر، كۈچلۈك ئادەم ئەمەسمىدىڭ؟ بول چاققان! كۆرمىدىڭمۇ باشقىلارنىڭ سېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقىنىنى».

ئامال قانچە؟ يەنە ئالدىمغا قاراپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم.

ــ ئۇھ!...

يول بويىدىكى چىمەنلىك كۆزۈمگە شۇنچە چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۆزۈممۇ ھېرىپ تۇرغاچقىمۇ، ئولتۇرۇپ ئارام ئالاي دەپ تۇرۇشۇمغا، چىمەنلىك تۇرۇپلا قاتتىق تاشلارغا ئايلىنىپ قالدى.

ــ تۇۋا! نېمە كارامەت بۇ؟! ــ كۆزۈمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ياخشى قارىغاندىم، دەرۋەقە مېنىڭ كۆرگىنىم تاش ئىكەن ئەمەسمۇ؟!

ــ ھەي، نېمە بولغىنى بۇ؟ كۆزۈم مېنى ئالداۋاتامدۇ ياكى دۇنيا مېنى ئازدۇرۇۋاتامدۇ!؟

ــ بولدى بەس، دۇنيا! ئاشۇ ئالا چەكمەن تون ـ سەرپايلىرىڭنى ئاخىر

سالدۇرۇپ تاشلايمەنغۇ زادى؟

ئانامنىڭ شۇنچە كەڭ، ئىللىق باغرىدىن مېنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۆزۈڭنىڭ مۇشۇ رەزىل ئالىمىڭگە باشلاپ كەلدىڭ. بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدىم، ماڭا شۇنچە كۆپ قاملاشمىغان چاقچاقلارنى قىلدىڭ، بۇلارنىمۇ كۆتۈرۈپ كەلدىم. شۇنچىۋالا ئىشلارنى ماڭا يۈكلەپ ئۆزۈڭنى رەڭگارەڭ قىلماقچىمۇ ياكى مېنى، ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنى رەڭلىمەكچىمۇ سەن؟

مەن... مەن... ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، گېپىمنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي قالدىم.

ــ بولدى بەس، دۇنيا، ئەمدى چاقچاقلىرىڭنى توختاتقىن!

مەن سەندىن بالدۇر بىزار بولۇپ كەتمەي، ساڭا ئۆچ بولۇپ كەتمەي. بەزىدە شۇنداق ئۇنلۇك قىلىپ «دۇنيا، مەن ساڭا ئۆچ... » دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ. بىراق، مەن يەنە ئۇنداق قىلالمايمەن، ئېنىقكى ئۇنداق قىلالمايمەن.

هەي... بولدىلا، سېنى ئەيىبلەۋەرمەي. ماڭا شۇنچە كۆپ ئىشلارنى كۆرسىتىپ ئۆزۈڭ خۇش بولغانسەن. بىراق، كۆزۈمنى ياشلاپ، ئەتراپنى ياخشى كۆرەلمىگىنىم بىلەن مەن تېخى تەلتۆكۈس تۈگىشىپ كەتمىدىم.

بەزىدە «ئۇھ!... ئەجەب هېرىپ قالدىم» دېسەم، ئانام: «قىزىم، بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟ نېمە ئىشلارغا شۇنچىۋالا هېرىپ كەتتىڭ؟ ئۈمىدۋار بول! سەن ماڭىدىغان مۇساپە تېخى بەك ئۇزۇن، بالدۇرلا بۇنداق بەل قويۇۋەتمە! بۇنداق گەپلەرنى قىلساڭ كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ، تىرىشىپ باققىن! بەلكىم ئىشلىرىڭ ئوڭغا تارتىپ، كۆڭلۈڭ كۆتۈرۈلۈپمۇ قالار. سەن ئىشلارغا كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ مۇئامىلە قىلغىن! مۇشۇنداق قىلالىساڭ، بەلكىم دۇنيا ساڭا بۇنچە هارغىنلىق تۇيغۇسىنى يەنە ئېلىپ كەلمەس» دەپ تەسەللى بەردى.

ۋاھ! ماۋۇ گەپنىڭ ئىللىقلىقىنى قارا دۇنيا. بۇنى مەن نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق بىلمىگەندىمەن؟ ئاڭلىمىغاندىمەن؟ بەلكىم سەن قەستەن مەن بىلەن قارشىلىشىپ بىلدۈرمىگەنسەن ياكى مەن كۆڭۈل قويۇپ سېنىڭ رەزىل پىلانلىرىڭنى، چاقچاقلىرىڭنى بىلىۋالالمىغاندىمەن. بىراق، مەن ئەمدى سېنىڭ چۈلۋۈرۈڭنى تۇتۇۋالدىم. ئۆزۈمگە، ئۆزگىگە هەم ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىۋالدىم، شۇنداقلا چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم. ئەمدى قاراپ تۇر! مېنىڭمۇ ساڭا كۆرسىتىدىغانلىرىم بار.

ئويلاپ باقسام، سەن راهەت قوغلىشىپلا ياشايدىغانلارغا ئامراقتەك تۇرىسەن. مەن ساڭا بويسۇنمايمەن. دەرۋەقە سېنىڭ ماڭا بەرگەن مەغلۇبىيەت تۇيغۇلىرىڭ كۆپ. بىراق، مەن ئۆزۈم ئويلىغاندەك غەلىبىگە، نەتىجىگە ئېرىشىشكە چوقۇم تىرىشىمەن.

## مەغلۇبىيەتتىن ئىرادە سېپىلى ياسايلى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

مېھرىگۈل سىراجىئەخمەت

كىشىلىك تۇرمۇش بىر مەيدان ئويۇنغا ئوخشايدۇ. ھايات بولسا ئويۇن سەھنىسى. بىز بولساق بۇ سەھنىدە رول ئېلىۋاتقان ئارتىس. بۇ ئويۇننى تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ كۆزىنى ياشلاپ، باش قەھرىمانغا نىسبەتەن ئۆكۈنۈش ھېسسىياتى قوزغاش ياكى ئۇلارنى كۇلدۇرۇپ، باش قەھرىمان بىلەن بىللە بەخت تۇيغۇسىدىن بەھرىمەن قىلىپ، ئويۇننى كومېدىيەلىك تۇستە ئاخىرلاشتۇرۇش — ئاشۇ سەھنىدە رول ئېلىۋاتقان ئارتىسنىڭ ئورۇنداش ماھارىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ھايات مۇساپىسى ئىنتايىن ئەگرى - توقاي، كىشىلەر مۇشۇ ئەگرى - توقاي يوللاردا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغلارنى، تىكەن - چاتقاللار بىلەن قاپلانغان چىغىر يوللارنى... بېسىپ داۋانلاردىن ئاشقاندىلا، ئاندىن نىشانغا يېتەلەيدۇ. ئادەم بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەن، ئېنىق نىشانى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. تۇرمۇش نىشانغا غەلىبىلىك يېتىپ بېرىش ياكى يېرىم يولدا توختاپ قېلىش ئۆزىمىزنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق. ھايات مۇساپىمىزدە دائىم تۈپتۈز، سىلىق يوللار ئۇچراۋەرمەيدۇ. بىز ئېگىز تاغلارغا، تىكەنلىك ئەگرى - بۆگرى يوللارغا يولۇققاندا، بىراقلا بوشىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار غايىمىزدىن، تۇرمۇش نىشانىمىزدىن ۋاز كېچىپ، يېرىم يولدا توختاپ قالساق، ئېنىقكى مەغلۇبىيەتنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالىمىز. شۇڭا بىز مەغلۇبىيەتچىلەردىن بولمايلى دېسەك، ئۆزۈكسىز تىرىشىش روھى بىلەن توختاۋسىز ئىلگىرىلەپ، نىشانىمىزغا يەتمىگۈچە توختاپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

نۆۋەتتە جەمئىيىتىمىزدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، ئىنسانىيەت ئۈچۈن تىنىمسىز تۆھپە قوشۇۋاتقان، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەت يولىدا ئۈن - تىنسىز ئىزدىنىۋاتقان كىشىلىرىمىز ئاز ئەمەس. ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەۋاتقان ئالىملىرىمىزنىڭ تەجرىبە - سىناقلىرىمۇ بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئەمەس. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندىمۇ ھەر قانداق بىر نەتىجە، كەشپىيات تەكرار تەجرىبە ئېلىپ بېرىش، قايتا - قايتا

سىناق قىلىش ھەم ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، ئۆز دىيارىمىزدىن يېتىشىپ چىققان پەلەك شاھى ئادىل ھوشۇرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ شۇنچە زور شۆھرەت قازىنىشى ۋە دۇنياغا تونۇلۇشىنى ئۇنىڭ پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادىسى، قىيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان قەيسەر روھى ۋە جاپالىق ئەمەلىي مەشىقلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ خەتەردىن قورققان، يارىلانغاندىن كېيىن نىشانىدىن ۋاز كەچكەن بولسا، ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك شانلىق نەتىجىلىرىمۇ بولمىغان بولاتتى. ئۇ يىقىلسا قوپتى، مۇسكۇللىرى سۇنسا، داۋالىنىپ ساقىيىپلا يەنە مەشىقىنى داۋاملاشتۇردى. پولاتتەك ئىرادە، يېڭىلمەس جاسارەت، ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلدى. مانا بۇ مۆۋەپپەقىيەت يولى، مانا بۇ نەتىجە ئۆلى.

بىزدە «ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. توغرا، ھەركىمنىڭ تەقدىرىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى يەنىلا ئۆزىگە باغلىق. ئەگەر بىزدە ئىرادىسىزلىك، ئۆزىمىزگە ئىشەنمەسلىك، كىچىككىنە قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئاسانلا بەل قويۇۋېتىپ، نىشانىمىزدىن ۋاز كېچىش، ئىرادىسىزلىك قىلىش، ئۆزىمىزگە ئىشەنمەسلىك ئىللەتلىرى باش كۆتۈرىدىكەن، شەكسىزكى، بىز نىشانىمىزغا مەڭگۈ يېتەلمەيمىز، ھايات مۇساپىمىزنىڭ دوقمۇشلىرىدا بويۇن قىسىپ تۇرۇپ قالىمىز، خالاس.

مەغلۇبىيەت ــ مۆۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى. بىز مۆۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلەرنىڭ تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ بىزنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان، ئىرادىمىزنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىدىغان ئاجايىپ تەسىرلىك ھېكايىلىرىنى، ئازابلىق ھەم جاپالىق كەچۈرمىشلىرىنى ئۇچرىتىمىز. ئەمدى بىز نەزىرىمىزنى ئەتراپىمىزدىكى ياشلىرىمىزغا ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئۇلار ئارىسىدىكى بىر قىسىملارنىڭ ئىرادە جەھەتتە بەكلا ئاجىزلىقىنى، كىچىككىنە قىيىنچىلىققا يولۇققان ھامان ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىنى، مەغلۇبىيەتكە ئاسانلا تەن بېرىپ، ئۆز نىشانىدىن ئاسانلا ۋاز كېچىدىغانلىقىنى بايقايمىز. مانا بۇ مەغلۇبىيەت يولى، مانا بۇ چۈشكۈنلۈك ئۆلى.

دوستۇم سىزچۇ، سىز قايسى يولنى تاللىماقچى، چىدام، غەيرەتىڭىزمۇ ياكى ۋاز كېچىشنىمۇ؟!

# غەلبە ھەممىزگە مەنسۇپ

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

نەسىبە ھەبىبۇللا

بىرەر ئىشنى قىلىمەن دەپ نىيەت قىلىدىكەنمىز، جەزمەن شۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك. ئۇتۇق قازىنىشتا ئىقتىدار ئەمەس، مۇھىمى ئىشەنچ بەكرەك لازىم. ئىقتىدار گەرچە ئۇتۇق قازىنىشتا كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن بىردىنبىر شەرت ئەمەس. بەلكى ئاشۇ ئىقتىدارنى قوزغىتالايدىغان ئىشەنچ، بەرداشلىق بېرىش كۈچى كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەردىندۇر.

غەلبە ۋە مەغلۇبىيەت بىر سىزىقتىكى ئىككى نۇقتا، ئېدىسون «مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى» دېگەنىدى. بىر ئادەمدە تەۋرەنمەس ئىرادىلا بولىدىكەن، ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى تېپىپ چىقالايدۇ. ئىرادىسىز كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مېۋىلىرىنى ھەرگىز تېتىيالمايدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ تىرىشىدۇ، تېخىمۇ كۈچەيدۇ، تېخىمۇ جاپا چېكىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلىدىغانلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ.

تارىختىن بۇيان دۇنياغا داڭلىق مەشھۇر ئالىملار ئېغىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتقان، سانسىز مەغلۇبىيەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ھېچقانداق نەتىجە - مۇۋەپپەقىيىتى يوق ئادەم بۇ ئالەمدىن ئۈن - تىنسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاشۇنداق جاپا - مۇشەققەتلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ئىنسانىيەتكە تۆھپە ياراتقان ئۇلۇغ ئالىم نىيۇتونمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئىزدىنىپ زور نەتىجىگە، ئۇلۇغ شان - شۆھرەتكە ئېرىشكەن. ئېدىسون لامپۇچكىنى كەشىپ قىلىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە مۇنداق دېگەن: «لامپۇچكىنى ئىجاد قىلىش ھاياتىمدىكى ئەڭ جاپالىق جەريان بولدى، بۇ ھەقتە ناھايىتى ئۇزاق ئويلاندىم، يەنە كېلىپ يورۇقلۇق چىقىرامدۇ، چىقارمامدۇ؟ دەپ تەجرىبە قىلمىغان ماددا - مېتال قالمىدى». بۇ سۆزىدىن ئۇنىڭ لامپۇچكىنى كەشىپ قىلىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن جاپا - مۇشەققەتلىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا توختاپ قالماي ئىزدەنگەنلىكىدەك ئالىيجاناب روھىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

دېمەك، مەغلۇبىيەتتىن، قىيىنچىلىقتىن قورققانلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. مەغلۇبىيەت تەجرىبىلىرى كۆپ بولغانلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتىمۇ ئۆرلەپ بارىدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇشتا ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىمايدىغان ئادەم يوق، ئاشۇ ئوڭۇشسىزلىقنى قانداق يېڭىپ چىقىش ھەم ئوڭۇشسىزلىقتىن كېيىنكى قەيسەر بولۇش ئىرادىسىنى يېتىلدۇرۇش تولىمۇ مۇھىم. بىر قىسىم كىشىلەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىلا ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ، ئۈمىدسىزلىنىپ، چۈشكۈنلىشىپ، مۇۋەپپەقىيەت مېۋىسىنى تېتىيالمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس. چۈنكى، «جاپانىڭ تېگى راھەت»، «جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق». مانا بۇ ھېكمەتلەرنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىمىزدىكى قىبلىنامە قىلىشىمىز كېرەك. ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىنمۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچلىرىنى تېپىپ چىقىپ، جاسارەت ۋە ئىشەنچ بىلەن بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مېۋىلىرىنى تېپىشىمىز كېرەك.

ھازىردىن باشلاپ تىرىشايلى، ئىرادىمىزنى تاۋلايلى، مۇۋەپپەقىيەت ھەرگىزمۇ كۆتۈشتىن كەلمەيدۇ، غەلىبىگە ئېرىشمەن دەيدىكەنمىز، چوقۇم قەيسەرلىك بىلەن ئىرادىمىزنى تاۋلىشىمىز، جاپا ـ مۇشەققەتكە باش ئەگمەي، ئىشەنچ كەمىرىنى چىڭ باغلاپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

غەلىبە، مۇۋەپپەقىيەت ھەممىمىزگە مەنسۇپ، قەيسەر بولايلى.

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاش (جەمئىي 55 نومۇر)

ئەپلاتون ياش ۋاقتىدىلا زور نەتىجە قازانغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر دوستى ئۇنى مۇبارەكلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ناھايىتى نەپىس بىر ئورۇندۇق سوۋغا قىلىدۇ. نەچچە كۈندىن كېيىن بىرمۇنچە ئادەم ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا كېلىپ، ھېلىقى نەپىس ئورۇندۇققا كۆزى چۈشىدۇ. ئورۇندۇقنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئاردىن بىر ئادەم ئورۇندۇققا چىقىپ، تەلۋىلەرچە دەسسەپ: «بۇ ئورۇندۇق ئەپلاتوننىڭ مەغرۇرلۇق ۋە شۆھرەتپەرەسلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، مەن ئۇنىڭ قەلبىدىكى شۆھرەتپەرەسلىكنى چەيلىۋەتمەكچى!» دەيدۇ.

كۆپچىلىك بىلەن ئەپلاتون بۇنىڭغا ھەيران قېلىشىدۇ. كېيىن ئەپلاتون ناھايىتى سالماقلىق بىلەن ئىچكىرىدىكى ئۆيىدىن بىر سۈرتكۈچنى ئېلىپ چىقىپ، دەسسەپ مەينەت قىلىۋېتىلگەن ئورۇندۇقنى سۈرتۈۋېتىپ، ھېلىقى ھاياجىنىنى باسالماي ئورۇندۇققا دەسسىگەن مېھماننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە چوڭقۇر مەنىدە: «سىزنىڭ قەلبىمدىكى شۆھرەتپەرەسلىكىمنى دەسسىۋەتكىنىڭىزگە رەھمەت، ئەمدى مەن سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى ھەسەتخورلۇقىڭىزنى سۈرتۈۋەتتىم. سىز ئولتۇرۇپ خاتىرجەم ھالدا كۆپچىلىك بىلەن چاي ئىچىپ، مۇڭداشسىڭىز بولارمۇ؟» دەيدۇ.

ئەسەر مەزمۇنىغا ئاساسەن، «شۆھرەتپەرەسلىك» ۋە «ھەسەتخورلۇق» نى مەزمۇن قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) ئەسەر تېمىسى بېرىلگەن ماتېرىيالدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(2) ژانىرى چەكلەنمەيدۇ (شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ).

(3) كۆزقاراش رېئاللىققا ئۇيغۇن، قايىل قىلارلىق، ئىجادىي بولسۇن.

(4) جۈملە راۋان، خەت چىرايلىق، ئىملاسى توغرا، تىنىش بەلگىلەر جايىدا قويۇلغان بولسۇن. ھەجمى ئىككى بەت ئەتراپىدا بولسۇن.

ئۈلگە:

### ھەسەتخورلۇق ــ ئادەم روھىيىتىنىڭ چىرىتكۈچىسى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

پەزىلەت ئەمەر

ھايات چوڭقۇر قايناملارغا ئوخشايدۇ، بىز ياشاش داۋامىدا، بۇ قايناملار

تەرپىدىن گاھى پەپىلىنىمىز، گاھى خۇددى چۆلدىكى قامغاقتەك قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرىمىز.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، شەيئىلەر زىددىيەت - توقۇنۇش ئىچىدە ئاستا - ئاستا تەرەققىي قىلىدۇ، ھېچقانداق شەيئى زىددىيەتسىز ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بۇ زىددىيەتلەر ئارقىلىق شەيئىلەر ئۆزئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتىمۇ زىددىيەت - توقۇنۇشلار تۈپەيلىدىن كۈچلۈكلەر ئاجىزلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئاجىزلار بولسا كۈچلۈكلەرگە قۇل بولىدۇ.

ھەممەيلەنگە مەلۇم، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە ھەسەتخورلۇق گويا كۈچلۈك ۋابا كېسىلىگە ئوخشاش، كىشىلەر ئېڭىغا ناھايىتى تېز تارقىلىدۇ ھەمدە كۈچلۈك كىسەللاتاغا ئوخشاش بارا - بارا ئۇلارنىڭ روھىنى چىرىتىپ، نى - نى ئېسىل كىشىلىرىمىزنى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچىدىن، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار ئەنە شۇ شۆھرەتپەرەسلىك ۋە ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت كۈچلۈك ۋابا كېسىلىنىڭ تەسىرىدە ئۆز روھىيىتىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك ئەخلاق - پەزىلىتىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ. بەزىلەر خۇددى يۇقىرىقى ماتېرىيالدىكى كىشىگە ئوخشاش، باشقىلارنىڭ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، جاپالىق ئەجىر - مېھنىتى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ئەمگەك مېۋىلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىمەكتە يوق، بەلكى ئۆز ۋىجدان - غۇرۇرىنى، ئىززەت - ئابرۇيىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، تولىمۇ نادان، ھەسەتخور، خۇنۈك ھالەتتە مەيدانغا چىقىۋاتىدۇ.

ئالىم، پەيلاسوپ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ھەسەتخورلۇق مىللەتنى خارابلاشتۇرىدىغان خەتەرلىك روھىي ئىللەت» دەپ ئېيتقان. توغرا، ئويلىنىپ باقساق، جەمئىيەتتە ھەر بىرىمىز پەقەت بىر ئۆزىمىزگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مىللەتنى تەشكىل قىلغۇچى شەخسكە ۋەكىللىك قىلىمىز. بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشى شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئىناقلىقىغا، كۈچلۈك ئۇيۇشۇشچانلىقىغا، تىنچ - خاتىرجەملىكىگە ھەر ۋاقىت موھتاج بولىدۇ. ئومۇمەن، مەدەنىيەت ھاياتىمىزنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تىنىمسىز ئەجىر سىڭدۈرگەن، ئۇزاق داۋام قىلغان مەدەنىي تارىخىمىزنى ئۈزۈلدۈرمەي راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ھالال ئەجرى، ئەمگىكى بىلەن نەتىجە قازانغۇچىلارنى قوللاش — بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىز.

بۇ ھەقتە، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن يەنە: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش

مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» دەپ ئېيتقان. توغرا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۆز روھىيىتىمىزنى ساغلاملاشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئۆز ئەجىر - مېھنىتىنى سىڭدۈرۈپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنى قوللاش ھەربىرىمىزدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي شەرتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىرىمىز ئىناقلىق ۋە بىلىمدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى ھاياتىي كۈچ بىلەن ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ھەسەتخورلۇق، شۆھرەتپەرەسلىكتىن ئىبارەت ۋابا كېسەللىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك.

## ئۆزىمىزگە قايتايلى!

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

بۈجەننەت مامۇت

ئىقتىسادنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. بۇ خىل ھالەت ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ سۆيۈندۈرىدۇ.

بىراق، ھەممە نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولغىنىغا ئوخشاش ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىزگە نۇرغۇن جەھەتلەردە قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق يەنە بەزىبىر ناچار ئىللەتلەرنىمۇ تۇرمۇشىمىزغا ئېلىپ كىرىشكە ئۈلگۈردى.

ئەتراپىمىزغا قاراپ باقىدىغان بولساق ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ ئورنىنى ھىيلىگەرلىكنىڭ، راستچىللىقنىڭ ئورنىنى مەككارلىقنىڭ، ئاددىي - ساددىلىقنىڭ ئورنىنى شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشلەرنىڭ ئورنىنى ھەسەتخورلۇق ۋە شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئىگىلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

بۈگۈنكى كۈندە ھەممىمىز باشقىلاردىن قېلىشماسلىق ئۈچۈن توختىماي تىرىشىۋاتىمىز. بىز بەسلىشىشكە تېگىشلىك ئىشلاردا بەسلەشمەي، بەسلىشىشكە تېگىشلىك بولمىغان تەرەپلەردە بەسلىشىۋاتىمىز، رىقابەتلىشىۋاتىمىز. يەنى بىر - بىرىمىزگە ياردەم بېرىش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ئىلغار پەن - تېخنىكىلارنى قوبۇل قىلىش، بىلىم ئىگىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە بەسلەشمەي، كىيىم -

كىچەك، گىرىم بۇيۇملىرى، هاراق ـ شاراب، يېمەك ـ ئىچمەك، ھەشەمەتچىلىك، ئويۇن ـ تاماشا قاتارلىق جەھەتلەردە بەسلىشىۋاتىمىز.

بۇ خىل مۇسابىقە جەريانىدا، ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقانلارنى ھەسەتخورلار بىلەن شۆھرەتپەرەسلەر دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھەسەتخورلار باشقىلارنىڭ ئامەت ـ تەلەيلىرى، مۇۋەپپەقىيەتلىرى، شۆھرەت ـ سەلتەنەتلىرىنى كۆرەلمەي، رەشك ـ ھەسەت ئوتىدا كۆيۈپ ئازابلىنىدۇ. شۆھرەتپەرەسلەر بولسا ھەممىدە مەن ئۈستۈن تۇرۇشۇم كېرەك دەپ ئويلاپ، باشقىلارنى ئۆز ئارقىسىدا قالدۇرۇپ بولالماي، چوغقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىدۇ، ئازابلىنىدۇ.

تۈنۈگۈن رېستوراندا ئۆتكۈزۈلگەن بىر تويغا قاتنىشىپ قالدىم. بۇ رېستوراندا ئىككى توي تەڭ ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانىكەن. بۇ ئىككى توينىڭ ساھىبخانىلىرى ئادەمنىڭ دېمىنى سىقىدىغان ئىسسىقتىمۇ ياقۇت قادالغان پەلتولىرىنى سېلىشقا كۆزى قىيماي، ئالتۇن قادالغان دوپپىلىرىنى كۆرمىگەنلەرنى كۆرۈۋالسۇن دېگەندەك باشلىرىنى ھەر تەرەپكە بۇراپ، كىيىم كۆرسىتىۋاتقان مودېللاردەك بەس ـ بەستە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. تاماق ئۈستەللىرىگە لىققىدە نازۇنېمەتلەر تىزىلغان، تەخسىلەرنىڭ ئۈستىگە تەخسىلەر قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىككى توينىڭ ئىگىلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى پالانى سەينى، پوكۈنى سەينى ئاچىقىڭلار! دەپ مۇلازىمەتچىلەرگە گېلىنى قىرىپ توۋلايتتى. دېمەك، ئۇلار شۇ تاپتا جىددىي رىقابەتكە چۈشكەنىدى. چىرايلىق كىيىم كىيىۋالغان بىرەرسىنى كۆرسە «ۋىيىەي، سەتلىكىنى، ياراشمىسىمۇ كىيىۋېرىدىكەن...» دەپ بىر ـ بىرىگە كۇسۇرلىشىپ قويۇشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى. بۇ غەلىتىلىكلەرنى كۆرۈپ «تۇۋا!» دەپ ياقامنى تۇتتۇم. مەن ھەسەتخور، شۆھرەتپەرەس ئادەملەر بار دەپ ئويلىغان، بىراق بۇنچە ئېغىر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلمىغانىكەنمەن. بىزنىڭ بۇنچە شۆھرەتپەرەسلىك قىلىپ كەتكۈدەك، باشقىلارغا ھەسەت قىلغۇدەك نېمىمىز بار؟ نېمىمىز ئېشىپ ـ تېشىپ كەتتى؟! قولىمىزغا ئازراق پۇل كىردى شۇ. بىل گايىتىستەك مىليونېرلار تېخى ئارىمىزدا يوق. ئىككى نان تاپساق بىرىدە داپ چالىدىغان ئىشنى قىلمايلى! يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنايلى! ئەگەر پۇلىمىز ئۆزىمىزدىن ئاشسا، شۆھرەت تېپىش (سورۇنلاردىن)، باشقىلارنى ئوتتايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن خەجلىمەي، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كۆپرەك بىلىم ئىگىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى! خەلق ئۈچۈن يول ياسايلى! كۆۋرۈك سالايلى!

بىز مانا مۇشۇنداق شۆھرەتپەرەسلىك قىلىپ رېستورانلارغا تۆكۈۋاتقان پۇللىرىمىزنى كەلگۈسىمىزنىڭ قورغۇچىلىرىغا كىتاب ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ

دەۋر تەلەپىگە ئۇيغۇنلىشىشىغا كۈچ چىقارساق، باشقىلارغا ھەسەت قىلىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقتىمىزنى بىرەر نەرسە ئۆگىنىشكە سەرپ قىلساق، ھېچ بولمىسا بالىلىرىمىزغا ئىسسىق تاماق ئېتىپ بېرىشكە ئاجراتساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!

ئېسىڭىزدە بولسۇن، بىز ئەمەلىيەتتە ئۇخلاپ ياتقان ئاجىز بىر چۈمۈلىگە ئوخشايمىز، بىز يەنە مۇشۇ ھالەتتە ئۇخلاۋېرىدىغان بولساق، شەكسىزكى، باشقىلار تەرىپىدىن دەسسىلىپ، مىجىقمىز چىقىپ كېتىدۇ. يەنە ئۇيقۇمىزنى ئاچماي شۆھرەتپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇق كوچىلىرىدا تەمتىرەپ يۈرۈۋەرسەك بۇ بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە قانداقمۇ ياشىيالايمىز؟! مەن ھەممىيلەندىن ئۆتۈنەي: ئۆزىمىزنى تونۇيلى، ئۆزىمىزگە قايتايلى!

## ھەسەتخورلۇق – يامان ئىللەت

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

گۈلنىسا ئىدرىس

كىشىلىك تۇرمۇش يولى ناھايىتىمۇ مۇرەككەپ ھەم ئۇزۇن يول. بۇ يولدا بەزىلەر ئۆز يولىنى توغرا تېپىپ مېڭىپ، ئويلاپ يەتكۈسىز شان - شەرەپلەرگە ئېرىشىدۇ. بەزىلەر بولسا ئۆزى توغرا يول تاپالماي، باشقىلارنىڭ ماڭغان ھەربىر قەدىمىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن شان - شەرەپلىرىنى بىر تىيىنغا ئەرزىگۈسىز قىلىۋېتىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدا بۇنداق ئۆزى تىرىقچىلىق ئىش قىلالماي، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى خانىۋەيران قىلىدىغان «ئېسىل - پەزىلەتلىك» كىشىلىرىمىزمۇ يوق ئەمەس.

ئىنسانلار جەمئىيىتى كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىمۇ ئاز بولمىغان ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. يۇقىرىقى پارچىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، باشقىلارنىڭ ياخشى تۇرمۇشىغا ھەسەت قىلىدىغان ئادەملىرىمىزمۇ ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

كونىلار «ھەسەتخورنىڭ تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقانىكەن. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا، مۇشۇ مەكتەپ ھاياتىمىزدىمۇ ئاشۇنداق «تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر» بولغان «چىن دوست»لىرىمىز ئۇچراپ تۇرىدۇ. ياتاقتا بىر - بىرىمىز بىلەن شۇنداق ئېجىل - ئىناق ئۆتكەندەك كۆرۈنسەكمۇ، ئارىمىزدا كىم ياتاقتىن چىقىپ كەتسە، شۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان، ئۇنىڭ

يامان گېپىنى قىلىدىغان ئادەتلەرمۇ يوق ئەمەس. ئەگەر بىرەر قىز ساۋاقدىشىمىزنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ياخشىراق بولۇپ، باشقىلارغا قارىغاندا پەرقلىنىكرەك يۈرۈپ قالسا، ئۇنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن دەپ قارىماستىن، ئۇنىڭ كەينىدىن «ئەخلاقى ئۇنداق ناچار - مۇنداق ناچار» دەپ غەيۋەت - شىكايەتكە چۈشىمىز - يۇ، بىز قانچىلىك دەپ ئويلاپ باقمايمىز. ئالدىدا «ۋاي ئاداش!» دەپ هالى قالمىغانلارنىڭ كەينىدىن نېمە گەپلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئەخمەق «دوست»لارمۇ بىر - بىرىدىن زادىلا ئايرىلالمايدۇ. «هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەندەك، ئىنسان بالىسىنىڭ خۇي - پەيلى، مىجەزىنى بىلمەك ناهايىتىمۇ تەس. «چىن دوست» بولغانىكەن، دوستىنىڭ ئەيىبىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىش ياخشى ئىش، ئەمما كەينىدىن غەيۋەت قىلغىنى نېمىسى؟!

ئۇنىڭدىن باشقا، سىنىپىمىزدىكى بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىمىز باشقىلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇنى «قىزىل پاچاق»، «قوتۇر ئاكتىپ» دەپ مازاق قىلىشىدۇ. ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇش مۇناسىۋىتىدە، كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتى كۈنسېرى چىرىكلىشىپ، ناهايىتى ناچار ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋاتىدۇ. هەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىكتىن ئىبارەت بۇ خىل ئىللەتلەر تۇرمۇشىمىزدا كۈنسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. تېلېۋىزور، رادىيو، گېزىت - ژۇرناللاردا بۇ مەزمۇن توغرىسىدا نۇرغۇن ئەسەر، ئېتۇتلار بارلىقىغا كېلىۋاتىدۇ. يېقىندا تېلېۋىزوردا ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ «قايسى ئېتۇتنى ئوينىساق بولار؟» ناملىق ئېتۇتى بېرىلدى. ئۇنىڭدا ئاشۇنداق كۆرەلمەسلىك، غەيۋەتخورلۇق، ئىچى تارلىقتەك ناچار ئىللەتلەر ناهايىتى يۇمۇرىستىك تىللار بىلەن قاتتىق قامچىلانغان.

«هەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك يامان ئىللەت». باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى قەدىرلىشىمىز، ئۇلارنىڭ خەلقىمىز ئۈچۈن ياراتقان شان - شۆهرىتىدىن پەخىرلىك هېس قىلىشىمىز، هەرگىزمۇ ئۇلارغا ئىچى تارلىق قىلماسلىقىمىز كېرەك.

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاش (جەمئىي 55 نومۇر)

بىر كۈنى كوچىدا بىر ئاغىنەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپ، چاپىنىنىڭ بىر تۈگمىسىنىڭ بوشاپ قالغانلىقىنى بايقاپ قالدىم ۋە ئۇنىڭغا دېدىم:

— تۈگمىڭىز بوشاپ قاپتۇ، ئۆيگە بارغاندا قايتىدىن قادىۋالسىڭىز بولغۇدەك.

ئويلىمىغان يەردىن ئاغىنەم بوشاپ قالغان تۈگمىنى يۇلۇپ ئالدى - دە، يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

— بىر تال تۈگمە كەم بولسا، سەت كۆرۈنۈپ قالمامدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇ خېلىغىچە چۈشۈپ قالمايتتىغۇ، ئۆيگە بارغاندا تاقىۋالسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ؟ — دېدىم مەن.

— ئەگەر سىرتتا چۈشۈپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ بىردەملىك سۈپەتنى دەپ يۈرۈۋەرسەم، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىمەن، ئۇنىڭدىن سەت بولسىمۇ يۈرۈۋەرمەيمەن، — دېدى ئاغىنەم.

ئادىمىيلىكمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ۋاقىت ۋە يۈز - ئابروي قوغلىشىپ، پىشمىغان پىلان ۋە ئەسەرلەرنى تەۋەككۇل قىلىپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن ۋاقتىنچە قويۇپ قويۇپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئىنچىكە تەتقىق قىلغاندىن كېيىن ئېلان قىلغان، ئوتتۇرىغا قويغان ياخشى ئەمەسمۇ؟

«ۋاقىتلىق ئابروي ۋە شۆھرەتتىن ۋاز كېچىش» نى مەزمۇن قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنى ئاساسىدا مەركىزىي ئىدىيەنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ.

(2) ئەسىرىڭىز مەزمۇنىدىن ھەم تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(3) ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

(4) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن.

(5) ئادەم ئىسىملىرى ۋە يەر - جاي ناملىرىنى ×× ئارقىلىق ئىپادىلەڭ.

ئۈلگە:

## شۆھرەتپەرەسلىك ـ ئادىمىيلىكنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

مېھرىگۈل موللاتاي

شوپېنخائۇر: «نادانلىقتىن ئۈچ بىخ ئۈسۈپ چىققان، بۇلار قارا نىيەت، ساختا شۆھرەت ۋە ھاكاۋۇرلۇق» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقانىدى.

دەرۋەقە، ئىنسان بالىسىنىڭ گۈلتاجى بولغان گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەت شۇنداقلا ئادىمىيلىكنىڭ گۆركارى بولغان ناچار ئىللەتلەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىياتىغا ھەمراھ بولۇپ كەلدى. مۇشۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان ئالىملار، ئەدىبلەر ئىنسانىي مەنىۋى جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزگىچە پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە شوپېنخائۇر ئېيتقاندەك بىر قىسىم كىشىلىرىمىز نادانلىق پاتقىقىغا پېتىپ، روھىي جەھەتتىن پۇچەكلىشىشكە يۈزلەندى. بۈگۈنكىدەك پەن ـ تېخنىكا يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ئىنسانلارنىڭ ئىدىيەسى، پىكرى يېڭىلانغان دەۋردە بىر قىسىم ئىجتىمائىي توپلاردا نادانلىقنىڭ بىر بىخى بولغان ساختا شۆھرەت يامراشقا باشلىدى.

ئىنسان ئۈچۈن ھەر قانداق بىر ئىشتا ئەستايىدىل بولۇش، ئەمەلىيەتنى، يەنى چىنلىقنى ئاساس قىلىش ھەممىدىن قىممەتلىك. ئوبيېكتىپ شەيئىگىلا ئەمەس، يەنە سۇبيېكتقا بولغان ئەستايىدىللىق، چىنلىق بىباھا پەزىلەت. بەزى كىشىلەر بۇ يەردىكى بىباھا پەزىلەتتىن چەتنىگەن ھالدا ئوبيېكتىپچىلىقنى ئاساس قىلماي، ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا ماختىنىپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ھەۋەس قىلىشىنى ئويلايدۇ. بىراق ھەممە ئىش ئادەمنىڭ ئويلىغىنى بويىچە بولمىغىنىدەك، ساختا شۆھرەت، يەنى ۋاقىتلىق ئابرۇيغا بېرىلىش ئادەمنى ھامان بىر كۈنى خەلقئالەم ئالدىدا شەرمەندە قىلىدۇ ـ دە، باشقىلارنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسىگە قويىدۇ. مەڭگۈ ئاشكارىلانمايدىغان ساختىلىق، شۆھرەتپەرەسلىك يوق، ئۇ ھامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىدۇ.

بىزنىڭ مەھەللىدە بىر ئايال بولۇپ، ئۇ بەك ئابرۇيپەرەس ئىدى. مەھەللىدىكى

نام - ئابرۇيغا بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. بىر كۈنى قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدە قىز تويى بولدى. بۇ توي تولىمۇ ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئۆرپ - ئادىتىمىزگە تولىمۇ ماس كېلەتتى. قىز تەرەپ تويلۇقنى مۇۋاپىق سېلىپ تويىنى ئاددىي - ساددا، لېكىن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى. توي بولۇپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئابرۇيپەرەس ئايال مەھەللىدە كىمنى كۆرسە قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدە بولغان تويىنى مىسالغا ئېلىپ، تويىنى ئۇنداق ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزمەيمەن. توي دېگەن قىز بالا ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئىش، چوقۇم يۇرتىمىزدىكى ھەممە ئادەم ھەيران قالغۇدەك، داغدۇغىلىق ئۆتكۈزىمەن دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈردى. «كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كەپتۇ» دېگەندەك، بۇ ئايالنىڭ قىزىمۇ ياتلىق بولىدىكەن دەپ ئاڭلىدۇق، لېكىن توي بولمىدى. ئاڭلىشىمىزچە، ئوغۇل تەرەپ تويىنى قىلمايدىغان بولۇپ يېنىۋاپتۇ. سەۋەبى دەل ئابرۇيپەرەس ئايالنىڭ تويلۇقنى ھەددىدىن زىيادە ئارتۇق سېلىپ، ئوغۇل تەرەپنى قىيىن ئەھۋالغا قويغىنى ئىكەن. ئۇ ئايالنىڭ مەقسىتى تويلۇقنى كۆپ سېلىش ئارقىلىق ئائىلىسى ۋە قىزىنىڭ ئابرۇيىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت. مانا مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە بىرنەچچە يىلغىچە ئەلچى كەلمىدى. شۇنداق قىلىپ قىزنىڭ تۇرمۇش ئىشى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. يۇرتتىكى ھەممە ئادەم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئالدىراپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىشتىنمۇ قورقۇپ قالدى. بۇ نام - شۆھرەتكە بېرىلگەن شۆھرەتپەرەس نادان ئايالنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ شەرمەندە بولدى.

دېمەك، بىز ھەرقانداق ئىش قىلغاندا ئالدى - كەينىنى، پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىنى ئويلىشىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن قىلمىساق ئاقىۋەت ئۆزىمىزگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدىكەنمىز. ئېغىر بولغاندا باشقىلار ئالدىدا يۈزىمىزنى كۆتۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىمىز. ئاخىردا دەيدىغىنىم، بىز جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم ناچار ئىللەتلەرگە، يەنى ئابرۇيپەرەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋاقىتلىق ئابروي ۋە شۆھرەتپەرەسلىكنى قوغلاشمايدىغان ئىلغار پىكىرلىك، ئىلمىي تەپەككۇرغا باي كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىمىز كېرەك.

## ئادىمىيلىك ۋە ئابروي

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

گۈلنار توختىتۆمۈر

ئىنسان ئەلبىددىكى پەزىلەتلەرنىڭ جەۋھىرى ئادىمىيلىكتۇر. چۈنكى ئىنسان ئادىمىيلىكى بىلەن ئىنساندۇر.

— دانالار سۆزى

ئەگەر ھاياتلىق دەرەخ بولسا، ئادىمىيلىك ئۇنىڭ يىلتىزى، ئەگەر ھاياتلىق سۇ بولسا، ئادىمىيلىك ئۇنىڭ ئېقىنى، ئەگەر ھاياتلىق ئوت بولسا، ئادىمىيلىك ئۇنىڭ يېقىلغۇسى، ئەگەر ھاياتلىق قۇش بولسا، ئادىمىيلىك ئۇنىڭ قانىتى، ئەگەر ھاياتلىق قۇياش بولسا، ئادىمىيلىك ئۇنىڭ نۇرلىرى.

دۇنيادا ئەڭ چەكسىز بولغىنى دېڭىز، ئۇنىڭدىنمۇ چەكسىز بولغىنى ئىنسان قەلبى. ئىنسان قەلبىدىن ئىبارەت بۇ چەكسىز بوشلۇق ئارزۇ - ئارمان، ئىنتىلىشلەر بىلەن تولغان بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ئورنىنى تىكلەش، باشقىلار ھۆرمەت قىلىدىغان، ھەۋەس قىلىدىغان ئادەم بولۇش ھەر بىر كىشىنىڭ ئىنتىلىشى.

تۇرمۇش ئۇ بىر رەڭدارلىققا تولغان سىرلىق كىتابقا ئوخشايدۇ. بۇ كىتابنىڭ بىر بېتىدە ئىنسان قەلبىنىڭ گۈزەللىكى، يۈرەكنى تىترىتىدىغان تەسىرلىك ئىش - ئىزلار، قەھرىمانلىق قىسسەلەر، يۈكسەك ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرى سۆزلەنسە، يەنە بىر بېتىدە ھاياتنىڭ قاراڭغۇلۇق تەرەپلىرى، رەزىللىك، خۇنۇكلۇك، ئىپلاسلىق، قورقۇنچاقلىق سۆزلىنىدۇ.

جەمئىيەت توپىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىنساننىڭ قەلبى بىر سىرلىق دۇنيا. ئۇنىڭدا رەزىللىكمۇ، گۈزەللىكمۇ مەۋجۇت. شۇ سەۋەبتىن، تۇرمۇش رەڭگارەڭ. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئىنتىلىشلىرىنى ھالال يول بىلەن جاپالىق ئەجىر - مېھنەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

ئادىمىيلىك ئىنساني نەزىرى بىلەن دۇنياغا، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە سەممىمي مۇئامىلە قىلىشتۇر. ئادىمىيلىك ئىنساننىڭ پۈتكۈل روھىغا سىڭىپ كەتكەن پۈتمەس - تۈگىمەس كۆچكە ئىگە بولۇپ، ھەرقانداق بىسىم ۋە قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدۇ. دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدىكى نۇرلۇق چولپان، ئامېرىكا خەلقىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر داھىيسى ئابراخام. لىنكولىن ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇ ئامېرىكىنىڭ جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال تەختكە ئولتۇرغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ساھەسى ناھايىتى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. پۈتۈن ئامېرىكىنى نېگىرلارنىڭ ئاھۇ زارى قاپلاپ كەتكەن، ئەينى ۋاقىتتىكى كۆپ قىسىم كىشىلەر نېگىر قۇللارنى ئازاد قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. پەقەت بىر قىسىم پۇلدار فېئودال پومېشچىكلار ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن بۇ تەشەببۇسقا قارشى تۇرغان، ھەتتا ئۆزئارا بىرلىشىپ،

قوشۇن تەشكىللەپ زۇڭتۇڭغا تەھدىت سالغان، لېكىن لىنكولىن ھەرقانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېز يۈكسەلگەن، فېئودال پومېشچىكلار ئۇرۇش قوزغىغان، جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى پۈتۈن ئامېرىكا زېمىنىنى قاپلىغان ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇش فېئودال پومېشچىكلارغا پايدىلىق يۈزلىنىشتە بولۇپ، لىنكولىننىڭ ئورنى تەۋرەپ قالغان. بىراق ئۇ ئادىمىيلىك نەزىرى بىلەن يەنىلا نېگىر قۇللارنى ئازاد قىلىشتا چىڭ تۇرغان. ئاخىر غەلىبە لىنكولىنغا مەنسۇپ بولغان. گەرچە ئۆزى قەستلەنسىمۇ، تارىختا شانلىق تۆھپە ياراتقان، ئامېرىكا خەلقى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئابىدە ياساتتى. ئىنسان ئۇچۇن ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شەرەپ بولامدۇ ؟!

ئادىمىيلىك ھاياتتىن، ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەگەر لىنكولىن ئۇ ئادىمىيلىكنى چۆشۈرۈپ قويۇپ، ئۆزىنى ئويلىغان بولسا نېگىر قۇللارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى بىلەن كارى بولماي، فېئودال پومېشچىكلار بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرگەن بولسا، بەلكىم نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ راھەت - پاراغەتتە ياشار ئىدى. بىراق، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. يۈكسەك پەزىلەتنى يېتىلدۈرگەن كىشى ئۇچۇن ئادىمىيلىك ھاياتتىنمۇ مۇھىم بىلىنىدۇ. ھەقسىز قان تەقدىم قىلىۋاتقان، ناتونۇش بىرىنى قۇتقۇزۇش ئۇچۇن جېنىنى ئايىمايۋاتقان، ئاجىزلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، بېشىنى سىلاۋاتقان، يېتىم باللارنى ئۆز بالىسىدەك بېقىۋاتقان، نامرات بولسىمۇ تېپىۋالغان پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىۋاتقان تەسىرلىك ئىش - ئىزلار بۇنىڭ مىسالى ئەمەسمۇ؟!

دوستۇم، ئۆزۈڭنى تونۇ، كۆزۈڭنى يوغان ئاچ، پۇل، مال - دۇنيا تۇمانلىرى كۆزۈڭنى توسۇۋالمىسۇن. شان - شۆھرەتنىڭ نازلىق بېقىشلىرى سېنى ئازدۇرمىسۇن، ئۇلارغا ئادىمىيلىك بىلەن نەزەر تاشلاپ، ھەقىقىي ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان مال - دۇنيا، ئورۇن، يۈز، مۇھەببەت، قەدىر - قىممەتلەرنى تاپ. پەقەت ئادىمىيلىكنى ئۆلچەم قىلساڭلا، مەڭگۈ پۇشايمان قىلمايسەن. ھامان بىر كۈنى بەخت ئىشىكى ساڭا كەڭ ئېچىلىدۇ.

## كېيىنكى پۇشايمان، ئۆزۈڭگە دۈشمەن

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

خەيرىنسا قادىر

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن «كېيىنكى پۇشايمان، ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دەيدىغان گەپ

بار، سىز بۇ گەپنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنەمسىز؟ سىز قىلغان ئىشلىرىڭىزغا پۇشايمان قىلىپ باققانمۇ؟ مەن ئويلايمەن، جاھاندىكى ئەڭ ئاچچىق نەرسە پۇشايمان، ئۇ ئادەمدىكى روھىي بېسىم ۋە ئازابنىڭ مەنبەسى.

ئىلگىرى مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەن. بىركۈنى كوچىدا دوستۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپ چاپىنىنىڭ بىرتال تۈگمىسىنىڭ بوشاپ قالغانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭغا دېدىم:

— تۈگمىڭىز بوشاپ قاپتۇ، ئۆيگە بارغاندا قايتىدىن قادىۋالسىڭىز بولغۇدەك.

ئويلىمىغان يەردىن دوستۇم ھېلىقى بوشاپ قالغان تۈگمىنى يۇلۇپ ئالدى - دە، يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

— بىر تال تۈگمە كەم بولسا سەت بولۇپ قالامدۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ خېلىغىچە چۈشۈپ قالمايتتىغۇ، ئۆيگە بارغاندا قايتىدىن قادىۋالسىڭىزلا بولاتتىغۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— ئەگەر سىرتتا چۈشۈپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ بىردەملىك سۇپەتنى دەپ يورۇۋەرسەم كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىمەن، ئۇنىڭدىن سەت بولسىمۇ ھازىر ئېلىۋەتكىنىم ياخشى، — دېدى دوستۇم.

شۇنداق، كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاددىي ئىشلارمۇ بەزىدە ئادەمگە ئويلىمىغان دەرىجىدە كۆڭۈلسىزلىك ۋە روھىي بېسىم ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، ئەگەر ھېلىقى دوستۇم شۇ تۈگمىنى چۈشۈپ قالماس دېگەن ئوي بىلەن پەرۋاسىز قارىغان بولسا، تۈگمە چۈشۈپ قېلىپ ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان ئاۋارىچىلىكنى ئېلىپ كەلگەن ھەم شۇ سەۋەبلىك پەرىشان بولغان بولاتتى، ئادىمىيلىكمۇ ۋە تۇرمۇشىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئىشلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ يۈز - ئابرۇي، سۆلەت قوغلىشىپ بىردەملىك ئىشلارنى دەپ چوڭ ئىشلارنى، ھەتتا ئۆمۈرلۈك ئىشلارنى قۇربان قىلىۋېتىش تولىمۇ ئەخمىقانىلىك ئەمەسمۇ؟

پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ، قىلىنىپ بولغان، يۈز بېرىپ بولغان ئىشلارنى پۇشايماندىن مىڭ، ھەتتا ئون مىڭنى قىلغان تەقدىردىمۇ، ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. پۇشايمان — ئۇ ئاچچىق نەرسە، ئۇنىڭ ئاچچىقلىقى نەچچە مىڭ مو مۇنبەت ئېتىزنى كېرەكسىز نەرسىگە ئايلاندۇرغان، ۋودورود بومبىسىغا ئوخشاش غايەت زور.

پۇشايمان — ئۇ ئادەمدىكى روھىي بېسىم ۋە ئازابنىڭ مەنبەسى، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ كاللىسىدىن چىقىرىپ

تاشلىيالماي، ئاخىردا كۆتۈرگۈسىز روھىي بېسىم ۋە ئازابقا دۇچار بولغان ۋە بولماقتا...

شۇنداق، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىپ بولغانىكەنمىز، پۇشايمان قىلساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، بۇ ۋاقىتنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولمىغانغا ئوخشاش.

شۇڭا، بىز ھەرقانداق بىر ئىشتا ئابرۇي ۋە شۆھرەتنى دەستەك قىلىۋالماي، شۇلاردىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ پارلاق بولغان شانلىق نەتىجە ۋە مۇساپىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەقىل كۆزىمىزنى ئېچىپ، ئىشلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلايلى. چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئىنچىكە تەھلىل قىلغاندىن كېيىن ئاندىن قارار چىقىرىشنى ئادەت قىلايلى.

ئاخىردا دەيدىغىنىم، كەتكەنگە پۇشايمان قىلما!

## بەزىدە ۋاز كېچىشمۇ ئادەمنى غەلىبىگە يېتەكلەيدۇ

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

بۇئايشەم يارمەمەت

كىشىلىك تۇرمۇش خىلمۇخىل تاللاشقا تولغان بولىدۇ. بىز بەزىدە زادى قايسىسىنى تاللاشنى بىلەلمەي قالىمىز. ھەممە نەرسە بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە مۇناسىۋەتلىكتەك، ھەممىسى بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنى بەلگىلەيدىغاندەك بىلىنىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا بىزنى بىرخىل گاڭگىراش كەيپىياتى ئوراپ تۇرغان بولۇپ، ئەقلىمىزمۇ تازا ئىشقا كەلمەي قالىدۇ. بەزىدە، باشقىلار مۇنداق قىپتۇ، دەپلا بىزمۇ شۇنداق قىلماقچى بولىمىز، ئەمما بۇ تەجرىبىچىلىك بولۇپ، ئېنىقلا خەقنىڭكىنى مۇنداق قارا - قويۇق قوبۇل قىلساق، مەغلۇپ بولىمىز. شۇڭا ئالدى بىلەن كەيپىياتىمىزنى تەڭشەپ، قايسىسىنى تاللاشنى پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئىشلىرىمىزدا ھەقىقىي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدىغانلىرىغا ئەڭ ئالدى بىلەن ئورۇن بېرىشىمىز، بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە كۆپ ياردىمى بولمايدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسىلەردىن كەسكىنلىك بىلەن ۋاز كېچىشىمىز كېرەك. چۈنكى دەل ۋاقتىدىكى ۋاز كېچىش بىزگە بىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدىنمۇ كۆپ پايدىلىق شارائىتنى ئاتا قىلىشى مۇمكىن.

بۈگۈنكى جەمئىيەت تەرەققىياتى گەرچە كىشىلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ بەزىبىر ناچار ئىللەتلىرى شەكىللىنىشكە باشلىدى. نۇرغۇنلىغان

كىشىلەر جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق پوزىتسىيەسى بىلەن قاراشقا شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بولدى. ئەمما يەنە ئاز بولمىغان كىشىلەر خۇددى قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى پاقىدەك، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، شەخسىيەتچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلمەكتە.

بۇنداق كىشىلەر تەرەققىياتنىڭ زادى نەدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتىدۇ، ئۇلار تەرەققىياتنىڭ ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، جاپالىق ئىزدىنىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى تېخىچە ھېس قىلالمايۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنداق كىشىلەر پەقەت ئۆزىنىڭ كىچىككىنە مەنپەئەت ۋە نام ـ ئابرۇيىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي شەخسىيەتچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ناچار ئادەت ئارقىلىق ھاياتىنى ئۆتكۈزۈۋەرسە، ئاخىرغا بېرىپ ئۆزىنى ھالاكەت گىردابىغا باشلايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلمەيۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتلىق خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۆزىنى مەڭگۈلۈك بەختسىزلىككە ئاپىرىش، خالاس.

بىز بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەنمىز، چوقۇم كىچىكىمىزدىن باشلاپ سەممىيلىكنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىپ، چوقۇم توختىماي ئىزدىنىش ۋە تىرىشىش روھىنى ئۆزىمىزگە قورال قىلىپ، جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرالىغۇدەك شارائىتنى ھازىرلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش ـ كېچەلمەسلىك بىزنىڭ كېيىنكى مۇۋەپپەقىيىتىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر بىز كۆز ئالدىمىزدىكى ئازغىنە مەنپەئەتتىن، ۋاقىتلىق شان ـ شەرەپتىن ۋاز كېچەلمىسەك، ئاخىرقى غەلىبىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ھەر قانداق بىر ھوش كاللىسى جايىدا كىشى بۇنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ ھەم بۇ ھەقتە مىسال كەلتۈرۈش تامامەن مۇمكىن. مەسىلەن، ئالايلى:

بىر يولۇچى ئۇزاق سەپەرگە ئاتلاندى، بىراق يىرىم يولدا ناھايىتى گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدى ھەم ئۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلىپ ناھايىتى ھۇزۇرلاندى، شۇ ئارىدا قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالدى ھەم ئۇنىڭ قورسىقىمۇ ئاچتى، ئۆزىمۇ سەل توڭلىغاندەك بولدى. شۇنىدىلا ئۇ ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگە تېخى يېتىپ بارمىغانلىقىنى بىلدى ـ دە، ماشىنىغا چىقماقچى بولدى، بىراق ماشىنا ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى. ئاخىردا بۇ يولۇچىغا قالغىنى ئۆكۈنۈش ۋە پۇشايماندىن باشقا نەرسە بولمىدى.

بىز بۇ مىسال ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىزكى، ئادەم بىرەر

مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بەزىدە ۋاقىتلىق ھوزۇر - ھالاۋەتتىن، نام - ئابروي ھەم شان - شۆھرەتتىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق چاغدا چوقۇم كەسكىن قارار چىقىرىپ، ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك بولغاندىن ۋاز كېچىپ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىش كېرەك. بۇ ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك رىقابەت دەۋرىدە بۇ تېخىمۇ زۆرۈر.

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاش (جەمئىي 55 نومۇر)

بىر كېمە دېڭىزدا ۋەقەگە ئۇچراپ، بىر يولۇچى بەختكە يارىشا ئامان قاپتۇ. ئۇ يولۇچى بىر پارچە ياغاچقا ئېسىلىۋېلىپ، لەيلەپ يۈرۈپ كىچىك بىر ئارالغا چىقىپ قاپتۇ. بۇ يولۇچى قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەي، ئارالنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقىپ، يېگۈدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپتۇ ھەم ئارالدىكى ياغاچلاردىن ئاددىيغىنە كىچىك بىر كەپە ياساپ تۇرۇپتۇ.

بۇ يولۇچى ھەر كۈنى ئارالدىكى ئېگىز جايغا چىقىپ، بىرەر پاراخوت ياكى كېمە ئۆتۈپ قالارمىكىن دەپ، دېڭىزغا تەلمۈرۈپ قارايدىكەن. ئەمما، بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ، كېمىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئېگىزدە تۇرۇپ، دېڭىزغا قاراۋاتقاندا تۇيۇقسىز ھاۋا تۇتۇلۇپ، چاقماق چېقىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا يولۇچى بىردىنلا ئۆزىنىڭ كەپىسى بار تەرەپتىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال كەپىسىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

ئەمما ئۇ يېتىپ بارغاندا كەپىسى چاقماق چاققاندا ئوت تۇتىشىپ كۆيۈپ كەتكەن بولۇپ، يىغىپ قويغان يېمەكلىكلىرىمۇ كۈلگە ئايلانغانىدى.

يولۇچى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ ھەم بىر تۈپ دەرەخكە ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ نەپىسى توختاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، بىر پاراخوت ئارالغا يېقىنلىشىپتۇ، پاراخوتتىكىلەر ئارالغا چىقىپتۇ. كاپىتان بۇ يەردىكى مەنزىرىنى ۋە دەرەختىكى جەسەتنى كۆرۈپ، ھەممىنى چۈشىنىپتۇ ھەم مۇنداق دەپتۇ: «بۇ ئادەم ئوت كەتكەندە چىققان قويۇق ئىس ـ تۈتەكنىڭ بىزنىڭ پاراخوتىمىزنى باشلاپ كېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان، ئۇ پەقەت بىر ئاز تەخىر قىلسىلا ھايات قالغان بولاتتى.»

توغرا، پۇرسەت ھەمىشە بىز ئويلىمىغان پەيتلەردە پەيدا بولىدۇ. بىز پۇرسەتنى يارىتىشنى، چىڭ تۇتۇشنىلا بىلىپ قالماستىن، يەنە پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشنىمۇ بىلىشىمىز كېرەك.

«پۇرسەتنى يارىتىش، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، پۇرسەتنى كۈتۈش» نى تېما قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) ماتېرىيال مەزمۇنى ئاساسىدا مەركىزىي ئىدىيە (نۇقتىئىنەزەر) نى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ.

(2) ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ (شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ).

(3) مەزمۇنغا ماس ماۋزۇ تاللاڭ.

(4) ماقالىڭىز ماتېرىيال مەزمۇنىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(5) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلغان بولسۇن.

(6) ھەجمى بىر بېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن.

ئۈلگە:

## پۇرسەت پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

رەيھانگۈل ياقۇپ

ئىنسان ئۆز ھاياتىنى پۇرسەت ئىچىدىن ئىزدەشنى بىلمىسە، ياشاش مۇساپىسىنىڭ ئەڭ قىسقا بولىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. كىشىلىك جەمئىيەتتە ئادەم بىلىپ ـ بىلمەي نۇرغۇن پۇرسەتلەرگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ نۇرغۇن پۇرسەتلەر ئىچىدە بىزنى ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغىنى پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. بۇنداق پۇرسەتنى قانداق كۈتۈش، قانداق قولغا كەلتۈرۈش، ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش يەنىلا ئىنساننىڭ ئۆز ئەقلى، تەدبىرى، ئىرادىسى ۋە ئىزدىنىشىگە باغلىق بولغان ھەل قىلغۇچ ئىقتىدار سەنئىتىدىن ئىبارەت.

قىيىنچىلىقنى كۆرۈپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىش، دەرد ـ ئەلەملەردىن ئۈمىدسىزلىنىش ـ ئۈجمە يېش، ئاغزىمغا چۈش دېگەنلىك بىلەن باراۋەر. ئەڭ مۇھىمى نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، بوشاشماستىن تىرىشىش، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئوڭۇشسىزلىقلارغا باش ئەگمەيدىغان روھ بولۇش زۆرۈر. ھەممىمىزگە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ غەلىبە قىلىشى قانداقتۇر تاسادىپىي ئامەت ياكى تەقدىرنىڭ كارامىتى تۈپەيلىدىن بولماستىن، بەلكى ئەڭ خەتەرلىك ھەم ئېتىبارسىز دەپ قارالغان پەيتلەردىمۇ ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، پۇرسەتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

دۇنياغا داڭلىق مىكروسوفت شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بىل گايتس مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن. ئىلگىرى بىر ئىخلاسمەن مۇخلىس بولغانىكەن. ئۇ تەڭرىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆزىگە تەلەي ئاتا قىلىدىغانلىقىغا

ئىشىنىدىكەن. بىر كۈنى تۇيۇقسىز قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، نۇرغۇن جايلارنى كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشىپتۇ. بۇ مۇخلىس بولسا تەڭرى چوقۇم كېلىپ مېنى قۇتۇلدۇرىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇڭا ئۇ كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشماپتۇ. قۇتقۇزۇش ئەترىتىدىكىلەر كېمە بىلەن ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولغاندا، ئۇ بۇنى رەت قىلىپتۇ. چۈنكى ئۇ تەڭرىنىڭ كېلىپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. نەتىجىدە ئۇ سۇغا غەرق بولۇپ، ئۇنىڭ روھى جەننەتكە كىرىپ كېتىپتۇ ۋە تەڭرى بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئۇ تەڭرىدىن: «نېمە ئۈچۈن مېنى قۇتۇلدۇرمايسەن؟ مەن ساڭا شۇنچىلىك سادىق، تەقۋادار ئىدىمغۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «مەن سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كېمە ئەۋەتتىم، ئۆزۈڭ قۇتۇلدۇرۇشنى رەت قىلدىڭ، سەن يەنە كىمدىن ئاغرىنىسەن؟» دەپتۇ تەڭرى.

بۇ بىزگە شۇنداق بىر قائىدىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ھاياتىمىزنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولىدىغان پۇرسەت پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. غەلىبە قازىنىشنى ئويلىغۇچىلار پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ، ئەكسىچە پۇرسەتنى ئۆزى تاپىدۇ، پۇرسەتكە ئىشىنىدۇ، پۇرسەتنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان چاكارغا ئايلاندۇرىدۇ.

شۇڭا، بىز ھاياتىمىزدا كېلىدىغان بىردىنبىر پۇرسەتنى ئۆزى كېلىشتىن بۇرۇن ھېس قىلىپ، ئۇ يوقىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى قىلىشىمىز كېرەك.

## بىزگە ھادىسە ئەمەس، ماھىيەت كېرەك

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

شەمشىنۇر ئابدۇللا

«بۆرە بىلەن قاپاق» نىڭ ھېكايىسىنى ھەممىمىز بىلىمىز:
بۇرۇنىسىدا بىر بۆرە بولغانىكەن، بىر كۈنى قاتتىق بوران چىقىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ھېچ يەرگە بارالماي ئۆۋىسىدا جىم يېتىۋاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن قاپاق بوراندا ئۈچۈپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۆۋىسىنىڭ ئاغزىغا كەپلىشىپ قاپتۇ ـ دە، شامالدا «ۋۇ، ۋۇ» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىشقا باشلاپتۇ. بۆرە كۆڭلىدە: «ئاۋازى بۇنداق دەھشەتلىك بولغانغا قارىغاندا، تازىمۇ يوغان مەخلۇق ئوخشايدۇ» دەپ

ئويلاپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قاپتۇ.

بوران توختىغاندىن كېيىن، بۆرە مىڭ تەستە قاپاقنى غاردىن چىقىرىپتۇ ـ دە، «بۇ مەخلۇق ئويغانغۇچە، ئۇنى دېڭىزغا تاشلىۋېتەي» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇنى قۇيرۇقىغا چىگىپ، يۈگۈرۈپ مېڭىپتۇ. قاپاق سىلكىنىپ يەنە بايىقىدەك ئاۋاز چىقىرىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن بۆرە جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ، دېڭىزغا قانداق چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قاپتۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەنگىنى گەرچە بىر بۆرە بولغىنى بىلەن جەمئىيىتىمىزدە ئاشۇ بۆرىگە ئوخشاش بۆرىنىڭ ئۈچىنىلا كۆرۈپ، يىراقنى نەزىرى يەتمەيدىغان، بىر ئىشنى ئويلانماي تۇرۇپ ئالدىراپ قارار چىقىرىۋېتىپ، ئۆز تەقدىرىنى دوغا تىكىپ قويىدىغان كىشىلەر سامانىدەك.

مەسىلەن، قىمارۋازلار قىمار سورۇنىغا دەسلەپتە تاسادىپىي ياكى بىرەرىنىڭ زورى بىلەن يولۇقۇپ قالىدۇ. گەرچە ئۇلار قىمارۋازنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بىلگەن، ھەتتا ئۆزلىرىمۇ بىرنەچچە قېتىم ئۇتتۇرغان بولسىمۇ، مىڭدىن بىر كېلىدىغان ئۇتۇۋېلىش پۇرسىتىنى دەپ ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى، ئىقتىسادىنى دوغا تىكىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىنى قاڭغىر قاقشىتىپ، ئۆزىنىڭ ئالتۇندەك ياشلىقى ۋە قىممەتلىك ھاياتىنى تۇتۇنلەر ئارا شەرمەندە قىلىۋاتقان، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قان ـ تەرىنى، قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن ئىگىلىكىنى ئاق تاماكىغا تۇگەل ئوراپ، ئۇنىڭ تۇتۇنىنى ھۇزۇر بىلەن شوراۋاتقان كىشىلەرمۇ بىز بىلەن مۇشۇ دەۋردە ياشاۋاتقان زامانداشلار. ئۇلار ئازغىنە مەنپەئەت، بىردەملىك خۇمار، كىچىككىنە تاماشا، ئازغىنە ئابرۇينى دەپ، بەزىلىرى «دوست»لىرىنىڭ كۆڭلىنى دەپ، بەزىلىرى ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۆز ـ ئۆزىنى خاراب قىلىدىغانلار. ئۇلار بۈگۈن ئۇتۇۋالغان تۆت تەڭگە پۇل ھۇزۇرىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايدۇ. ئۇلار ئاق تۇتۇنگە تېگىشكەن ياشلىقىنى «دوست»لىرىنىڭ ئالدىدىكى «ئوغۇل بالىدارچىلىق»نى نامايان قىلىدىغان پۇرسەتتىن ئۈستۈن بىلىدۇ.

يىراقنى قويۇپ، يېقىنغا نەزەر سالساق، مەكتەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 5 ~ 10 مىنۇتلۇق ئويۇننى دەپ دەرس تاشلايدىغان، ھەتتا كۈنلەپ ـ كۈنلەپ ئۆيگىمۇ، مەكتەپكىمۇ دەسسىمەيدىغان ئوقۇغۇچىلىرىمىز تۇگىمەس ئويۇن ـ تاماشانىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىپ، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن نېمىنى كۈتىدىغانلىقىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمەيدۇ، ئازادە، يورۇق دەرسخانىلاردا ئۆتكۈزگەن 40 مىنۇت ۋاقىت 40 يىلدەك بىلىنىپ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا سائەتكە قاراپ، سىرتقا بويۇنداپ، بويۇنلىرى غازنىڭ

بويىندەك ئۈزىرىپ كېتىدۇ ـ يۇ، تورخانىلاردا كىنو كۆرۈپ، ناخشا ئاڭلاپ، ئايىغى چىقماس سۆھبەتلەر بىلەن مۇڭ بولۇپ، تاماكىنىڭ ئىسلىرىدا مەست بولۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىغا يۈرىكى «پىژ» قىلىپ قويمايدۇ.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا «كۆڭۈلدىكى سۆز» پىروگراممىسى «مەھمۇد كاشغەرىنى خاتىرىلەش»تېمىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە ئازات سۇلتان مۇئەللىم: «قاراپ باقايلى، ھازىر مۇشۇنداق ئالەمشۇمۇل تۆھپە ياراتقان ئۇلۇغ بوۋىمىزنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بېرىلگەن پىروگراممىنى كۆرۈۋاتقانلار قانچىلىك؟ مەيدانلاردا لاغايلاپ قۇرۇق پاراڭ سېلىشىۋاتقانلار قانچىلىك؟ كىتابخانىلاردا كىتاب ۋاراقلاۋاتقانلار قانچىلىك؟ تورخانىلاردا ئىس پۇراپ ئولتۇرغانلار قانچىلىك؟» دېگەنىدى.

ھەقىقەتەنمۇ بىز تونۇگۇننى ھە دەپ ئەزۋەيلەشكە ئامراق، ئەتە ئۈچۈن بۈگۈننىڭ غېمىنى قىلىشقا ئۈچ خەق. چوڭلىرىمىزدىن كىچىكلىرىمىزگىچە بىردەملىك كۆڭۈل ئازادىلىكىنى دەپ زادى قانچىلىك بەدەل تۆلەۋاتقىنىمىز بىلەن ھېسابلاشمايمىز. بىر قېتىم زىيان تارتقان ئىشتىن ئۆزىمىزنى ئىككىنچى تارتمايمىز. چوڭلىرىمىز رېستوران، قاۋاقلاردا مۇڭلىنىپ مەست بولۇپ ئولتۇرغاندا بالىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى، تەربىيەسى، قورسىقى، ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن دەرقەمدە بولغان گۈزەل تۇرمۇشنى، ئىللىق ئائىلىگە نەقەدەر ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. بالىلىرىمىز ئاتا ـ ئانىسى بەرگەن پۇللارنى تورخانىغا، قاۋاققا، تۈگىمەس سورۇنلارغا، «مودىسى كەتمەيدىغان» كىيىم ـ كېچەككە خەجلىۋەتكەن. ئايىغى چىقار ـ چىقماس مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ زېھنىنى، ئالتۇندەك ياشلىقىنى، ئاتا ـ ئانىسى ئەۋەتكەن پۇلنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھايا ـ ئەخلاقىنى تېگىشىۋەتكەن چاغدا ھەرخىل تۇرمۇش قاينىمىدا گاھ ئۆرلەپ، گاھ چۆكۈپ، ھاياتلىق ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان ئاتا ـ ئانىسىنى ئويلاپ قويۇشقا ۋاقتى چىقمايدۇ. مەن نېمە قىلىۋاتىمەن، بۇ ئىشىم مېنى نەگە ئاپىرىدۇ؟ دېگەننى ئەسلا ئويلىمايدۇ. ئۇلار بەلكىم:

كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ،
كۆڭۈل ھەر جايغا باشلايدۇ.
سەمەرقەندنىڭ ئالمىسىدەك،
ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ.

دېگەن قوشاقنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانمۇ ياكى ئاڭلىغان يەردە قۇلاقلىرىنى چىڭ ئېتىۋالغانمۇ...

جاھان ئۆزۈن، ئەمما ئۆمۈر تولىمۇ قىسقا. مۇشۇ قىسقا ئۆمرىمىزدە ھايات تەرىپىدىن ئالتۇن دېيىلەمدۇق، قوم دېيىلەمدۇق، ئالما دېيىلەمدۇق، چالما دېيىلەمدۇق؟ بۇ ئۆزىمىزنىڭ سىڭدۇرگەن ئەجرىگە باغلىق. بۇ ئەجىر ئەلۋەتتە ئەقىل - پاراسەت ئىشلىتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەقىلنى شۇنداق ئىشلىتىش كېرەككى، بىر ئىشنى قىلغاندا «ئۇ زادى قانداق ئىش، نەتىجىسى قانداق بولىدۇ، ئۇنداق قىلماي، بۇنداق قىلساممۇ بولامدۇ؟ دېگەننى ئويلىغان ئادەم مەڭگۇ غالىبتۇر. ئىش قىلغاندا ئۇنىڭ ھادىسە تەرىپىنىلا كۆرۈپ، ماھىيىتىگە يەتمىسەك، بۇ ماھىيەتنىڭ ئىچىدە ئۆزىمىزنىڭ قانداق چۆرگىلەپ قالغىنىمىزنى بىلەلمەي، سېزەلمەيلا قالىمىز، خالاس!

## پۇرسەت ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ

(مۇھاكىمە ماقالىسى )

مۇنەۋۋەر ئابلىمىت

ھاياتلىق ــ ئەگرى - توقايلىقتا تولغان جەريان. ئىنسان ھاياتى ئىنتايىن چەكلىك. بۇ ھەممىگە ئايان ھەقىقەت. ئەمما، مانا شۇنداق قىسقا، چەكلىك ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن نازۇك بىر مەسىلە، ئەلۋەتتە.

ھايات ــ رىقابەت ۋە پۇرسەتكە تولغان بولىدۇ. ئىنسان ھاياتلىق سەپىرىنىڭ ھەر بىر قەدىمىدە چەكسىز رىقابەتكە ۋە ئۆزى تېخى تونۇپ يېتەلمەيۋاتقان پۇرسەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزى ئۇچراۋاتقان رىقابەتلەردە ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئاۋارە. يەنە بەزى كىشىلەر بولسا ئۆزى ئۇچرىغان رىقابەتلەرنى ئۆزىگە بېرىلگەن پۇرسەت دەپ بىلىپ تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىزدەنمەكتە ۋە يېڭىلىق ياراتماقتا.

ئىنسان ۋاقىتنى ياكى مال - مۈلكىنى قولدىن بېرىپ قويسا ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، كېيىن تىرىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. لېكىن ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. قولدىن بېرىپ قويغان پۇرسەتنىڭ كىشىگە ئېلىپ كېلىدىغىنى پەقەتلا تۈگىمەس پۇشايمان، خالاس.

تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ھاياتلىقنىڭ ئۆزى ئىنسان ئۈچۈن بېرىلگەن ئەڭ چوڭ پۇرسەت. ئەنە شۇ پۇرسەتنىڭ ئىچىدە ئىنسان ھاياتىنى گۈللەرگە پۈركەش، يېڭىلىقلارنى يارىتىش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇۋاتقان تالاي پۇرسەتلەر مەۋجۇت. پۇرسەت ــ بايلىق دېمەكتۇر. «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ.» دېگەن گەپ بار. بۇ ھەقىقەتەنمۇ توغرا ئېيتىلغان، چۈنكى ھازىر جەمئىيىتىمىزدە نۇرغۇن ياش كارخانىچىلار، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ئۆزىنىڭ ھاياتىنى، ياشلىق باھارىنى قەدىرلەپ ھاياتىدىكى ھەربىر مىنۇت ـ سېكۇنتىنى قولدىن بەرمەي ئىزدىنىپ، ئىنسانىيەت، جەمئىيەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشماقتا. ئەنە شۇنداق تىرىشىش روھىغا باي يول ئاچقۇچىلار بىزنىڭ پەخرىمىز ۋە جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇھىم بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

جەمئىيىتىمىزدە يەنە بىر قىسىم كىشىلىرىمىز باركى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى ھەتتاكى پۈتكۈل ھاياتىنى خۇددى ئۈششۈك تەگكەن ياپراقتەك خازان قىلماقتا. ئۇ كىشىلەرگە قاراپ ئېچىنماي تۇرالمايمىز. ئۇ كىشىلەر ياشلىق باھارىنى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، قىمار ئويناش، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىش قاتارلىق جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىغا، يۇرتىغا، ئائىلىسىگە، قېرىنداشلىرىغا تۈگىمەس ئاۋارىچىلىك ۋە ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرمەكتە.

21 ـ ئەسىر رىقابەت دەۋرى، بىز ئەنە شۇنداق رىقابەتكە تولغان دەۋردە ياشاۋاتقان ئەسىر ھالقىغان بىر ئەۋلاد ياشلارمىز. بىز ئۆزىمىزدىكى مۇشۇ خىل ئەۋزەللىكىمىزنى تونۇپ يېتىپ، ئالدىمىزغا كەلگەن پۇرسەتنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئىزدىنىشىمىز كېرەك. بىلىمىزنى مەھكەم باغلاپ ئەتراپىمىزدا بىزنى ئەگىپ يۈرگەن پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ «ئۈچۈر، رىقابەت» دەۋرىدە پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولالايدىغان، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلەيدىغان دادىل ياشلاردىن بولۇشىمىز كېرەك.

شۇنىمۇ ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەككى، بىز بىر ئەۋلاد ياشلار ھەرگىزمۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئېيتقاندەك «ھاياتلىقى بىلەن بازارنى، ئۆلۈكى بىلەن مازارنى ئاۋات قىلىش ئۈچۈن بۇ دۇنياغا كەلگەن تىرىكتاپلاردىن بولماسلىقىمىز كېرەك» ئەلۋەتتە.

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ (جەمئىي 55 نومۇر)

تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن دادام بىلەن بىللە ياغاچچىلىق قىلدىم. ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگىنىمدىن كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم ئىدى، ئىستىقبالىم يوق، دەپ قارايتتىم.

بىر كۈنى ياغاچ رەندىلەۋاتسام، رەندە تىغى ياغاچتىكى بىر قاداقا قىسىلىپ قالدى، قانچە كۈچەپمۇ چىقىرالمىدىم. «بۇ قاداق نېمانچە قاتتىق بولغىيتتى؟» مەن ئۆز - ئۆزۈمگە غودۇرىدىم.

— چۈنكى ئۇ زەخىملەنگەن، — دېدى دادام گەپ قىستۇرۇپ.

— زەخىملەنگەن؟ — سورىدىم دادامنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي.

— بۇ قاداقلار دەرەخنىڭ زەخىملەنگەن يېرى، زەخىملەنگەن يەر ئاشۇنداق قاتتىق بولۇپ قالىدۇ، — دېدى دادام، — ئادەممۇ ئوخشاش، ئازار يېگەندىن كېيىن قەيسەرلىشىپ كېتىدۇ.

دادامنىڭ سۆزىدىن كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. شۇنداق، ئادەم هاياتىدا ئازار يېگەندىلا، كۆڭۈل ئاغرىقى تارتىپ سەگەكلىشىدۇ؛ تۇرمۇشتا جاپا - مۇشەققەتكە يولۇققاندىلا، تاۋلىنىپ، قەيسەر بولىدۇ.

ئەنە شۇ كۈندىن كېيىنلا مەن كىشىلىك تۇرمۇشتىكى يەنە بىر مەيدان ئېلىشىشقا ئاتلاندىم. چۈنكى مەن ئۈگىنىشسىزلىقتا ئۇچرىغان ئادەمدىلا كۈچلۈك قانات بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدىم.

يۇقىرىدىكى ماتېرىيالنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، «ئۈگىنىشسىزلىقتا ئۇچرىغاندىن كېيىن قەيسەر بولۇش» تېمىسىنى چۆرىدەپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) ماتېرىيال مەزمۇنى ئاساسىدا مەزمۇندىن چەتنىمەي بىر چىقىش نۇقتىسىنى تۇتۇپ يېزىڭ.

(2) ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ. ماۋزۇنى ئىجادىي، جانلىق قويۇڭ.

(3) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلسۇن.

(4) ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

ئۈلگە:

## ھايات سىرلىرى

### (مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئەنۋەر ئايۇپ

ئىنسانلار پەيدا بولغان نەچچە ئەسىر مابەينىدە، ئۆزىنىڭ ھەر بىر قەدىمىنى رۇسلاپ، ھاياتلىقتىكى ھەر خىل توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئۆز ھاياتىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزگەن، ئۆتكۈزۈۋاتقانلار قانچىلىك، بۇنىسى ھەممىمىزگە قاراڭغۇ.

تۈنۈگۈن ئاپپاق ساقاللىق بىر مويسىپىت بوۋاي ماڭا قاراپ كېلىۋاتقۇدەك، بوۋاينىڭ چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان تەبەسسۇمىنى كۆرۈپ بوۋاي نېمىدېگەن بەختلىك - ھە؟! دەپ ئويلىدىم - دە، بوۋايغا قاراپ ئېگىلىپ سالام قىلدىم، ھەمدە بوۋايدىن: «بوۋا، سىز بەك بەختلىك، بەك خۇشال - خۇرام كۆرۈنىسىزغۇ؟» دەپ سورىدىم. بوۋاي: «ھەي ئەخمەق بالام، سەن ئۆزۈڭنى بەختلىك، خۇشال - خۇرام ھېس قىلمامسەن؟ سەن ئۆزۈڭنى بەختلىك ھېس قىلساڭ، بەختلىك، خۇشال - خۇرام ھېس قىلساڭ، خۇشال - خۇرام بولىسەن: ئۆزۈڭنى ئازاب - ئوقۇبەتلىك ھېس قىلساڭ، ئازاب - ئوقۇبەتكە شاھىت بولغاندەك ھېس قىلىسەن» دېدى. بوۋاينىڭ سۆزى ئاخىرلىشىپ «ئەخمەق!!!» دېگەن سۆز ئاڭلانغاندەك بولۇپ، پۈتۈن ئاسمان زىلزىلىگە كەلدى. مەن «ئەخمەق» دېگەن سۆزنى ۋارقىرىغىنىمچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىسام، ھېچكىم يوق. ئويلاپ باقسام چۈش كۆرۈپتىمەن.

قەدىمكى رىم پەيلاسوپى «كىشىلىك تۇرمۇش بىر سەھنىدۇر» دېگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا رول ئېلىشقا باشلايدۇ. ئۇ قايسى زامان، قايسى ماكاندا ياشىشىدىن قەتئىينەزەر «رول ئېلىش»تىن ئىبارەت ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەش جەريانىدىن مۇستەسنا ھالدا ياشىيالمايدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇش سەھنىسىدىكى ھەر بىر رول ئالغۇچىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان تەبىرى پەرقلىق بولىدۇ. ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، كىشىلىك تۇرمۇش سەھنىسىدە دەۋرداشلىرى بىلەن تۇرلۇك شەكىلدىكى ئالاقىنى ئۈزۈپ قويمايدۇ. شەرت - شارائىتتىن پايدىلىنىدۇ ۋە تېخىمۇ ياخشى شارائىت ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. شوتلاندىيەلىك مۇتەپەككۇر، شائىر بۇرنىسىنىڭ قارىشىچە، كىشىلىك تۇرمۇش ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان ھېچقانداق نەرسە بولمايدۇ. غايە، ئىنقىلاب،

ئەمگەك، ئۆگىنىش، تۇرمۇش، دوستلۇق، مۇھەببەت - نەپرەت، ئەخلاق، ئەقىدە، بەخت، گۈزەللىك... دېگەنلەردىن كىشىلىك تۇرمۇش كاتېگورىيەسىگە كىرمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كىشىلىك تۇرمۇش ئۆز نۆۋىتىدە تۈرلۈك - تۈمەن زىددىيەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان. ئۇنىڭدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىقنىڭ، تەرەققىيات بىلەن چېكىنىشنىڭ، خۇشاللىق بىلەن قايغۇنىڭ، ئېرىشىش بىلەن مەھرۇم بولۇشنىڭ، بەخت - ئامەت بىلەن بالا - قازانىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەر بىر ئادەم كىشىلىك تۇرمۇشنى قانداق باشلاپ، قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش ئىختىيارلىقىغا ئىگە، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدە مۇئەييەن بىلىم، چۈشەنچىگە ئىگە بولماي تۇرۇپلا ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ خېلى كۆپ مەنزىلىنى بېسىپ بولىدۇ، مۇشۇ بېسىپ ئۆتكەن ھەر بىر قەدىمىدە ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ ئۇنچە ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى، ئۆز ھاياتىدىكى ھەر بىر كۈننى چوقۇم خۇشال - خۇرام، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۆتكۈزگەندىلا، ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ ھەقىقىي مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ.

ئادەم بەخت - تەلىيى كاج كېلىپ، تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ ئېتىبارغا ئېرىشەلمىسە، ھەمىشە ھاياتتا ئازاب - ئوقۇبەتكە ئۇچراپ تۇرسا، بۇنى دەۋردىن، شەرت - شارائىتتىن كۆرۈشى، تەقدىردىن ئاغرىنىشى كېرەكمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ كېتىشى كېرەكمۇ؟

فىرانسىيەلىك يازغۇچى رومىن روللان: «تەقدىرچىلىك نەزەرىيەسى — بېلى بوش، ئىرادىسىز ئادەملەرنىڭ تېپىۋالغان باھانىسى، كىشىلىك تۇرمۇشتا تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشى تامامەن ئۆزىمىزگە باغلىق» دېسە، قايسىبىر ئالىم مۇنداق دېگەنىكەن: «سەن ھاياتقا كۈلۈپ قارىساڭ، ھاياتمۇ ساڭا كۈلۈپ قارايدۇ». بۇ ھەقىقەتەنمۇ توغرا ئېيتىلغان، قىل سىغمايدىغان ئەمەلىيەت. ئىنسان ھاياتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر جەريان بولۇپ، بۇ جەرياندا قىلچىلىك قىيىنچىلىقلا، ئازاب - ئوقۇبەتكە يولۇقسا، ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. بىز ھاياتىمىزدا ھەر خىل قىيىنچىلىق، ئازاب، خۇشاللىق... لارغا ئۇچرىمايمەن دەپ ھەرگىز كېسىپ ئېيتالمايمىز. بىز ھاياتتىكى ھەر بىر قەدىمىمىزنى بېسىشتا ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىزنى بوشاشتۇرۇپ قويماي، ھەر بىر مەسىلىگە سوغۇققانلىق ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلساق، ھاياتىمىزدا چوقۇم يېڭى سەھىپىلەرنى يارىتالايمىز.

ھايات سىرلىرى، ھايات سىرلىرىنى ھەركىم ھەر خىل چۈشەندۈرىدۇ. ھايات

سىرلىرى ھەققىدە ئالىم، شائىر، پەيلاسوپ... كىملەر، نىمىلەرنى يازمىدى دەيسىز. ھايات ھەقىقەتەنمۇ بىر سىرلىق تىلسىم. بۇ تىلسىم ھەققىدە، ھەر بىر ئادەم ھەر خىل ئىزدىنىشلەرنى ئىلىپ بارماقتا ھەم بارغۇسى. دوستۇم، بىزمۇ ئۆز ھاياتىمىز، ھايات مۇساپىمىزدىكى سىرلار توغرۇلۇق ئىزدىنىيلى، ھايات دەرۋازىسىنىڭ سىرلىق ئاچقۇچى يەنىلا ئۆز قولىمىزدا. گەپ ئۇنى تۇتۇشنى، ئىشلىتىشنى بىلىشتە. شۇنىڭغا ئىشىنىيلىكى، تىرىشچانلىق، غەيرەت - شىجائەت، تەۋرەنمەس ئىرادە ۋە چىدام بىزنى چوقۇم ھايات سىرلىرىنى ئىچىشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ.

## ئوڭۇشسىزلىققا توغرا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۆزى بىر غەلىبە

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

گۈزەلئاي ئادىل

كىشىلىك تۇرمۇش يولى مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - توقاي. بۇ يولدا كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇ جەرياندا بەزىلەر ئوڭۇشسىزلىق ۋ قىيىنچىلىقلارغا باش ئىگىپ، چۈشكۈنلىشىپ، ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلاردا ئىرادە، غەيرەت - شىجائەتتىن ئەسەرمۇ يوق. بۇنداق ئىرادىسىز، ئاززاقلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا بوشىشىپ، نىمە قىلارىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كەلمەيدۇ، ھەتتا بەزى كىشىلەر كىچىككىنە قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىلا، ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنى نابۇت قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز ئۇچرىغان شۇ قىيىنچىلىقلار ھايات يولىمىزنىڭ يول كۆرسەتكۈچ «كومپاس»ى بولۇپ قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا بىز قانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، سەۋرچان بولۇپ، ئوڭۇشسىزلىققا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، تەجرىبە توپلاشنى ئۆگىنىۋىلىشىمىز كىرەك.

بىز دىڭىز بويىدا تۇرغىنىمىزدا دىڭىز سۈيىنىڭ كۆۋەجەپ ئىقىۋاتقان دولقۇنلىرىدىن ھوزۇرلىنىمىز. ئەمەلىيەتتە، شۇ دولقۇنلار دىڭىز ئاستىدىكى خادا تاشلارنىڭ تەسىرىدىن ھاسىل بولىدۇ. ھايات خۇددى شۇ دىڭىز سۈيىگە ئوخشايدۇ، ئادەم قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ تۇرغاندا ئاندىن ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ھىس قىلالايدۇ، ئەجدادلار بىزگە «مەغلۇبىيەت غالىبىيەتنىڭ ئانىسى»، «بۈگۈنكى مەغلۇبىيەت ئەتىكى غەلىبىنىڭ ئاساسى» دىگەندەك ئىبىل ھىكمەتلەرنى قالدۇرغان. مانا بۇ ئەجدادلارنىڭ قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىققا مۇئامىلە قىلىش داۋامىدا يەكۈنلىگەن قىممەتلىك تۇرمۇش تەجرىبىسى.

ئەجدادلار توغرا ئېيتىدۇ، ۋۇجۇدىدىن چىدام - غەيرەت، جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر ھەر قانداق ئېغىر ئوقۇشسىزلىققا ئۇچرىسىمۇ، ئۇنىڭغا سوغۇققانلىق بىلەن توغرا مۇئامىلە قىلىپ، مەغلۇبىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئايلاندۇرالايدۇ. شۇنداق، چىدام - غەيرەتنى ئۆزىگە ھەمراھ ۋە قورال قىلالىغان كىشى ئوقۇشسىزلىقنى بويسۇندۇرغۇچىدۇر ۋە مەڭگۈ غەلىبە قىلغۇچىدۇر. مەسىلەن، ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئېدىسون ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان ئوقۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان، ئۇ پويىزدا گېزىت ساتقاچ ئۆز تەجرىبىسىنى ئىشلەۋاتقاندا ئوت كېتىپ، پويىز باشلىقى ئۇنى ئۇرۇپ، شۇ سەۋەبلىك بىر قۇلىقى گاس بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئۇ بەل قويۇۋەتمەي، تىرىشىپ تەجرىبە قىلىدۇ، ناچار تۇرمۇش شارائىتىدىمۇ چىدام - غەيرەت بىلەن تىرىشىپ، قىيىنچىلىق ۋە ئوقۇشسىزلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئاخىر دۇنياغا داڭلىق ئۇلۇغ كەشپىياتچى بولۇپ چىقىدۇ. داڭلىق مۇزىكانت بېتخوۋېن قۇلىقى گاس تۇرۇپ، دۇنياغا مەشھۇر مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان. ئەگەر ئۇ قۇلىقىم ئاڭلىمايدۇ، مۇزىكا ساھەسى گاسلارغا ئورۇن بېرەرمۇ، گاس تۇرۇپ قانداق مۇزىكا ئىشلەيمەن؟ دېگەندەك ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتقان بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ داڭلىق مۇزىكانت بولالمايتتى، ئۇ ئوقۇشسىزلىققا باش ئەگمەي، ئوقۇشسىزلىقتىن نەتىجە ياراتتى. شۇڭا پارلاق نەتىجىلەر ئۇنىڭغا كەينى - كەينىدىن قۇچاق ئاچتى. دېمەك نۇرغۇنلىغان داڭلىق كىشىلەرنىڭ ئاشۇنداق نام چىقىرىشىنىڭ، ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇلار قايتا - قايتا ئوقۇشسىزلىققا ئۇچرىسىمۇ بەل قويۇۋەتمەي، قەيسەرلىك بىلەن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، تۈرلۈك ئوقۇشسىزلىقلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ئوقۇشسىزلىقتىن تەجرىبە - ساۋاق يەكۈنلەپ، مەغلۇبىيەتنى غەلىبىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇرغان. دېمەك، كىمكى مەغلۇبىيەتتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويماي، مەغلۇبىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇرالىسا، ئۇتۇق مەڭگۈ شۇ كىشىگە مەنسۇپ بولىدۇ. گەپ يەنىلا ئۆزىمىزدە، ئوقۇشسىزلىققا تۇتقان پوزىتسىيەمىزدە.

## سورىغان بىلىم ئاپتۇ، ئۇيالغان كېيىن قاپتۇ

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

مېھرىبانگۈل ھىمىت

ھازىرقى دەۋرىمىز بىلىم دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى، رىقابەت دەۋرى.

ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا، كىشىلەرنىڭ ماددىي

ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، جەمئىيەتنىڭ تەلىپىمۇ كۈنسېرى يۇقىرىلاپ بارماقتا. شۇڭا بىز ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ھازىردىن باشلاپ جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم.

لېكىن، بىز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتكەن مەزمۇنلار ئىچىدە ئۆزى چۈشەنمىگەن مەسىلىلەر ياكى سوئاللارغا يولۇقۇپ قالسا، ئوقۇتقۇچىدىن سوراشقا خىجىل بولۇپ، سورىيالمايدىغانلار، ھەتتا ئۆزى مۇشۇ بىر سائەتلىك دەرسنى چۈشەنمىسە مەيلىكى، ئۇنى ئوقۇتقۇچىدىن سوراپ بىلىۋېلىشتىن ئۇيىلىدىغانلار، تارتىنىپ سورىيالمايدىغانلار خېلى كۆپ. مەنمۇ بۇرۇن شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئىدىم. دەرس ۋاقتىدا ئۆتۈلگەن مەزمۇنلارنى چۈشىنەلمىسەم، قول كۆتۈرۈپ سوراش ئۇياقتا تۇرسۇن، مۇئەللىم بىرەر سوئالنى سوراپ، كىم جاۋاب بېرىدۇ دەپ سورىسىمۇ، جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم.

كېيىن يۈز بەرگەن بىر ئىش مېنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. بىر قېتىملىق ئىمتىھاندا مەن بىر سوئالنى قانداق ئىشلەشنى بىلەلمەي ئامالسىز ئالدىمدا ئولتۇرغان ساۋاقدىشىمدىن ياردەم سورىدىم، ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە، «دەرس ۋاقتىدا مۇئەللىمدىن سورىماي نېمە ئىش قىلغان، بىلمىسىڭىز مۇئەللىمدىن سوراڭ» دەپلا ئالدىغا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. بۇ گەپلەر جان ـ جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى، نەتىجىدە مەن بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىم، قاتتىق ئازابلاندىم ۋە ئىچىمدە: «دەپ بەرمىسىغۇ بوپتۇ، نېمىدەپ ماڭا بۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدىم. كېيىن بۇ ساۋاقدىشىم ماڭا، ئىلگىرى ئۆزىمۇ ماڭا ئوخشاش مۇشۇنداق قوپال مۇئامىلىگە ئۇچراپ قاتتىق ئازابلانغانلىقىنى، كېيىن جۈرئەتلىك بولۇپ، چۈشەنمىگەن يەرلىرى بولسا دادىللىق بىلەن قول كۆتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىدىن سوراپ، ھازىر سىنىپنىڭ ئالدى بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. كېيىن مەنمۇ ھەر قايسى دەرسلەرنى قېتىرقىنىپ تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان، ئۆزۈم بىلمىگەن سوئاللار بولسا ئوقۇتقۇچىدىن سوراپ جاۋاب تاپىدىغان بولدۇم. شۇنداق قىلىپ ھازىر سىنىپتىكى ئالدىنقى قاتاردىكى دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدىم.

مەن بۇلارنى ھەر قېتىم ئويلىغاندا «سورىغان بىلىم ئاپتۇ، ئۇيالغان كېيىن قاپتۇ.» دېگەن بۇ سۆز ئېسىمگە كېلىدۇ. دېمىسىمۇ ھەرقانداق ئىش كىچىكتىن باشلىنىدۇ. بۇ يەردە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئىرادە. سىزدە پەقەت جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدايدىغان غەيرەت ـ جاسارەت، ئىرادە بولسىلا سىز چوقۇم غەلىبە قىلالايسىز.

بىل گايتس مۇنداق دېگەن: «كىشىلىك ھاياتتا ساغلاملىق، بايلىق ۋە

پۇرسەت جەھەتتىكى تەڭسىزلىك تولىمۇ كۆپ بولۇپ، بۇ سانسىزلىغان كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇرلايدىكەن» دېمەك، ھەرقانداق ئىش كىچىكتىن باشلىنىپ، چوڭىغا تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا بىز ھەرقانداق ئىشنى كىچىكتىن باشلىشىمىز لازىم.

ھازىرقى جەمئىيەتتە ئوقۇش پۈتكۈزگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىمىز جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن خىزمەت تېپىش جەريانىدا بىرەر ئىشقا يولۇقسا ياكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، خىزمەت تېپىشتىن ۋاز كېچىدۇ، ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ. ئەگەر ئۇلار يەنىلا ئۈمىدلىك بولۇپ، داۋاملىق خىزمەت ئىزدەۋەرگەن بولسا بەلكىم بىرەر يەردە ئىشلىگەن بولاتتى. لېكىن ئۇلار تۇرمۇشنىڭ بۇنداق ئاددىي سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى.

شۇڭا، بىز ياشلار ئۆزىمىزگە تولۇق ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىمىز، بىرەر قىيىنچىلىق ياكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساق بەل قويۇۋەتمەي تىرىشىشىمىز، خۇددى بېلىقنىڭ يەم ئىزدەش ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىپ، نۇرغۇن قىيىنچىلىقنى يەڭگىنىگە ئوخشاش، بىزمۇ كۆز ئالدىمىزدىكى كىچىككىنە قىيىنچىلىقنى كۆرۈپلا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەي داۋاملىق ئىزدىنىشىمىز، شۇنداقلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم ھەم ئۆزىمىز چۈشەنمىگەن نەرسىلەر بولسا، دادىللىق بىلەن قول كۆتۈرۈپ سورىشىمىز، بىرنەچچە قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقۇپ بەل قويۇۋەتمەسلىكىمىز ھەمدە «سورىغان بىلىم ئاپتۇ، ئۇيالغان كېيىن قاپتۇ» دېگەن بۇ ئەقلىيەنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىم.

## ئوڭۇشسىزلىق توغرىسىدا

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئانىقىز ئابدۇرېشىت

ئوڭۇشسىزلىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەت ئەزەلدىن قوشكېزەك، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار بىلەن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچىلار ئۇچرايدىغان مۇئامىلە ئوخشاشمايدۇ. كىشىلەر غەلىبە قازانغۇچىلارغا ھامان دەستە - دەستە گۈللەرنى سۇنسا، مەغلۇپ بولغۇچىلارغا «قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، كارغا كەلمەس» دېگەندەك «چىرايلىق» ناملارنى تەقدىم قىلىشىدۇ، ئۇلارنى كەمسىتىدۇ، ھاقارەتلەيدۇ. قىسقىسى سىز مەغلۇپ بولدىڭىزمۇ، ھەرگىز

قەھرىمان ئاتىلالمايسىز. ئەمەلىيەتتە بۇ ئادىللىق ئەمەس!
بىلىش كېرەككى، كىشىلىك ھايات يولىدا، كۈرەش جەريانىدا«يېڭىلمەس گېنېرال» بولغان ئەمەس. ئەمما كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولغانلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىراق كۆپ مەغلۇپ بولغانلارنى ئىقتىدارسىز، قەھرىمان بولالمايدۇ دەپ قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى بەزى ئەھۋاللاردا بىراقلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. مەغلۇپ بولغۇچىلار كەينىدىن ئىز باسقۇچىلارغا تەجربە - ساۋاق بېرىپ، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا بىز مەغلۇپ بولغۇچىلارنى «قەھرىمان» مۇۋەپپەقىيەت يولىنىڭ ئۇل تېشى دېيىشكە ھەقلىقمىز. تيەن ستوۇڭنىڭ قانۇن ئۆزگەرتىشى مەغلۇپ بولدى. سۇن جوڭشەن باشچىلىق قىلغان ئىنقىلابمۇ مەغلۇپ بولدى. بىراق، ئۇلارنى قەھرىمان دېسەك نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىزگە «جۇڭگودا كاپىتالىزمنى يولغا قويغىلى بولمايدۇ» دېگەن قىممەتلىك تەجربە - ساۋاقنى بىلدۈرمىدىمۇ؟ بەزى كىشىلەر ئۇلۇغ، ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ پارلاق نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ، مۇۋەپپەقىيەت ئاسانلا قولغا كېلىدىكەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ «سىر»نى تاپماقچى بولۇشىدۇ. بىراق، ئىنچىكە ئويلايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ «سىر» نىڭ «ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقماي، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە ماھىر بولۇش»تىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز.
ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۆزىنى يوقىتىپ قويماي، داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلغان مەغلۇپ بولغۇچىلار ھەقىقىي قەھرىمان بولالايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئوڭۇشسىزلىقنى ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دەپ بىلىدۇ. ئۇلار خەتەرگە پىسەنت قىلماي، باشتىن - ئاخىر ئۆز نىشانىغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئوڭۇشسىزلىق سەۋەبىدىن باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە، كەمسىتىشىگە ئۇچرىغاندا ئىرادىسىنى يوقىتىپ قايتا ئورنىدىن تۇرالمايدىغانلار، قىسقىسى مەغلۇپ بولغۇچىلار ھەقىقەتەنمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.
ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئېدىسوننى مىسالغا ئالساق، ئۇ بىر كەشپىياتنى يارىتىش ئۈچۈن 800 قېتىمدىن كۆپرەك تەجربە ئىشلەپ مەغلۇپ بولغان. بىراق ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىغان ھەم قايغۇرمىغان. ئۇ مەن نېمىشقا قايغۇرغۇدەكمەن، بۇ 800 قېتىمدىن كۆپرەك مەغلۇبىيىتىم ماڭا ھېچبولمىغاندا 800 خىل ئۇسۇلنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى، دېگەن. دەل مۇشۇنداق روھقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك كەشپىياتلارنى ياراتقان.
بىزدە «مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى» دەيدىغان ھېكمەت بار.

بىراق بۇ ھەرگىزمۇ مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەت قازانغانغا باراۋەر دېگەنلىك ئەمەس. مەغلۇپ بولغاندا يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭدىن تەجرىبە - ساۋاق يەكۈنلەپ، قايتىدىن روھنى ئۇرغۇتقاندىلا، ئاندىن مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى بولالايدۇ.

شۇڭلاشقا، بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا بەل قويۇۋەتمەستىن، ئۇنىڭدىن تەجرىبە - ساۋاق يەكۈنلەپ، ئىرادىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. نەتىجە تىرىشقانلارغا مەنسۇپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەيلى، ھەرگىزمۇ سەپتىن چۈشۈپ قالمايلى!

## ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە مۇۋەپپەقىيەت

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

تالىپجان غېنى

كىشىلىك تۇرمۇش ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - توقاي بىر جەريان، ئىنسان كىشىلىك تۇرمۇشقا قەدەم باسقانىكەن، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ شۇ مۇرەككەپ جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. شۇڭىڭدەك ئادەمنىڭ ھايات يولىمۇ ئەگرى - توقاي بولىدۇ.

ئىنسان تۇرمۇشتا بىرەر قىيىنچىلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە يولۇقمايمەن، دېيەلمەيدۇ، ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىقلار ھەر ۋاقىت ھەممە ئادەمگە خۇددى سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرىدۇ. ئەنە شۇ قىيىنچىلىقلار ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەگرى - توقاي يوللىرىدا كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز توسۇق پەيدا قىلىپ، كىشىنى ئامالسىز ئەھۋالدا قالدۇرۇپ قويىدۇ. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان شۇ پەيتتە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ، بىر مەزگىل ئاشۇ توسۇقلارنى بىتچىت قىلالماي تەمتىرەپ يۈرىدۇ، مۇشۇنداق چاغدا بەزى كىشىلەر بېلىنى مەھكەم باغلاپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئۆزىگە ئىشىنىپ، ئالدىدا پەيدا بولغان بۇ توسۇقلارنى بىر - بىرلەپ بىتچىت قىلالايدۇ، لېكىن بەزى كىشىلەر ئالدىدا پەيدا بولغان شۇ توسۇقلارغا توغرا مۇئامىلە قىلالماي، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ، ئاسانلا بەل قويۇۋېتىدۇ، ھاياتقا ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارايدۇ، بۇ خىلدىكى كىشىلەرگە تۇرمۇش ئىنتايىن مەنىسىزدەكلا تۇيۇلىدۇ، شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئىنسان دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەغلۇبىيەتنى يېڭىش ئۆزىگىلا باغلىق. «ئادەمنىڭ تەقدىرى ئۆز قولىدا». بۇ ھەقىقەتنىمۇ توغرا ئېيتىلغان سۆز، ئادەم ئۆزى يولۇققان مەغلۇبىيەتلەرنى تەقدىردىن كۆرمەسلىكى كېرەك. پەقەت

ئۆزىگە ئىشەنچ تۇيغۇسى بىلەن قارىيالىغان ئادەملا تۇرمۇشنى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزەلەيدۇ ـ دە، تەقدىردىن زارلانمايدىغان بولىدۇ.

بىر كۈنى بىر ئادەم قولۋاق بىلەن دېڭىزدا سەپەرگە چىقىپتۇ، ئۇ كېتىۋېتىپ دېڭىز دولقۇنىنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، قولۋىقى پاچاقلىنىپ كېتىپتۇ ۋە قولۋاقتىكى ئادەم سۇغا چۆشۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئادەم بېشىغا كەلگەن بۇ بالا ـ قازادىن قايغۇرۇپ، ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپلا قويۇپتۇ. ئۇ: «ئەمدى مەن مۇشۇ دېڭىزدا ھالاك بولىدىغان بولدۇم» دەپ ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرغان ئەھۋالدا ھېلىقى پاچاقلىنىپ كەتكەن قولۋاقنىڭ بىر ياغىچى پۈتىغا تېگىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىردىنلا ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولۇپ، ھېلىقى ياغاچنىڭ ياردىمىدە باتۇرلۇق بىلەن ئالغا قاراپ ئۈزۈپتۇ، قەلبىدىكى ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ بارغانسېرى ئېشىپتۇ، ئۇ دېڭىز يۈزىگە چىقىپ، ئەتراپقا قارىسا يىراقتىن بىر پاراخوت ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك، ئۇنىڭ قەلبى چەكسىز ھاياجانغا تولۇپ بارلىق كۈچى بىلەن باتۇرلارچە پاراخوت تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پاراخوتتىكى كىشىلەر تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنىپتۇ.

دېمەك، يۇقىرىقى مىسالدا دېيىلگەندەك، ھېلىقى ئادەم ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتماي، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھاياتقا ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسى بىلەن قارىغانلىقى ئۈچۈن، قىيىنچىلىقنى ئوڭۇشلۇق ھالدا يېڭىپ چىقالىدى. ئۆزىگە تەجرىبە ـ ساۋاق يەكۈنلىيەلىدى، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ مەغلۇبىيەتكە تەن بېرىپ، ھاياتىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزگەن، ئۆزىگە ئىشەنمىگەن بولسا چوقۇم ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ھەر بىر ئادەم ئۆزىگە ئىشىنىشى كېرەك.

مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاساسى، ئىنسان كىشىلىك تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتكە دۇچ كېلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئىنسان مەغلۇبىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. بەزى كىشىلەر ئازراق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، قايغۇرۇپ، ئازابلىنىپ، تۇرمۇشىدىن زارلىنىپلا ياشايدۇ، مەغلۇبىيەتكە تەن بېرىدۇ، يەنە بەزى كىشىلەر ئازراق مۇۋەپپەقىيەت قازانسا خۇشال بولۇپ، ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

دېمەك، ئىنسان تەبىئىيتى ئەنە شۇنداق ئۆزگىرىشچان بولىدۇ، مەن ئويلايمەنكى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە باش ئەگمەي ئۆزىگە ئىشەنگەندىلا قولغا كېلىدۇ، ئىشەنچ ۋە جاسارەتكە تولغان ئىنساننىڭ كۆزى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان زۇلمەتلىك كېچىدىمۇ پارلاپ تۇرغان قۇياشنى كۆرەلەيدۇ.

شۇڭا بىز بىرەر ئىشقا كىرىشكەندە، ئۆزىمىزنى بىسىۋېلىپ، سوغۇققانلىق

بىلەن ئويلىنىپ، پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن ئەستايىدىل، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئۆزىمىزگە ئىشەنسەكلا، مۇۋەپپەقىيەت چوقۇم ھەر ۋاقىت بىزگە ھەمراھ بولىدۇ، تۇرمۇشىمىز خۇشال ۋە بەخت ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىي خۇسۇسىيىتىمىزنى ھەقىقىي تونۇپ يېتەلەيمىز.

## مەغلۇبىيەت ئىرادىنى تاۋلايدىغان پېچ

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

نۇرنىسا ھېمىت

ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن ناھايىتى پاساھەتلىك بىر ھېكمەت بار. ئۇ بولسىمۇ «مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى». ئىلگىرى بۇ ھېكمەتكە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەنىكەنمەن. ئەمما، يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان بۇ ھېكمەتنى كۆپ تەكرارلايدىغان، بۇ ھېكمەت ئۈستىدە كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى، مەن يەنە داۋان ئۈستىگە چىققانىدىم. شۇڭا بۇ قېتىممۇ مەغلۇپ بولسام، ماڭا يەنە بىر چىقىش يولى بارمۇ دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويۇپتىمەن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، بۇنداق دېسەم تېخى ئىمتىھان بەرمىگەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ بولسام دەيدىغاندۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. بۇ راستتىنلا ئىككىنچى قېتىملىق داۋان ئۈستىگە چىقىشىم. ئۇنداقتا، مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ بىر ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەي، شۇ چاغدىلا سىز مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلەيسىز.

مەن ئۈچ يىل ئىلگىرى مۇشۇ ۋاقىتتا ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئىمتىھان بەردىم. ئىمتىھان نەتىجىسى چىقتى. نەتىجەم بىلەن نومۇر سىزىقىنى سېلىشتۇرسام پەرق خېلىلا چوڭ ئىكەن. بۇ ناچار ئەھۋال ئەزەلدىن يۇقىرى نومۇر بىلەن ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان مەن ئۈچۈن بىر چوڭ مەغلۇبىيەت بولۇپ ھېسابلىناتتى. مەن قاتتىق ئازابلاندىم ۋە ئەمدى يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇماسلىق قارارىغا كەلدىم. چۈنكى مەن شۇنچە تىرىشىپ ئۆگەنگەن بولساممۇ، ئالغان نومۇرۇم مۇشۇ تۇرسا، يەنە ئوقۇسام قانداق بولار دېگەن سوئال كاللامنى چىرمىۋالغانىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا دادام:

— قىزىم، بۇ گەپنى سىز قىلمىۋاتامسىز، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ. ئۈمىدۋار بولۇڭ. بۇ سىز ئۈچۈن ھەم بىز ئۈچۈن ياخشى باشلىنىش، بۇ سىزنىڭ تۇنجى قەدىمىڭىز، «جەڭدە مەغلۇپ بولمىغان قوماندان ياخشى قوماندان ئەمەس»، «غەلىبە قىلغانلار ئەمەس، مەغلۇبىيەتتىن كېيىن تىك تۇرالىغانلار ھەقىقىي

قەھرىمانلاردۇر» ــ دېدى.

دادامنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم پاللىدە يورۇغاندەك بولۇپ، كاللام سەگەكلەشتى، ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم. مەن نېمە ئۈچۈن ئوقۇشتىن ۋاز كېچىمەن؟ بۇ مەن ئۈچۈن تېخىمۇ زور يوقىتىش ئەمەسمۇ؟

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ باشقىچە روھ بىلەن تىرىشىپ ئۆگەندىم. ھەممە ماتېرىياللىرىمغا «مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى» دېگەن بۇ ھېكمەتنى يېزىپ، ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتىم. نەتىجەم ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. مەن ئەنە شۇ چاغدىلا «مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى» دېگەن بۇ ھېكمەتنى، دادام ئېيتقان ھېلىقى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدۇم. بۇ ھەقىقەت ئىكەن، ئادەم بىر قېتىم مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەقىقىي ئىرادە تىكلىيەلەيدىكەن. خۇددى پولاتنى دومنا پېچقا قانچە ئۇزۇن سالسا، شۇنچە تاۋلانغاندەك، ئادەممۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن شۇنچە تاۋلىنىدىكەن. مەغلۇبىيەتتىن كېيىن قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسىز بولۇپ قالغانلىقىنىڭ تەمىنى ھەقىقىي تېتىيدىكەن ھەم ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپلەردە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا بۇنى تولۇقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنى ھەقىقىي تاۋلاپ چىقىدىكەن.

مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق مەغلۇبىيەتنىڭ ھەقىقەتەن ئادەمنى قەيسەر قىلىپ چىقىدىغانلىقىنى، ئىرادىنى تاۋلايدىغان پېچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. شۇنداق، ئىلگىرىكى مەغلۇبىيىتىم ماڭا «بۇ قېتىم چوقۇم غەلىبە قىلىمەن» دېيەلەيدىغان چوڭ بىر ئىشەنچنى ئېلىپ كەلدى. مانا بۇ نەتىجە، مانا بۇ ھەقىقىي غەلىبە!

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاش (جەمئىي 55 نومۇر)

ئاتا - بالا ئىككىسى ئېشەكنى يېتىلەپ شەھەرگە ماڭغانىكەن، يولدا ئۇچرىغان بىرى: «دۆتلۈكىنى قارا بۇلارنىڭ! تەييار ئېشەك تۇرسا مىنمىگىنىنى» دەپ مازاق قىلىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دادىسى ئوغلىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ قويۇپتۇ، ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا يەنە بىر ئادەم ئۇچراپ: «نېمىدېگەن ۋاپاسىز ئوغۇل بۇ، ئۆزى ئېشەككە مىنىۋېلىپ، دادىسىنى پىيادە ماڭدۇرغىنىنى!» دەپتۇ.

دادىسى شۇ هامان ئوغلىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئېشەككە ئۆزى مىنىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەنە بىر ئادەم: «شۇنداقمۇ تاش يۈرەك دادا بولامدۇ، ئوغلىنى ماڭدۇرۇپ ئۆلتۈرەمدىكىنە!» دەپتۇ.

دادىسى ئالدىراپ - تېنەپ ئوغلىنىمۇ ئېشەككە مىندۈرۈۋاپتۇ. كىم بىلسۇن، بۇنى كۆرگەن يەنە بىر ئادەم: «بۇ ئىككىسىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى قارا، بىر ئېشەككە تەڭلا مىنىۋالغىنىنى!» دەپتۇ.

ئاتا - بالا ئىككىسى دەرهال ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ تۆت پۇتىنى چەمبەرچاس باغلاپتۇ - دە، ئۇزۇن توقماقنى ئېسىپ كۆتۈرۈۋاپتۇ. ئۇلار بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغدا، ئېشەك پەقەتلا چىديالماي بىرلا يۇلقۇنغانىكەن، دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ!

بىلمەن، سەن چوقۇم ئىچىڭدە: «مۇشۇ كونا هېكايىنىمۇ سۆزلەپ يۈرگىنىنى!» دەپ كۈلۈۋاتقانسەن.

توغرا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ كونىراپ كەتكەن ھېكايە، لېكىن مەن ساڭا يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بېرىشنى لايىق تاپتىم. چۈنكى مەن سېنىڭ باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالماي، خۇشال - خۇرام ياشىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

(«ياشلار ئۈچۈن 101 ھېكمەت» تىن ئېلىندى.)

«ئۆزى مۇستەقىل توغرا قارار چىقىرىش ۋە شۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش» نى مەزمۇن قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

(1) ماتېرىيال مەزمۇنى ئاساسىدا، مەزمۇندىن چەتنىمەي، بىر چىقىش نۇقتىسىنى تۇتۇپ يېزىڭ.

(2) ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ. ماۋزۇنى ئىجادىي، جانلىق قويۇڭ.

(3) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلسۇن.

(4) ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

ئۈلگە:

## ئۆزگە ئىشىنىش — مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ماخمۇتجان ئايۇپ

مەنمۇ، ئۇمۇ، سىزمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلايمىز. ئىنساننىڭ غايىسىدە مۇۋەپپەقىيەت — دېڭىز بويىدىكى ماياكتەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. بۇ دېڭىز ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن ئۆمرىگە ۋەكىللىك قىلسا، مۇۋەپپەقىيەت قىرغاقتا يېقىنلايدۇ. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى تىرىشچانلىق، پۇرسەت ۋە تەبىئىي تالانت. تەبىئىي تالانتتىن باشقا ئۆزگە ئىشىنىش ئېڭىمۇ ئادەمنى مۇۋەپپەقىيەتكە بىر قەدەم سىلجىتىدۇ. بىراۋنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئۆزگە ئىشىنىش پىسخىكىسى ئۆز رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرالىسا، باشقىلارغا قارىغاندا مۇۋەپپەقىيەتكە تېخىمۇ تېز ئېرىشىدۇ. ئۆز - ئۆزگە ئىشىنىش ئېڭى ئۆز نۆۋىتىدە ئادەمنى خاتالىقتىن ساقلاپ، ئۈزۈكسىز ھەرىكەت قىلىۋاتقان موتورغا دەل ۋاقتىدا بېرىلگەن سىلىقلاش مېيىدەك مۇھىم رولنى ئويناپ، تىرىشچانلىققا تېخىمۇ زور مەدەت بولۇپ قوشۇلىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا بۇنىڭغا ئائىت مىساللار ناھايىتى كۆپ.

بىر قېتىم ئەنگلىيە باش ۋەزىرى پېتىر گېنېرال ۋولفنى كانادادا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىگەندىن كېيىن، گېنېرال ۋولفنىڭ ئۆزىنى كۆپتۈرۈشىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. بۇ ياش گېنېرال قىلىچىنى ئوينىتىپ توختىماي جوزىغا ئۇرۇپ، ئۆي ئىچىدە قاتراپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تۆھپە يارىتىدىغانلىقى توغرىسىدا پو ئاتقان. پېتىر ئۇنىڭدىن قاتتىق بىزار بولۇپ، ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا، لورا تېمپلغا: «تەڭرىم، پۈتكۈل ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرىنى مۇشۇنداق ئادەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتىمەن!» دەۋەتكەن.

لېكىن، بۇ باش ۋەزىر ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان مۇشۇ ياشنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، كېسەل كارىۋىتىدىن تۇرۇپ، ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىپ، ئابراھام ئېگىزلىكىدە شانلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ۋولفنىڭ ئۆزىنى ماختىشى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە يېتىپ بارالايدىغان يۈكسەكلىككە بولغان بىر

خىل ئالدىن ئېيتقان سۆزى ئىدى.

چەت ئەل ئەدىبلىرىدىن ئورسوْن مادىن ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ۋە مۇۋەپپەقىيەت دېگەن كىتابىدا: «دۇنيادا باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىشتىن قۇتۇلغاندا، ھاسىسىنى تاشلىۋەتكەندە، ئاندىن ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولغىلى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. ئۆزىگە تايىنىش ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش ـ مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى» دېگەن پەلسەپىۋى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھېكمەتكە باي خەلقىمىز ئارىسىدىمۇ «ئۆزۈڭ بىلگەن يولنى ئاتاڭغا بەرمە!» دېگەن گەپ بار. بۇ بىر جۈملە سۆز ئۆزىگە ئىشىنىش بىلەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى پەلسەپىۋى مەنىدە ئىپادىلىگەن.

ئەگەر سىز ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۆزىڭىزگە ئىشەنمەي، شامالدا ئۇچقان ماكاپتەك شامالنىڭ يۆنىلىشى قەيەرگە بولسا، شۇ تەرەپكە قاراپ ئۇچسىڭىز، سىزنىڭ ھاياتىڭىز ماكاپنىڭ ھاياتىدەك قىسقا، ئېرىشكەن نەتىجىلىرىڭىز ماكاپنىڭ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، ناھايىتى تېز تۈزۈپ كەتكىنىگە ئوخشاش ۋاقىتلىق بولۇپ قالىدۇ. قىسقىسى، ئۆزىڭىزگە ئىشەنمىسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس.

قايسىبىر چەت ئەل يازغۇچىسى ئۆز ئەسىرىدە: «ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا ئىشەنچىسى يوق، ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىغا ئىشەنمەيدىغان ئادەم، بۈگۈنى بۇ ئىشنى قىلسا، ئەتىسى ئۇ ئىشنى قىلىپ، ئاخىر ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ» دەپ ئېيتقانىكەن.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئۆزىگە ئىشىنىش ئېڭى ئادەمنى مۇۋەپپەقىيەتكە باشلايدىغان كومپاستەك يېتەكچى رول ئوينايدۇ. ئۆزىگە ئىشىنىش ئېڭى ئۆز نۆۋىتىدە رولىنى توغرا جارى قىلدۇرالىسا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتۇپ تۇرالايمىز. شۇڭا، ھەممىمىز مۇستەقىل كۆز قاراشقا، ئۆزىگە ئىشىنىش ئېڭىغا ئىگە بولۇپ، شۇ ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت ئىشىكىنى ئاچايلى!

## يول سېنىڭ قەلبىڭدە

(مۇھاكىمىلىق نەسر)

گۈلبەھرەم سىدىق

يوللار يوقىلىپ تۇرىدۇ. يوللار ھەم قايتىدىن پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئىشىنىش كېرەككى، ئاياغ ئىزى يولنىڭ بەلگىسى ئەمەس.

يول چەكسىزلىككە سوزۇلغان، يول كېسىشكەن، يول داۋاملاشقان... دېمەكچىمەنكى، بۇ دۇنيادا ئەڭ كۆپ نەرسە يولدۇر. سەن بۇ يولغا ئاتلانغانىكەنسەن، چوقۇم مېڭىشنى داۋاملاشتۇر. سەن مەيلى يولنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن ماڭ ۋە ياكى سول تەرىپى بىلەن ماڭ ئوخشاشلا مېڭىشنى داۋاملاشتۇر. ئارتۇقچە ئەنسىرىمە. بۇ يول ئەڭ توغرا يول. بۇ يول ئەڭ شەرەپلىك يول. چۈنكى بۇ يول سەن ماڭغان يول.

شۇنداق، خاسلىق ھەممىدىن مۇھىمدۇر، سەن ماڭغان شۇ يول سېنىڭ خاسلىقىڭدۇر. سەن ماڭغان يول سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ، بۇ يولدا سەن ئالدىڭغا قاراپ مېڭىۋەر، ئەمدى سېنىڭ ئارقاڭدا يول يوق. باشقىلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا قۇلاق سالما، ئۇلار ئۆزىنىڭ يولىنى ساڭا تاڭماقچى بولىدۇ. سەن ئۇلارنى مەڭگۈ رازى قىلالمايسەن. ئۇلارنى رازى قىلغان تەقدىردىمۇ ئۆزۈڭ رازى بولمايسەن. ئەجەبا، سەن ئارقاڭغا قارىغان ھالدا ئۆزۈڭ خالىمايدىغان يولدا ماڭماقچىمۇ؟ بىلىشىڭ كېرەككى، سەن ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى رازى قىل، سەن ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ يولىدا مېڭىۋەر. شۇندىلا ئۆزۈڭنى ۋە باشقىلارنى رازى قىلالايسەن، قەلبىڭ ئاندىن ئارام تاپىدۇ. مانا بۇ يول، مانا بۇ سەن ماڭغان يول.

لۇ شۈن ئەپەندى: «دۇنيادا ئەسلىدە يول يوق ئىدى، ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئاندىن يول بارلىققا كەلدى» دەپ ئېيتقان. بۇ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىلغان سۆز، دۇنيادا يول يوق. يول سېنىڭ ئاياغ ئاستىڭدا، يول سېنىڭ قەلبىڭدە. سەن مەيلى سايدا ماڭ ۋە ياكى گۈلزارلىقتا ماڭ، سەن يەنىلا مېڭىشنى داۋاملاشتۇر. سېنىڭ بىر چامدام كەينىڭدە قالغىنى يول ئەمەس، ئۇ ئۆتمۈش. سەن ئۇ يولنى تاماملاپ بولدۇڭ. يول ئالدىڭدا، يول ھېچكىم ماڭمىغان يەردە...

ئۇيلان، تەقدىر يولى توغرىسىدا ئويلان، ھايات يولى توغرىسىدا ئويلان، چۈنكى ئۇ يوللارنىڭ ھەممىسى بارسا كەلمەس يوللاردۇر. چۈنكى ھايات ئاخىرلىشىدۇ، تەقدىر نابۇت بولىدۇ. سەن يەنە ئويلان، سەنمۇ بىر كۈنى نابۇت بولىسەن. قالغىنى سېنىڭ ئىزىڭ، سېنىڭ يولۇڭ، ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان خاسلىقىڭ ۋە سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭنى ئاشكارىلايدىغان يول. شۇنداق تۇرۇقلۇق سەن يەنە نېمىگە ئىككىلىنىسەن؟ ماڭ، مېڭىۋەر دوستۇم، مېڭىۋەر، بۇ يول سېنىڭ بولسۇن. بۇ يول ساڭا ئايلانسۇن!

## مۇستەقىل قاراش تۇرغۇزايلى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

پاتەمنىسا روزى

تۇرمۇش تولىمۇ مۇرەككەپ، رول ئېلىش تولىمۇ قىيىن بولغان بىر سەھنە.

بۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان پېرسوناژلار ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئۆزىگە مۇناسىپ رولنى ئېلىشى كېرەك. يولنى ئۆزىمىز تاللىغانىكەنمىز، باشقىلارنىڭ پىكىرلىرى بىلەن كاللىمىزنى قاتماللاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆزىمىز كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيمىز. ھېچكىمنىڭمۇ ناچار رولنى تاللىۋېلىپ سەلبىي پېرسوناژ بولۇپ قالغۇسى يوق. گەپ شۇ تاللىغان رولنى ياخشى ئويناش - ئوينىيالماسلىقتا.

سىز رول ئېلىش جەريانىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سىزنىڭ رول ئېلىش ماھارىتىڭىزگە نىسبەتەن پىكرى تۇغۇلىدۇ، بۇ پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سىزگە پايدىلىق ياكى ھەممىسىنىڭ زىيانلىق بولۇپ كېتىشى ناتايىن، سىز پەقەت شۇ پىكىرلەرنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، پايدىسىز يەرلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتسىڭىزلا بولىدۇ، ھازىرقى زاماندىكى كىشىلىرىمىزنىڭ كاللىسى بەك تەرەققىي قىلىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نېمە ئويلايدىغىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر رىقابەت ئېڭىنى خاتا چۈشىنىۋېلىپ بىر - بىرىنى تورلاقا ئىتتىرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىز تاللىغان رول ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشىڭىز، شۇ رولنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن ئىزدىنىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭغا تېخىمۇ رەڭدار مەزمۇنلارنى قاتالىسىڭىز، ئاخىردا سىزنىڭ ئالغان رولىڭىز سىزنىمۇ ۋە ئۆزگىنىمۇ رازى قىلالىغۇدەك پۈتۈپ چىقىدۇ.

بۇرۇنقى زاماندا ئاتا - بالا ئىككىيلەن ئېشەكنى يېتىلەپ شەھەرگە ماڭغانىكەن. يولدا ئۇچرىغان بىرى: «دۆتلۈكىنى قارا بۇلارنىڭ! تەييار ئېشەك تۇرسا مىنىۋالمىغىنىنى»دەپ مازاق قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادىسى ئوغلىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ قويۇپتۇ، ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا يەنە بىر ئادەم ئۇچراپ: «نېمىدېگەن ۋاپاسىز ئوغۇل بۇ، ئۆزى ئېشەككە مىنىۋېلىپ، دادىسىنى پىيادە ماڭغۇزغىنىنى!» دەپتۇ.

دادىسى شۇ ھامان ئوغلىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئېشەككە ئۆزى مىنىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەنە بىر ئادەم: «شۇنداقمۇ تاش يۈرەك ئادەم بولامدۇ، ئوغلىنى ماڭدۇرۇپ ئۆلتۈرەمدىكىنە!» دەپتۇ.

دادىسى ئالدىراپ - تېنەپ ئوغلىنىمۇ ئېشەككە مىندۈرۈۋاپتۇ. كىم بىلسۇن، بۇنى كۆرگەن يەنە بىر ئادەم: «بۇ ئىككىسىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى قارا، بىر ئېشەككە ئىككىسى تەڭلا مىنىۋالغىنىنى!» دەپتۇ.

ئاتا - بالا ئىككىسى دەرھال ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ تۆت پۇتىنى چەمبەرچاس باغلاپتۇ - دە، ئۇزۇن توقماقا ئېسىپ كۆتۈرۈۋاپتۇ. ئۇلار بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئېشەك پەقەتلا چىدىيالماي بىرلا يۇلقۇنغانىكەن،

دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپتۇ!

يۇقىرىقى مىسالدىكى ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمەسلىكتەك ناچار پىسخىكىسىنىڭ تەسىرىدە، باشقىلار بەرگەن ھەرخىل پىكىرلەر ئۇلارنىڭ مۇستەقىل پىكرىدىن ئېشىپ چۈشۈپ، ئاتا - بالا ئىككىلىسىنى زىيان تارتقۇزدى. كىشىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى مۇستەقىللىق قارىشى. كىشىدە مۇستەقىل قاراش بولمىسا، ئۇنىڭ - بۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش كۆرگەندە، ھېچبىر ئىشنى روياپقا چىقارغىلى بولمايدۇ.

كونىلاردا: «يولدىن چىقما، خاندىن قورقما» دەيدىغان گەپ بار. ھەربىر ئادەمنىڭ بىر مەسىلىگە بولغان قارىشى ئوخشاش بولمايدۇ، ھەربىرىمىزنىڭ ئۆز ئالدىمىزغا مۇستەقىل قارارىمىز بولسا، بۇ قارارىمىز جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماس كەلسە، ئۆز قارارىمىزدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ھەرقانداق ئىش قىلغاندا ئۆزىمىزگە ئىشىنىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ توغرا قارارىغا جەزمەن ئىشىنىشىمىز كېرەك. مانا بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئاساسى.

## ئۆزىگە ئىشىنىش — مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئابدۇللا ھامۇت

دوستۇم، سىز ئۆزىڭىزگە ئىشىنەمسىز؟ ئۆزىڭىزگە قايسى دەرىجىدە ئىشىنىسىز؟ بۇ سوئاللارغا ھەممە ئادەم مۇكەممەل ھالدا ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن دەپ مۇتلەق جاۋاب بېرەلمەسلىكى ناتايىن. قىسمەن ئەھۋاللاردا بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئىشەنمەسلىكىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى كۈچلۈك بولسا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئۆزىگە ئىشەنمىگەندە مۇۋەپپەقىيەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ قىسقىغىنا تۇرمۇش ھاياتى ئىشەنچ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. ئىشەنچ بولمىغان تۇرمۇش ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرالمايدۇ. ئىشىنىش ئۆزىگە ئىشىنىش، باشقىلارغا ئىشىنىش، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئادەم پەقەت ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنگەندىلا، ئاندىن باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئۆزىگە ئىشەنگەن ۋە باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئادەم كۆپىنچە ھاللاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، داڭلىق كەشپىياتچى ۋە فىزىكا ئالىمى ئېينىشتېين ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىدىغانلاردىن ئىدى، ئۇ ئۆزىگە شۇنداق ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان كەشپىياتلارنى ياراتتى. ئۇ بۇ جەرياندا تالاي مۇشكۇلاتلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن قىلچە بوشاشماي ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى.

ھازىرقى زامان ياشلىرىدا «ئۆزىگە ئىشىنىش يېرىم غەلىبە» دەيدىغان گەپلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە. بۇ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىلغان سۆز، ئەمما كىشىلەر ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن دەپ ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن بىھۇدە ئاۋارە بولماقتا. ئاۋارە بولغاندىمۇ مۇۋاپىق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالماقتا. خۇددى «ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالازغا يۆگىلىپ ھەپتە يېتىپتىمەن» دېگەن ئەقلىيە سۆزگە ئوخشاش.

دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىدە «تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەۋجۇداتلار ئالدى بىلەن ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ» دەپ ئېيتىلغان، بۇ بىر ئىلمىي يەكۈن. ئىنسانلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئالدى بىلەن ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىشەنچ تۇيغۇسىمۇ ئوخشاشلا ئالدى بىلەن ئاددىي ئىشلارنى قىلىشتىن باشلىنىدۇ.

مەيلى سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىڭ ياكى مەغلۇپ بولۇڭ، يەنىلا ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ. ئەگەر ئۆزىڭىزگە ئىشىنىپ مەغلۇپ بولسىڭىز كېيىنكى قەدەمدىكى ئىشىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ئۇل سالالايسىز، دېمەكچىمەنكى، ئادەمدە چوقۇم ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك.

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ (جەمئىي 55 نومۇر)

بىر مۈشۈك بار بولۇپ، ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى ھەممىشە پەردازلاپ كۆرسىتىشكە ئامراق ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ چاشقاننى تۇتالماي قاچۇرۇپ قويۇپتۇ ھەمدە «ئۇ بەك ئورۇق ئىكەن، سەمرىگەندە بىر گەپ بولار» دەپتۇ، ئاندىن كۆل بويىغا بېلىق تۇتقىلى بېرىپتۇ، كارپ بېلىقى قۇيرۇقى بىلەن ئۇنى بىرنى ئۇرۇپتىكەن، يەنە پېتىدىن چۇشمەي «ئۇنى تۇتقۇم يوق ئىدى، تۇتمەن دېسەم ئاسانلا تۇتۇۋالالايتتىم. مەن پەقەت ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن پايدىلىنىپ يۈزۈمنى يۇيۇۋالدىم» دەپتۇ.

كېيىن ئۇ كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، ھەمراھلىرى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولغاندا، يەنە ھوشىنى تاپماي: «مېنى خەتەردە قالدى دەپ ئويلاۋاتامسىلەر؟ ياق، مەن سۇغا چۈمۈلۈۋاتىمەن...» دەپتۇ - دە، گېپىنىڭ ئايىغى چىقمايلا سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. «كېتەيلى» دەپتۇ ھەمراھلىرى بىر - بىرىگە. « ئۇ بىزگە سۇغا شۇڭغۇش ماھارىتىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ».

بۇ ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە ھەم بىچارە مۈشۈك ئىكەن، ئەجەبا، سەن بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدۇ، ساختىلىق ئىچىدە ياشايدۇ، ئۆز كەمچىلىكلىرىنى جېنىنىڭ بارىچە يوشۇرىدۇ.

ھەرقانداق ئادەمدە ئارتۇقچىلىقمۇ، كەمچىلىكمۇ بولىدۇ، دۇنيادا نۇقسانسىز ئادەم مەۋجۇت ئەمەس. بىراق، ئادەم ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەرنى، شۇنداقلا بۇ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەرنىڭ ئوخشاشمىغان شارائىتتا ئۆزىگە نىسبەتەن قانداق مەنىلەردىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلىسە، ئۇنى مۇكەممەللىككە ھەممىدىن بەك يېقىنلاشقان ئادەم دېيىشكە بولىدۇ!

(«ياشلار ئۈچۈن 101 ھېكمەت» تىن ئېلىندى)

«ئۆزىنىڭ كەمچىلىك ۋە ئارتۇقچىلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىش ۋە ئېتىراپ قىلىش» نى مەزمۇن قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) ئەسەر مەزمۇنىغا ئاساسەن، مۇناسىپ نۇقتىنى تۇتۇپ يېزىڭ.

(2) ژانىرى چەكلەنمەيدۇ (شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ).

(3) كۆزقاراش رېئاللىققا ئۇيغۇن، قايىل قىلارلىق، ئىجادىي بولسۇن.

(4) جۈملە راۋان، خەت چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلەر ئېنىق بولسۇن. ھەجمى ئىككى بەت ئەتراپىدا بولسۇن.

ئۆلگە:

## ئۆنۆمگە ئېرىشەي دېسەڭ، تاللاشنىمۇ، شاللاشنىمۇ بىل!

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

نۇرىمانگۈل راخمان

كىشىلىك ھاياتتا بار كۈچىمىز بىلەن قوغلىشىمىزغا، ئىنتىلىشىمىزگە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن ئىشلار بولىدۇ. بىراق ھەممە نىشانغا يېتەلىشىمىز ھەمدە بىرلا ۋاقىتتا ھەممىسىگە بىراقلا ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىممىنى تاللاشقا ياكى ئارتۇقلىرىنى شاللاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىككىلا نىشانغا يېتىش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، چوقۇم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ مۇھىممىنى تاللاپ، مەلۇم بىر نىشانغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. «كۆمسەم پىشارمۇ، ياقسام پىشارمۇ» دەپ قۇرۇق خام خىيال سۈرۈپ ۋە ياكى ھېچقايسىسىدىن ۋاز كېچەلمەي، قايسىسىنى شاللاشنى بىلەلمەي، بىھۇدە خام خىيال سۈرۈپ ئولتۇرساڭ، ھەر ئىككىلىسىدىن مەھرۇم قېلىشىڭ مۇمكىن.

كىشىلىك ھاياتتا نۇرغۇنلىغان ئىشلاردا تاللاشقا ۋە شاللاشقا توغرا كېلىدۇ. بەلكىم ھەر بىر قەدىمىڭدە تاللاشقا ۋە شاللاشقا دۇچ كېلىشىڭمۇ مۇمكىن. سەللا بىخەستەلىك قىلساڭ خاتالىشىسەن. مەسىلەن، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن قايسى مەكتەپنى، قايسى كەسىپنى تاللايسەن، مۇھەببەت ياكى نىكاھتا قايسى ئوبيېكتنى تاللاپ، قايسىسىنى شاللايسەن، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن داۋاملىق ئوقۇشۇڭ كېرەكمۇ ياكى تىرىكچىلىك قىلىشىڭ كېرەكمۇ؟...

كىشىلىك ھاياتتا ھەر قاچان، ھەر زامان تاللاش ۋە شاللاش ئىچىدە ئۆتىسەن. بىر باسقۇچنى بېسىپ بولساڭ، كۆز ئالدىڭدا يەنە بىر قەدەم پەيدا بولىدۇ. بىلىشىڭ كېرەككى، ۋاز كېچىشنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ بىر بەخت. ۋاز كەچكەن ئادەم ئېرىشەلەيدۇ. بۇ يەردە دېيىلگەن ۋاز كېچىش دەل شاللاش دېمەكتۇر.

راست، كىشى ئۈچۈن كۆپىنچە ھاللاردا نۇرغۇن نەرسىلەردىن ۋاز كېچىش ناھايىتى ئازابلىق ۋە مۇشكۈل. لېكىن سەن ۋاقتىدا ۋاز كەچمەي قولدىن بېرىپ قويۇشتىن قورقساڭ، ئاخىر ھەممىدىن قۇرۇق قېلىپ پۇشايماننى ئالدىغان

قاچا تاپالماي قالىسەن.

چاشقان تۇتۇشنى ئەمدىلا ئۆگىنىۋاتقان بىر ئاسلانچاق ئانىسى بىلەن چاشقان تۇتقىلى چىقىپتۇ. ئۇزۇن ماڭمايلا جاڭگاللىقتا ئۇلارغا ئىككى چاشقان ئۇچراپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاسلانچاق ھاپىلا ـ شاپىلا چاشقاننى قوغلاپتۇ. ھېلىقى ئىككى چاشقان ئىككى تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ. چاشقانلاردىن بىرىنى تۇتسا يەنە بىرىنىڭ قېچىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئاسلانچاق قايسىسىنى قوغلاشنى بىلەلمەي، ھېلى ئۇ چاشقاننى، ھېلى بۇ چاشقاننى قوغلاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن چاشقانلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى قېچىپ كېتىپتۇ. ئاسلانچاقنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن پەرىشان بوپتۇ.

ئانا مۇشۇك ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ مۇنداق دەپتۇ: ئىككى چاشقان ئىككى تەرەپكە قاچتى، بىراق سەن ئۇيلاپ باقتىڭمۇ؟ سېنىڭ سۈرئىتىڭ ھەر قانچە تېز بولسىمۇ، ئىككىلىسىنى تۇتۇۋالالىشىڭ مۇمكىن ئەمەس ـ تە! مۇھىمى، سەن نىشانىڭ بىرىنى تاللاپ قوغلىشىڭ كېرەك. شۇنداق قىلساڭ ھازىرقىدەك قۇرۇق قول قالمايسەن.

چەكلىك ھايات مۇساپىمىزدە كۆڭلىمىزگە پۈككەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز، غايە ـ نىشانلىرىمىز ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، بۇ جەرياندا تاللاش ۋە شاللاشقا دۇچ كېلىمىز. بەزى ھاللاردا بۇ خىل تاللاش ۋە شاللاش بىزگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ھەرقانداق ئىشتا ئالدىمىزغا كەلگەن پۇرسەت ۋە نىشاننى تاللاشنى بىلەلمىسەك ھەممىدىن قۇرۇق قالىمىز.

## ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئوغۇلخان مەتسىدىق

ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ.

ـ خەلق ماقالى

مۇرەككەپ ۋە قايناق كىشىلىك تۇرمۇش ئىچىدە ياشاۋاتقان ئادەم مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەرخىل خاتالىقلارنى سادىر قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ، بۇگۇن مۇنداق، ئەتە ئۇنداق خاتالىقلارنى سادىر قىلىشى تۇرغانلا گەپ. خۇددى «مەنبەسىز سۇ، يىلتىزسىز دەرەخ» بولمىغىنىغا ئوخشاش خاتالىق سادىر

قىلىشىنىڭمۇ سەۋەبى بولىدۇ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى دەل دۇنيادا مۇكەممەل ئادەمنىڭ بولمايدىغانلىقى، كەمچىلىكتىن خالىي ئادەم بولمىغانلىقىدىندۇر.

ئەلۋەتتە، دوست بار يەردە دۈشمەن، ھەق بار يەردە ناھەق، راست بار يەردە يالغان بولغىنىغا ئوخشاش، ئارتۇقچىلىق بار يەردە كەمچىلىك ياندىشى تۇرىدۇ. كونىلاردا «ئادەم ئۆز خاراكتېرىنى دەۋر ۋە رېئاللىقنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى بويىچە ئىسلاھ قىلغاندىلا يامان ئاقىۋەتكە قالمايدۇ» دېگەن گەپ بار. ئادەملەر بەزى خاتالىقلاردىن خالىي بولاي دېسە خالىي بولالايدۇ، بۇنىڭدا تەجرىبە - ساۋاقنى يەكۈنلەش، ئۆز كەمچىلىكى ئۈستىدە ئويلىنىش بىر قەدەر زۆرۈر.

نەزىرىمىزنى جەمئىيەتكە ئاغدۇرساق، بەزىلەر ئۆزىنى توغرا تونۇمايدۇ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنىلا كۆرۈپ، كەمچىلىكىنى كۆرمەيدۇ، ھەر دائىم سەۋەنلىكنى رېئاللىقتىن ۋە باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ئىزدەيدۇ، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك «ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدۇ».

مېنىڭچە، ۋىرسون بىلەن ئەمانىڭ ھېكايىسى بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

ۋىرسون (مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سودىگەر) بىر كۈنى ئىشخانا بىناسىدىن چىقىۋاتقاندا، ئەما كىشى ئۇنىڭغا:

— ئەپەندىم، سىز مېنىڭ بىچارە ئەمەسلىكىمنى كۆرگەنسىز، بىردەملىك ۋاقتىڭىزنى ئالسام بولامدۇ؟ — دەيدۇ.

— مەن بىر مۇھىم خېرىدار بىلەن كۆرۈشمەكچى، گېپىڭىز بولسا تېز ئېيتىڭ، — دەيدۇ ۋىرسون.

ئەما كىشى يانچۇقىنى بىردەم ئاختۇرۇپ، بىر چاقماقنى چىقىرىپ ۋىرسونغا تۇتقۇزۇپ:

— ئەپەندىم، بۇ چاقماق بىر دوللار، ئەڭ ياخشى چاقماق، — دەيدۇ.

ۋىرسون يانچۇقىدىن بىر ۋاراق پۇلنى چىقىرىپ ئەماغا بېرىدۇ ۋە:

— مەن تاماكا چەكمەيمەن، بۇنى بەلكىم لىفت باشقۇرغۇچىغا بېرىشىم مۇمكىن، — دەيدۇ.

ئەما كىشى پۇلنى سىلاپ يۇرۇپ پۇلنىڭ 100 دوللارلىقىنى بىلىۋالىدۇ، ئۇ توختىماستىن:

— سىز مەن ئۇچرىغان ئەڭ ياخشى ئادەم ئىكەنسىز، — دەپ رەھمەت ئېيتىدۇ.

ۋىرسون كۈلۈپ قويۇپ ماڭاي دېيىشىگە، ئەما ئۇنى يەنە تۇتۇۋېلىپ:

— سىز ئۇقمايسىز، مەن 23 يىل بۇرۇن خىمىيە زاۋۇتىغا ئوت كېتىپ مۇشۇنداق ئەما بولۇپ قالغان، — دەيدۇ.

ۋېرسون چۆچۈپ:

— شۇ قېتىملىق پارتلاشتا ئەما بولغانمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

ئەما كىشى:

— شۇنداق، سىزمۇ بىلەمسىز؟ شۇ چاغدا ئوت پارتلاپلا چىقتى، ھەممە ئادەم قېچىش ئۈچۈن ئىشىكنى قاپسىۋالغانىدى. بىر ئېگىز بويلۇق ياش يىگىت، مەن تېخى ياش، بۇنداق ئۆلۈپ كەتكۈم يوق دەپ، دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى، مەن ھوشۇمغا كەلسەم ئەما بولۇپ قاپتىمەن.

ۋېرسون سوغۇققىنە كۈلۈپ قويۇپ:

— ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەستۇ؟ سىز بەلكىم ئالماشتۇرۇپ قويغانسىز، — دەيدۇ.

ئەما تۆشۈك كۆزىدە ۋېرسونغا قاراپ قويۇپ:

— مەن نېمىدېگەن بىچارە، مەن قېچىپ كېتىپمۇ ساق قالمىدىم، ئەمما سىز ئوت ئىچىدە قېلىپمۇ، ساق قاپسىز، بۇ تەقدىر، رەھىمسىز تەقدىر، بۇ تەڭسىز جاھان، — دەپتۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، نۇرغۇن كىشىلىرىمىز باركى، ئۆزىنىڭ خاتالىقى، كەمچىلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ھەقىقەت ھامان ھەقىقەت، ئەلمىساقتىن ھەقىقەت ئالدىدا ھېچكىممۇ كۆز يۇمالمايدۇ. ئۆزىمىزدىكى ئارتۇقچىلىقنىلا ئەمەس، كەمچىلىكىمىزنىمۇ تونۇشىمىز كېرەك. بۇ، دەۋر بىزدىن كۈتكەن تەلەپ.

## ئىنسان مۇكەممەل بولۇپ تۇغۇلامدۇ؟

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئامانگۈل ئابدۇراخمان

ئانا قورسىقىدىن ئىڭەلەپ چۈشكەن ھەربىر ئىنسان ئۆز ھاياتى يولىدا ئۈزۈكسىز تەرەققي قىلىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئۇ روھىي، جىسمانىي يۈكسەكلىك پەللىسىگە قاراپ ئىنتىلىدۇ ۋە تەرەققي قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ كەمچىلىك ۋە نۇقسانلىرىنى بارا - بارا تولۇقلاپ، مۇكەممەللىككە قاراپ سىلجىيدۇ.

شەيئىلەرنىڭ تەرەققيات قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا، ھەرقانداق شەيئى

بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ھالقىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ھېچقانداق بىر شەيئى بۇ ئۈچ ھالقىدىن قېچىپ قۇتۇلالىغان ئەمەس. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا تەرەققىي قىلىش باسقۇچى بولۇپ، ئىنسان تەرەققىي قىلىش، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەرنى تەبىئىيلا ئۆز - ئۆزىدىن شەكىللەندۈرىدۇ. ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بولىدۇ. پۈتۈنلەي ئارتۇقچىلىقىلا بار كەمچىلىك - نۇقسانلىرى يوق ئىنسان بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس. بۇ ئىككى خىل خاراكتېر ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ۋۇجۇدىغا چوقۇم مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. بۇ دۇنيادا پۈتۈنلەي مۇكەممەل ئىنسان بولمايدۇ.

ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا مۇكەممەللىككە ئازراق بولسىمۇ يېقىنلاشقىلى بولىدۇ؟

بۇ ھەقىقەتەن ھەربىر كىشىنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىغا تېگىشلىك بىر مەسىلە. ئادەم تۇغۇلغاندىلا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ھەممە نەرسىسى تەل، جىسمىدا ھەممە خاراكتېر - مىجەزلەرنى يېتىلدۈرۈپ تۇغۇلمايدۇ. ئۇ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، ئۆزىگە تۇشلۇق خاراكتېر يارىتىپ، ئۆزىدە مۇئەييەن دەرىجىدە ئارتۇقچىلىقلارنى ھەم كەمچىلىك - نۇقسانلارنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇ جەرياندا بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ناھايىتى تېزلا بايقاپ، كەمچىلىك - نۇقسانلىرىنى ئامال بار تۈزىتىپ، مۇكەممەل بولۇشقا تىرىشىدۇ.

يەنە بەزى كىشىلەر بولسا، ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى كۆرۈپ يېتىپ، كەمچىلىك ۋە نۇقسانلىرىنى ۋاقتىدا بايقىيالمايدۇ. ھەتتا بايقىسىمۇ قەستەن بىلمەسكە سېلىپ ئۆزىنى مۇكەممەل كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرۇشىنى، باشقىلار ئالدىدا مەسخىرىگە قېلىشىنى خالىمايدۇ - دە، قىلالمايدىغان ئىشلارغا يولۇققاندا تەمكىنلىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنى پەردازلاپ كۆرسىتىدۇ.

يەنە بەزىلەر بولسا ئۆزىدىكى كەمچىلىك ۋە نۇقسانلارنى ئىزدەشنى خالىمايدۇ. باشقىلار كۆرسىتىپ بەرسە ئۇلاردىن بىھۇدە ئاغرىنىپ، ئۆزىدىكى بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىماي، ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل دەپ قاراپ، باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، كۆزگە ئىلماسلىق نەزىرىدە بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەردىن ھەرقانداق بىر كىشى ئاسانلا زېرىكىپ قالىدۇ - دە، قىلغان ھەرقانداق گېپىگە ئىشەنمەيدۇ. ئاقىۋەت بۇنداق كىشىلەر يەككە - يېگانە قېلىپ ھالاك بولىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ، ئۆزىدە بار بولغان كەمچىلىكلەرنى ئامال بار تۈزىتىشكە تىرىشىدۇ. بۇنداق كىشىلەر باشقىلارنىڭ قەلبىدە ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ،

ئۇزۇكسىز ئالغا ئىلگىرىلىمەيدۇ.

دېمەك، ئىنسان ياشىغانىكەن، ئۆزىدە شۇنداق بىر خىل ئېسىل خىسلەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەككى، ھەر ۋاقىت ئۆزىنى تەتقىق قىلىپ تۇرۇشى، ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشى، كەمچىلىك ۋە نۇقسانلىرىنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتىپ، مۇكەممەللىككە قاراپ يول تۇتۇشى كېرەك.

شۇڭا، بىز ھەر ۋاقىت ئۆزىمىز ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۇچرىغان مەسىلىلەرگە توغرا يول بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، باشقىلارنىڭ بىزگە دوستانىلارچە كۆرسىتىپ بەرگەنلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزدىكى يامان ئىللەتلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ساختىلىق قىلىپ باشقىلارغا ئۆزىمىزنى كۆز - كۆز قىلماي مۇكەممەللىككە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

## ئادەم بولۇش ئالىم بولۇشتىنمۇ قىيىندۇر

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

پاتىگۈل ئابدۇرېھىم

ئادەم بولۇش ئالىم بولۇشتىنمۇ قىيىندۇر. مەن بۇ سۆز توغرۇلۇق كۆپ ئويلاندىم، ئىزدەندىم. دەسلەپ بۇ سۆز خاتا ئوخشايدۇ، قانداقسىگە ئادەم بولۇش ئالىم بولۇشتىن تەس بولسۇن؟ ئەمەلىيەتتە ئالىم بولۇش شۇنچە مۇشكۈل ئىش تۇرسا، نەچچە مىڭ ئادەم ئىچىدىن بىرەر ئالىم ئاران چىقىدىغان تۇرسا دېگەنلەرنى ئويلاپ يۈردۈم. كېيىن بارا - بارا شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، بۇ سۆز تولىمۇ توغرا ئېيتىلغان، تولىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ھېكمەتلىك سۆز ئىكەن. ئادەم بولۇش مەن دەسلەپ ئويلىغاندەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىكەن. «ئادەمنىڭ ئىچىدىن ئادەم چىقىدۇ» دېگەن سۆز ھەقىقەتەنمۇ توغرا چىقىرىلغان ئومۇمىي بىر يەكۈن ئىكەن.

ئىنسان ھاياتى قانچىلىك قىممەتلىك، ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى نېمە؟

گەرچە بۇ ھەقتە نۇرغۇن كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ كۆز قاراشلار تا ھازىرغا قەدەر بىرلىككە كەلگىنى يوق.

ئىنسان ھاياتى ئىنتايىن چەكلىك، مۇشۇ چەكلىك ھاياتتا ئۆزىنىڭ ئادەمىيلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلىپ ياشايدىغانلار ئىنتايىن ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يەپ - ئىچىپ، ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئادەم ھېسابلاشقا بولامدۇ؟ ياق، كىيىم كىيىپ، يەپ - ئىچىپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەقىقىي بىر ئادەم دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى

ئادەم بۇ دۇنياغا يەپ ـ ئىچىشكىلا كەلمىگەن، بەلكى ھەقىقىي بىر ئادەمدەك ياشاپ، ئەتراپتىكى كىشىلەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇپ، كىشىلەرگە ھەقىقىي مېھىر ـ مۇھەببەتنى ھېس قىلدۇرۇش، ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن. ئۇنداقتا ئادەم بولۇش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟

ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئادەم ئۆزىنى تونۇشى، راستچىل، سەمىمىي بولۇشى، ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.

دۇنيادا مۇكەممەل ئادەم بولمايدۇ. ھەرقانداق ئادەمدە ئارتۇقچىلىقمۇ، كەمچىلىكمۇ بولىدۇ، دۇنيادا نۇقسانسىز ئادەم مەۋجۇت ئەمەس. بىراق ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى ئېتىراپ قىلماي، كىچىككىنە پايدا ـ مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدىغان ياشلار يوق ئەمەس.

كونىلاردا: «كېسىلىڭنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈمۈڭ ئاشكارا» دېگەن سۆز بار. بۇ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىلغان. سىز ئۆزىڭىزنى ئېتىراپ قىلماي، كەمچىلىكىڭىزنى باشقىلاردىن يوشۇرۇپ، ئۆزىڭىزنى ھەرقانچە پەردازلاپ كۆرسەتسىڭىزمۇ ھامان بىر كۈنى ئەپت ـ بەشىرىڭىز ئاشكارىلىنىپ، شۆھرەتپەرەس مۇشۇكتەك يامان ئاقىۋەتكە قالىسىز.

ھازىر جەمئىيىتىمىزدىكى بەزى كىشىلەر ئازغىنە بايلىق، مەنپەئەت ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئالدىدا خۇددى شامدەك ئېرىپ، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك خاراكتېرىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ. بۇنداق كىشىلەر يەنىلا ئاز ساندا بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرى ۋە چۈپرەندىلىرىدۇر. ئەمما، جەمئىيىتىمىزدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزى ئۈچۈن ھەمدە باشقىلار ئۈچۈن ياشاشنى مىزان قىلىپ، ئەل ـ ۋەتەن ئۈچۈن ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشىدۇ. ئەجىر، تۆھپە، تۆلىگەن بەدەللىرى ئۈچۈن ئالاھىدە ئىمتىياز تەلەپ قىلمايدۇ. خۇددى ھەسەل ھەرىلىرىگە ئوخشاش تىنىم تاپماي ئىشلەيدۇ.

دېمەك، ئادەم ھەقىقىي بىر ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئۆزىدىكى كەمچىلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىشى، راستچىل، سەمىمىي بولۇشى، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى يوشۇرماسلىقى، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدىماسلىقى، ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.

ئادەم ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەرنىڭ ئوخشىمىغان شارائىتتا ئۆزىگە نىسبەتەن قانداق مەنىلەردىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلىسە، ئۇنى مۇكەممەللىككە ھەممىدىن بەك يېقىنلاشقان ئادەم دېيىشكە بولىدۇ.

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ (جەمئىي 55 نومۇر)

بىلىش كېرەككى، گۈزەللىكنى ھەرگىزمۇ چىرايلىقلىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ، چىرايلىقلىقمۇ ھەرگىزمۇ گۈزەللىك ھېسابلانمايدۇ.

چىرايلىقلىق پەقەت كۆرۈش سەزگۈسىدە ئەكس ئەتكەن ئوبراز. پەقەت گۈزەللىكلا كىشىگە ھەقىقىي مەنىۋى ئىلھام بېرەلەيدۇ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالالايدۇ.

چىرايلىقلىق ۋاقىتلىق بولىدۇ، ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا - ئاستا غايىب بولىدۇ؛ گۈزەللىكچۇ؟ ئۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشى قەلبىگە سىڭىپ، مەڭگۈلۈك بىر نۇرنى ھاسىل قىلىدۇ.

كىشىلەر ھەقىقىي گۈزەللىكنى كۆرەلمەيدۇ، بەلكى ھېس قىلالايدۇ، ئۇ خۇددى تۇپراققا ئوخشاش تولىمۇ ئاددىي، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۈن - تىنسىز تەقدىم قىلىدۇ. بىراق تۇپراقنىڭ سېخىيلىقى ۋە گۈزەللىكىنى كىم ھېس قىلالايدۇ؟

ھەقىقىي گۈزەل ئادەم ئەنە شۇ تۇپراققا ئوخشاش، باشقىلارغا ئۈن - تىنسىز ياردەم قولىنى سوزىدۇ، باشقىلارغا كۆيۈنىدۇ، باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ.

يۇقىرىقى ماتېرىيالنى ئەتراپلىق چۈشەنگەن ئاساستا «گۈزەللىك ۋە چىرايلىقلىق» نى مەزمۇن قىلىپ، ژانىر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنى ئاساسىدا مۇناسىپ نۇقتىنى تۇتۇپ يېزىڭ.

(2) ژانىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ.

(3) ئەسەر ماۋزۇسىنى ئۆزىڭىز قويۇڭ.

(4) ماقالىڭىز ماتېرىيال مەزمۇنى بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلىسۇن.

(5) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن.

(6) ئادەم ئىسمى ۋە يەر - جاي نامىلىرىنى ×× بىلەن ئىپادىلەڭ.

ئۈلگە:

## گۈزەللىك ۋە تونۇش

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

تۇرغۇن ئابلىمىت

گۈزەللىك كىشىگە مەنىۋى ئىلھام بېرەلەيدۇ. كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالالايدۇ. ھەممە ئادەم گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ. ئەمما، كىشىلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە دۇنيا قاراشلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ گۈزەللىك توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە بولغان تونۇشى ۋە ئۇسۇلى ھەر خىل بولغاچقا، ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىش شەكلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنداقتا، گۈزەللىك دېگەن نېمە؟

گۈزەللىك — ھەقىقىي مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىلەرگە بولغان بەھرىلىنىشى، ھۇزۇرلىنىشى ۋە چىن تۇيغۇسىنى كۆرسىتىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، گۈزەللىكنى شەيئى ياكى ھادىسىلەرنىڭ ئېڭىمىزدىكى تەبىئىي ئەكس ئېتىشى دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا بىز ئالدى بىلەن شەيئىلەرنىڭ شەكىل گۈزەللىكىنى ھېس قىلىمىز ۋە شەكىل گۈزەللىكى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالىمىز. لېكىن، «گۈزەل» بىلەن «چىرايلىق» تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئۇقۇم. بىز دائىم بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىمىز، ئىچكى گۈزەللىكنى، يەنى شەيئىنىڭ ماھىيىتىدىكى گۈزەللىكنى ئاسان بايقىيالمايمىز. ئەسلىدە گۈزەللىك تولىمۇ ئاددىي بولىدۇ. ئەمما، ئۇنى ھەقىقىي كۆرەلەيدىغان كۆز ۋە بايقاش روھى بىزدە كەمچىلرەك. بەزى كىشىلەر چىرايلىق - سەتلىك شەكلىنى گۈزەللىكنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋالىدۇ. دۇنيادا مۇتلەق سەت ياكى مۇتلەق چىرايلىق شەيئى مەۋجۇت ئەمەس. بىز ئەڭ گۈزەل دەپ قارىغان نەرسىلەردىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە كەمتۈكلۈك ۋە نۇقسانلار ساقلانغان بولىدۇ، بىز ئەڭ ئاددىي دەپ قارىغان نەرسىلەردە بۇنىڭ ئەكسىچە نۇرغۇنلىغان ئارتۇقچىلىقلار ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن.

مەسىلەن، چەت بىر تاغلىق كەنتتە بىر بوۋاي ياشايدىكەن، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ناھايىتى كۆرۈمسىز، سەت، يوغان بىر تاش بار ئىكەن. ئۇ تاش يا چاسا ئەمەس، يا يۇمىلاق ئەمەس بولۇپ، ئۇنى تام قوپۇرۇشقىمۇ ئىشلەتكىلى

بولمايدىكەن، ئىشىككە بوسۇغا قىلىشقا تېخىمۇ يارىمايدىكەن. شۇڭا بۇۋاي بالىلىرى بىرەر ئىشنى قاملاشتۇرالماي قالسا، «ئاشۇ تاشقا ئوخشاش يارىماس...» دەپ تىللايدىكەن. پەقەت مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ئاشۇ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوينىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ھېچنېمىگە يارىمايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئالىم بۇ يەرگە مەلۇم تەتقىقات تۈرى بىلەن كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كېتىپ، تەتقىق قىلماقچى بوپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئاسماندىن چۈشكەن بىر پارچە مېتورىت تاش بولۇپ، تەتقىقات قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن. ئۇنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكى ئۇنىڭ ئاددىيلىقى ئىچىگە مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ھېلىقى ئالىمدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن.

دۇنياغا مەشھۇر بالىلار چۆچەك يازغۇچىسى ھانىس ئاندېرسون ئەسلىدە ئوپېرا ئۆمىكىدە ناخشىچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. بىراق، ئۇ ئۆزىدە مۇزىكا سېزىمىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۆزىنىڭ ناخشىچى بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بوپتۇ. ئەمما ئۇ يەنىلا ئۈمىدسىزلەنمەي قولىغا قەلەم ئېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلاپ، بالىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ئىنسان گۈزەللىكىنى يۇكسەك دەرىجىدە ئېچىپ بېرەلەيدىغان «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق» قا ئوخشاش دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان ئۆلمەس نادىر ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

دۇنيا سەنئەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، مەشھۇر رەسسام داۋىنچىنىڭ «مونالىزا» ناملىق مەشھۇر رەسىمىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، سىرلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئادەتتىكى بىر ئايالنىڭ سۈرىتى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. داۋىنچى ئىنسان روھىيىتىدىكى ھەقىقىي گۈزەللىك ۋە قەلب گۈزەللىكىنى ماھىرلىق بىلەن بايقىيالىغاچقا، مۇشۇنداق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە نادىر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىگەن.

دېمەك، پەقەت چىرايلىق بولسىلا گۈزەل دەپ قاراپ، چىرايلىقلىقنى گۈزەللىكنىڭ ئورنىغا دەسسەتسەك بولمايدۇ، چۈنكى، ھەقىقىي گۈزەللىك ماھىيەتتە، ئۇنىڭ قىممىتىدە بولىدۇ. بىز ھەقىقىي گۈزەللىكنى كۆرۈشنى ۋە ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرىشنى ئۆگىنىشىمىز، ئالدى بىلەن كۆزىتىش ۋە بايقاشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك.

# ھەقىقىي گۈزەللىك سىزنىڭ قەلبىڭىزدە

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

گۈلبەھرەم ئېلى

كىشىلىك ھاياتتا ھەمىشە دېگۈدەك تۈرلۈك تاللاشلار بولۇپ تۇرىدۇ. تاللاش قانداق بولسا، ھاياتمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ تاللاشلار ئىچىدىكى ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ قىممىتى زادى نېمە بىلەن ئۆلچىنىدۇ ؟ ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتى زادى نېمە؟ بۇ ھەقتە داڭلىق يازغۇچى نىكولاي ئوستروۋېسكى مۇنداق دېگەنىكەن: «ھايات ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك. ئادەم ھاياتنى شۇنداق ئۆتكۈزۈشى كېرەككى، ئۆلۈش ئالدىدا، ئۆتمۈشكە نەزەر تاشلىغاندا، مەنىسىز ئۆتكەن كۈنلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلمايدىغان، قابىلىيەتسىزلىكى ئۈچۈن ئۆكۈنمەيدىغان، ئۆمرىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەپسۇسلانمايدىغان بولسۇن.»

ھايات مۇساپىسى تولىمۇ چەكلىك، لېكىن بۇ چەكلىك مۇساپىدىكى تۇرمۇش ھەقىقەتەنمۇ ئەگرى - توقاي. ھەربىر ئىنسان ھاياتنى مەنىلىك ۋە گۈزەل تۇيغۇلار ئىچىدە ئۆتكۈزىمەن دەيدىكەن، بۇ ئەگرى - توقاي يوللار ئۈستىدە چوقۇم چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشى كېرەك. ئۆز ھاياتىنىڭ ھەربىر بېتىگە كۈلۈپ باقالايدىغان، ھەقىقىي گۈزەللىكنى ئۆز قەلبىدە نامايان قىلالايدىغان روھنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا يەنىلا ئاشۇ ئەگرى - توقاي داۋانلارنىڭ ساھىبى بولۇپ، مەڭگۈ داۋانلار ئاشالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

مانا ھازىرقى كىشىلىك تۇرمۇشىمىزغا قارايدىغان بولساق، چىراي گۈزەللىكىگە ئىنتىلىۋاتقان كىشىلىرىمىز ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئەمەس، ئۇلار پەقەت ئۆزىنىڭ ئاشۇ «چىرايلىق» بولۇشتىن ئىبارەت بۇ يۈكسەك ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايۋاتىدۇ، لېكىن مەنىۋىيىتىدىكى قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىۋاتقىنىنى ھېس قىلمايۋاتىدۇ.

شۇنداق، چىراي گۈزەللىكىگە ھەممە ئادەم شەيدا، لېكىن ئاشۇ گۈزەل چىرايلار ئىچىدە كەم بىلىدۇ، قانچىلىغان چاكىنىلىق، قانچىلىغان رەزىللىكلەرنىڭ يوشۇرۇنغىنىنى. دېمەكچىمەنكى، ئاشۇ گۈزەل چىرايلارنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق قەلب نۇقسانلىرى بار.

قەلبىمىزدىكى ھەقىقىي گۈزەللىك بىزنىڭ روھىيىتىمىزنى، مەنۋىيىتىمىزنى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن بېزەپ، بىزگە غايەت زور خۇشاللىقلارنى ئاتا قىلالايدۇ. مەنۋىيىتىمىزدىكى سەممىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، ئادىللىقنى يۈكسەك پەللىلەرگە ئېلىپ چىقالايدۇ، قەلبىتىكى گۈزەللىك ئۆزىنىڭ مانا بۇ خىل «گۈزەللىك» لىرىنى بىزگە ئۈن - تىنسىز تەقدىم قىلىدۇ.

بىلىشىمىز كېرەككى، بىز تەرىپلەپ كېلىۋاتقان «چىرايلىق» دېگەن بۇ سۆز پەقەت بىزنىڭ كۆرۈش سەزگۈمىزدە ئەكس ئەتكەن ئوبرازدىنلا ئىبارەت، خالاس. چىرايلىقلىق ۋاقىتلىق بولىدۇ، ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشى قەلبىگە سىڭىپ مەڭگۈلۈك بىر نۇرنى ھاسىل قىلىدۇ. پەقەت گۈزەللىكلا كىشىگە ھەقىقىي مەنۋى ئىلھام بېرەلەيدۇ. كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالالايدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇن دوستۇم، ھەقىقىي گۈزەللىك پەقەت سىزنىڭ ئەنە شۇ پاك، بىغۇبار قەلبىڭىزدە!

## تاشقى گۈزەللىك ۋە قەلب گۈزەللىكى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

گۈزەلنۇر مۇختار

ئەتراپىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئادەمنى مەستخۇش قىلغۇدەك گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەقىقەتەن كۆپلۈكىنى ھېس قىلىمىز. ئۇ نەرسىلەر ئۆز گۈزەللىكى بىلەن كىشىلەرگە ھەقىقىي مەنىۋى ئوزۇق ۋە مەنىۋى ئىلھام ئاتا قىلالايدۇ. دۇنيادا ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بىر شەيئىگە بولغان كۆز قارىشى ۋە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇ نەرسىلەرگە بولغان باھاسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى كىشىلىرىمىز گۈزەللىك بىلەن چىرايلىقلىقنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. گۈزەللىكنى پەقەت ئاددىي تىل بىلەن چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى گۈزەللىك ئۇقۇمى پەقەت شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ئەمما، بىلىش كېرەككى، بۇ ھەرگىزمۇ گۈزەللىك بولماستىن، بەلكى بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى چىرايلىقلىق، خالاس. بىلىش كېرەككى، گۈزەللىكنى ھەرگىزمۇ چىرايلىقلىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. چىرايلىقلىق ھەرگىزمۇ گۈزەللىك ھېسابلانمايدۇ. چىرايلىقلىق پەقەت كۆرۈش سەزگۈسىدە ئەكس ئەتكەن ئوبراز. بىراق گۈزەللىك بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى - تاشقى گۈزەللىكىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت.

بۇنى تۆۋەندىكى ھېكايىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:
بۇرۇن بىر يېزىدا بىر موماي بولغانىكەن. ئۇ مومايىنىڭ ئىككى قىزى بار بولۇپ، چوڭ قىزىنىڭ چىرايى ئىنتايىن چىرايلىق، ئەمما ئىنتايىن ھاكاۋۇر ئىكەن. ئۇ ھەمىشە ئانىسىغا جاپا سالىدىكەن، چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنى ئەسلا بىلمەيدىكەن. شۇڭا مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئۇنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىكەن. كىچىك قىزى بولسا ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىق، ئىشچان ئىكەن. مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئۇنى بەكلا ھۆرمەتلەيدىكەن. كىچىك باللار بولسا ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا ھېرىسمەن ئىكەن. ئەمما ئۇ قىزنىڭ چىرايى ئانچە چىرايلىق بولمىغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئازراق يېرىم بولسىمۇ، بىراق مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسىنىڭ «سىز بەك چىرايلىق» دەپ ماختاشلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى خېلىلا كۆتۈرۈپ قويىدىكەن. ئۇنىڭ ھەربىر كۈنى شۇنداق مەنىلىك ئۆتىدىكەن. چوڭ قىزنىڭ چىرايى چىرايلىق بولسىمۇ، ھاكاۋۇر بولغاچقا، دوستلىرى ئۇنى ئانچە ئارىغا ئالمايدىكەن، بۇ ئىش ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېغىر كېلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى كۆل بويىغا كېلىپ، زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ: «مەن شۇنداق چىرايلىق تۇرسام نېمىشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ياقتۇرمايدۇ؟» دەپ خۇداغا نالە ئېيتىپتۇ. دەل شۇچاغدا كۆلدىن بىر پەرىشتە چىقىپ:
— ئەي گۈزەل قىز، سەن ھەقىقەتەن چىرايلىق، ئەمما سەن ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟ تاشقى گۈزەللىك ھامان تاشقى گۈزەللىك، ئۇ بەربىر قەلب گۈزەللىكىگە يەتمەيدۇ. سىڭلىڭنىڭ چىرايى سەت بولغان بىلەن قەلبى ھەقىقەتەن گۈزەل. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئامراق. ئەگەر سەنمۇ سىڭلىڭغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي بولساڭ، باشقىلارنى ھۆرمەتلىسەڭ، باشقىلارمۇ سېنى ھۆرمەتلەيدۇ، — دەپتۇ.
ھېلىقى قىز پەرىشتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەرىشتىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ. دەرۋەقە، يېزىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى خۇددى سىڭلىسىنى ياخشى كۆرگەندەك ئۇنىمۇ ياخشى كۆرۈپتۇ، دوستلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناپتۇ. ھېلىقى قىز شۇ چاغدا شۇنى ھەقىقىي ھېس قىلىپ يېتىپتۇكى، ئادەم پەقەت تاشقى جەھەتتىن گۈزەل بولسىلا كۇپايە قىلمايدىكەن. ئادەمگە قەلب گۈزەللىكى ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن.
شۇنداق، تاشقى گۈزەللىك ۋاقىتلىق بولىدۇ، ئەمما قەلب گۈزەللىكى ئۇنداق ئەمەس. ئۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشى قەلبىگە سىڭىپ مەڭگۈلۈك بىر نۇرنى ھاسىل قىلىدۇ. كىشىلەر ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ گۈزەللىكىنى

كۆرەلەيدۇ، ھۇزۇرلىنالايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن مەنىۋى زوق ۋە ئىلھام ئالالايدۇ. ئەمما بىلىشىمىز كېرەككى، ئۇ پەقەت ۋاقىتلىقلا ھادىسە، ئۇ ھاۋا ئوچۇق كۈنلەرنىڭ كېچىسىلا بىزگە ھەمراھ بولالايدۇ، ئەمما كۈندۈزىچۇ؟ مانا مۇشۇ يۇلتۇزلارنىڭ گۈزەللىكىنى بىز ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز ھەم ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرەلەيمىز، ئەمما بىزنى ئۆز قوينىغا ئالغان، بىز ئۇچۇن تىنىمسىز جاپا چېكىۋاتقان ئاشۇ تۇپراقنىڭ گۈزەللىكىنى قېنى قايسىبىرىمىز ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز؟!

شۇنداق، كىشىلەر ھەقىقىي گۈزەللىكنى كۆرەلمەيدۇ، بەلكى ھېس قىلالايدۇ. ئۇ خۇددى تۇپراققا ئوخشاش تولىمۇ ئاددىي، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇن - تىنسىز تەقدىم قىلىدۇ. ھەقىقىي گۈزەل ئادەم ئەنە شۇ تۇپراققا ئوخشاش، باشقىلارغا ئۇن - تىنسىز ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. باشقىلارغا كۆيۈنىدۇ، باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ. قەلبى گۈزەل ئادەم كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، مەڭگۈ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلب گۈزەللىكى ئۇلارنى ھامان چولپان يۇلتۇزدەك يورۇق ۋە گۈزەل كۆرسىتىدۇ.

## 2010 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ئۈچۈن تەقلىدىي سوئاللار
## تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھان سوئالى

### V يېزىقچىلىق سوئالى (55نومۇر)

1. بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

بىر توپ ئادەم بىر ھازا ماشىنا ساقلىغاندىن كېيىن، كوچا ئاپتوبۇسىدىن بىرى كەپتىكەن، ھەممىسى ئاپتوبۇسقا گوررىدە يامىشىپتۇ. ئاپتوبۇستا ئادەم ناھايىتى جىق بولغاچقا، قىستاڭچىلىقتا چىدىغىلى بولمايدىكەن. ئاپتوبۇس يۈشۈلدىغان كالىدەك قوزغىلىپ ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن، بوش - بىكار ئاپتوبۇستىن يەنە بىرى كەپتۇ. بايىقى ئاپتوبۇسقا چىقالمىغانلار بۇ ئاپتوبۇسقا ئالدىرىماي چىقىپ، ئورۇندۇقلاردا بەخىرامان ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئاپتوبۇس ئاردىن ئون نەچچە مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەي ئالدىدا كەتكەن ھېلىقى ئاپتوبۇسنى ياندىغىنىچە غارقىراپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ھاياتمۇ شۇنداق، خۇددى «ئالدىرىغان يولدا قاپتۇ» دېگەندەك، ئالدىدا ماڭغانلارنىڭ چوقۇم مەنزىلگە بالدۇر، كېيىن ماڭغانلارنىڭ ئارقىدىن بېرىشى ناتايىن، قىسقىسى، گەپ تەلەيگىمۇ، ئەقىل - پاراسەتكىمۇ باغلىق.

ماتېرىيال مەزمۇنىغا ئاساسەن «ھايات» ھەققىدە بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) نۇقتىئىنەزەر (مەركىزىي ئىدىيە) ئېنىق، پىكىر يۈنىلىشىڭىز توغرا بولۇشى كېرەك. ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ. ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ (شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ).

(2) ئەسىرىڭىز ماتېرىيال مەزمۇنىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(3) ماتېرىيالدا بېرىلگەن ئۈچۈرلاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ، ئەمما ماتېرىيالنى مىسال سۈپىتىدە ئەينەن كۆچۈرۈپ قوللىنىشقا بولمايدۇ.

(4) ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ساغلام بولۇشى كېرەك.

(5) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن، ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

(6) سالاھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئادەم ئىسمى ۋە يەر - جايناملىرىنى ×× بىلەن ئىپادىلەڭ.

ئۈلگە:

## توغرا تەپەككۇر ــ ھاياتنىڭ زىننىتى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

نۇرمۇھەممەت ھەسەن

ھايات ھەر بىر جانلىققا ئۆمرىدە پەقەت بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدۇ. ئۇ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئېقىن سۇدەك كېتىۋېرىدۇ، سىز بۇ ھايات ئېقىنىنى توختىتالمايسىز، ئۇ دەريالارنىڭ سۇ ئۇپراتقان قىرغاقلىرىدەك ئۇپرايدۇ، توگەيدۇ. ئايلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سىزنىڭ بالىلىق، ياشلىق دەۋرلىرىڭىز توختاۋسىز يېتىپ كېلىشكە باشلايدۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ پېشانىڭىزدىكى يول - يول قورۇقلار ئۇزۇن يىللارنىڭ شاھىتى بولۇپ ھاياتىڭىزنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقىغا گۇۋاھ بولۇپ قالىدۇ.

ئۇنداقتا، بىزنىڭ ھاياتىمىز مۇشۇ خىل يوسۇندا ئېقىپ تۈگىشى كېرەكمۇ ياكى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ھايات ئالبومىمىزغا ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنى يېزىپ، تارىخ بېتىگە ئىز سېلىپ ئۆتۈشى كېرەكمۇ؟

ھاياتنىڭ زىننىتى توغرا تەپەككۇر قىلىشتا، مېنىڭچە ھاياتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرى ياشلىق دەۋرىمىزگە مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. چۈنكى، ياشلىق دەۋرىمىز گۈللەرگە تولغان باغلارغا ئوخشايدۇ. بىز مۇشۇ گۈلنىڭ بىر غۇنچىسى، ھاياتىمىزدىكى مۇشۇ غۇنچە ئېچىلغاندىلا، ھايات - مۇھەببەت، ساداقەت، ساپلىق، ئادىللىققا ئوخشاش ئىنسان روھىنىڭ ئېسىل گۈللىرىدىن شىرنە ئالالايدۇ، شۇندىلا لەززەتلىك، قەدىرلىك بولالايدۇ، ھاياتىڭىزنى قەدىرلىيەلىسىڭىز، مۇھەببەت ۋە نەپرەتكە ئادىل مۇئامىلە قىلالىسىڭىز، ھەر قانداق ئەخلەت - چاۋا ئارىسىدىمۇ ئالتۇندەك يالتىراپ، ئۆز قەدىر - قىممىتىڭىزنى ساقلىيالايسىز، شۇڭا ياشلىق ئادەمنىڭ ئۇنتۇلماس زىلۋا بىر چېغى...

ئەگەر سىز مەندىن ھايات دېگەن نېمە، دەپ سورىسىڭىز، مەن ئىككىلەنمەي تۇرۇپلا مۇنداق جاۋاب بېرىمەن، ھايات دېگىنىمىز دوستلۇق بىلەن دۈشمەنلىكنىڭ كۈرىشى، بەخت بىلەن ھالاكەتنىڭ بىر - بىرىگە قەست قىلىشى، خاپىلىق بىلەن خۇشاللىقنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئالمىشىپ تۇرۇشى. شۇنداق،

ھايات دېگەن ئاجايىپ بىر ئىجتىمائىي ھادىسە، كىشىلىك ھاياتتا ئازاب ئىچىگە راھەت، خۇشاللىق ئىچىگە خاپىلىق، بەخت ئىچىگە ھالاكەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ، لېكىن سىز، ھايات سىزگە نېمە تەقدىم قىلغان بولسا، شۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ، تۇرمۇشنىڭ باي خەزىنىسىگە تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، گۈزەل نەرسىلەرنى يۇلۇپ ئېلىشنى بىلمىسىڭىز، مەقسەتسىز مىدىرلاپ يۈرىدىغان ھاشاراتقا ئوخشاپ قالىسىز. بەخت ھەرگىزمۇ سىزنى ئىزدەپ كەلمەيدۇ، سىز ھاياتىڭىزنى تېخىمۇ گۈزەل، رەڭگارەڭ قىلىش ئۈچۈن يىراقلارغا ئىنتىلىشىڭىز، ئىزدىنىشىڭىز، گۈزەللىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭىز كېرەك. چۈنكى بۇ ھەر بىر ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك تۈپ خۇسۇسىيەت.

ھاياتىڭىزدىكى جاپا - مۇشەققەتلەر ھاۋانى قاپلىغان قارا بۇلۇتتەك تۇراقسىز، ھەرگىزمۇ بىرسى سىز تۇغۇلغاندىلا پېشانىڭىزغا مۆھۈر بېسىپ قويمىغان، كىچىككىنە قىيىنچىلىققا يولۇقۇپلا «مەن نېمىدېگەن بەختسىز...» دەپ، ئۆزىڭىزنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالسىڭىز بولمايدۇ، ئاقىللار ئۆز تەقدىرىنىڭ ياراتقۇچىلىرى. كىمىكى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدىكەن، ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك. ھاياتىڭىزدىكى ئاز بىر قىسىم كۆڭۈلەرنىڭ كۆلپەتلىرىگە قايغۇرۇپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ، پەقەت ئاجىزلارلا ئاھ ئۇرىدۇ، نېمە ئىش بولسا تەقدىر دەپ ئۆزىنى شەيتاننىڭ قويىنىغا ئاتىدۇ.

ھاياتتا ياخشىلىق بىلەن نام قالدۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ مۇكاپاتتۇر. ھاياتلىق دەپ ئاتالغان مۇشۇ ئۆمرىمىزدە ئەگرى - توقاي يوللارنى ئاز باسمايمىز، ئەلۋەتتە. خۇشاللىق ۋە قايغۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ مەزمۇنى، سىز قانداقلا ئىشقا يولۇقۇڭ، ھايات ھامان كىشىلەرگە ئۈمىدلىك كۆلۈمسىرەپ قارايدۇ ۋە ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلالايدۇ، شۇڭا ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ زور بەختسىزلىك ئارزۇ قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلمەسلىك، ھاياتىڭىزنى قەدىرلەڭ، سىز ھايات بىلەن، ھايات سىز بىلەن گۈزەل.

## ھاياتتۇر گۈگۈمدا ئېچىلغان لالە

(مۇھاكىمىلىك نەسر)

ئابدۇشۇكۇر ئەخمەت

زامان - زامانلاردىن بېرى ئىنسانلارنىڭ ھايات، تۇرمۇش ھەققىدىكى كۆزقاراش، تالاش - تارتىش ۋە مۇنازىرىلىرى بىرلىككە كەلگىنى يوق.

بىراق شۇنچە ئىنسان ئىچىدىكى بارماق بىلەن سانىغۇچىلىك جاھان ئاقىللىرىنىڭ ھايات ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ بىرلىككە كەلمەسلىكى، ھاياتنىڭ ئومۇمىي ماھىيىتىدىكى ئوخشىمىغان شەخس، ئوخشىمىغان مۇھىت ئىچىدىكى ھالىتىنىڭ كىشىلەرگە بولغان تەسىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك.

ھايات ــ ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن كىشى قەلبىنى سۆيۈندۈرىدىغان ھېكمەتنامە. ئۇنىڭدا ھەربىر شەخسنىڭ كەچۈرمىشلىرىنىڭ بەخت ياكى بەختسىزلىك ئىچىدىكى رېئال ھالىتى، ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ياكى پۈكلىنىشى كۆرۈلىدۇ. ئۇ ھەر بىر شەخسنىڭ بىۋاستە سەرگۈزەشتىلىرىدىن ھاياتنىڭ ئومۇمىي ماھىيىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ھەر بىر ئىنساننىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى رىزىقلىرى تەڭ تەقسىملەنگەن، بىراق ھاسىلاتنىڭ ئېرىشىلىش دەرىجىسى ئوخشاشلىقتىن يىراق. ھايات ــ لايغەزەللىك پاتقاقتا چوڭقۇر پاتقان ياكى ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقنىڭ يوقىلىشىغا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان بىچارە قىياپەتلىك كىشىلەرنىڭ زۇلمەتگاھى. ئۇ بىباھا ئىبرەتخانا، ئۇنىڭدا ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى سىيماسى ئۆزىنى كۆرسەتكەن.

ھايات ــ كائىناتتىكى ھەر بىر شەيئى، ھەر بىر زەررىچىگە پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن مېھىر بەرگەنلەرنىڭ، پۈتكۈل مېھىر - مۇھەببىتى بېغىشلانغان ئىنساننىڭ جەننىتى. ئۇ ۋاقىت بىلەن بارلىققا كېلىدىغان، شەخسىي تارىخنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدىن، ھاياتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئۇچۇر قىلىدىغان تامغا. ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ سەلبىي ياكى ئىجابىي جەھەتتىكى نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ھاياتنى سۆيگەنلەرنىڭ سۆيگۈسىدىن قۇۋۋەت تاپقان كائىنات بەخت ئىگىلىرىنىڭ ھايات پائالىيىتىدىكى قىممىتىنى زامانلارنىڭ ھەر بىر تارىخىي بۆرچلىرىدا كىشى قەلبىدە كۆكلەتكەن. مانا بۇ ھەقىقىي مەنىدىكى ھاياتنىڭ باشلانمىسى سۈپىتىدە، گۈزەل ئەپسانە - رىۋايەتلەر مەيدانغا كەلگەن. بۇ سۆيۈش - سۆيۈلۈشنىڭ بېيىشى دېگەن ھېكمەتكە يىغىنچاقلانغان. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بەخت ئىگىلىرىنىڭ ھاياتتا بولغان رازىلىقى قانچە، بەختسىزلەرنىڭ ھاياتتىن زېرىكىشى شۇنچە. ھاياتنىڭ تۇراقسىز ھالىتىدە ھاياتتىن زېرىككەن، قاقشىغان ئۆز سۆيگۈسىدىن تاشقى مۇھىتقا مېھىر بېغىشلىيالمايدىغان بىچارە، ئۈمىدسىز كىشىلەرنىڭ ھاياتتا بولغان چۈشەنچىسى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پاجىئەلىرىنى كۆرۈۋالايمىز.

ھايات ــ ئۆزىنىڭ تۈنجى ھەم ئاخىرقى پۇرسىتىدە قەدىرلىك. بىراق ھاياتنىڭ خۇلقى شەخسنىڭ خاھىشىغا بېقىنمىغان. ھۆكۈمرانلىق سەلتەنەتىدىكى ھايات ئۆزىدىكى ئىمكان - ئىستەكلەرگە باش ئەگكەن

ئىنسانىنىڭ ھاياتقا نىسبەتەن سالقىن مۇئامىلىدە بولۇشىنى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىدىن باشلايدۇ. ئۇ سەلبىي ئىللەتلەرنىڭ ئىجابىي ھەقىقەتلەرگە ھۆكۈمران بولۇشىدىن ئىبارەت ۋاقىتلىق ھالىتى، ئۇنىڭغا باش ئەگكەن ئىنسان ھاياتىدىكى مەڭگۈلۈك ئەلەم ۋە ھەسرىتىدىن ئارتۇق ھېچنېمىگە ئېرىشكەن ئەمەس.

ھايات ـ ئۆلۈمنى ئۆزىنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى قىلىپ تاللىۋالغان، بىراق بۇ ئۆلۈمنىڭ مۇتلەقلىقىدىن دېرەك بەرگەن ئەمەس. بۇ ئۇمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن يۇغۇرۇلغان خىيالىي غايىدىن ئىبارەت. ھاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكى ئىنساننىڭ ھاياتقا بولغان چۈشەنچىسىدىكى چوڭقۇرلۇقنى ھېس قىلدۇرىدىغان، پىششىقلايدىغان، تاۋلايدىغان ئوچاق. ئۇنىڭدا ھەر بىر شەخسنىڭ ئىجتىمائىيەتتىكى ئورنى بەلگىلىنىدۇ. سەۋر، چىدام، غەيرەت ـ شىجائەت، ئۇمىدۋارلىق ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇ شەخسلەردىن داۋاملىق ھالەتتىكى چىدامچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، ھاياتنىڭ خۇلقىدا ئەركىلىتىش ـ بەپىلەشمۇ، چەتكە قېقىش ـ سىلكىشلەشلەرمۇ بولىدۇ، خۇددى لالە رەيھاننىڭ تىكەنلىرى، پۇراقلىرى مەۋجۇت بولغانغا ئوخشاش. بىراق، كەچ كۈزمۇ ئۇنىڭغا يىراق ئەمەس...

## مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنەيلى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

رۇقىيەم مەمەت ئابلا

جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى خىلمۇخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر كۆنسېرى مۇرەككەپلىشىپ، رىقابەت ۋە خىرىسمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ بارماقتا. بۈگۈنكىدەك ئۈچۈر دەۋرىدە كىشىلەر مال ـ دۇنياغا ئەمەس، بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتكە تايىنىپ ئۆزىنى كۆچەيتىشكە، جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇشقا كۈچ چىقارماقتا. بىز بۇ جەمئىيەتتە ياشايدىكەنمىز، مەغلۇبىيەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ھەر ۋاقىت ئۇچراپ تۇرىمىز. ھاياتلىق يولىمىز بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە تەكشى تەرەققىي قىلماستىن، نۇرغۇنلىغان ئەگرى ـ توقايلىقلارنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ھايات قىسمەتلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيە ئوخشاشمايدۇ. بەزىلىرىمىز يولۇققان مەسىلىلەرگە ئالدىراپلا يۈزەكى نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىمىزدە، ئاقىۋەتتە پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي ئاھ ئۇرۇپ

ئۆتىمىز. يەنە بەزىلىرىمىز مەيلى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايلى ياكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنايلى، ھەر قانداق ۋاقىتتا سوغۇققانلىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئويلىشىپ مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىمىز.

كونىلار «ئالدىرىغان قەيەردە، ئالدىرىمىغاننىڭ كەينىدە» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. بىز مەلۇم بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشقا يولۇققان ۋاقتىمىزدا ئالدىراپ جىددىي ھالەتتە قارار چىقارساق ياكى يۈزەكى ھەل قىلىش يوللىرىنى ئىزدىسەك ھەرگىزمۇ غەلىبە قىلالمايمىز، ئەكسىچە تەمكىنلىك ۋە سالماقلىق بىلەن ھەل قىلساق نەتىجىسى ئوخشاش بولمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىمىز.

مەسىلەن، تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ ھېكايىسىنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ توشقان ئالدىراقسان ۋە مەنمەنچى بولغاچقا، ئۇ راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ كېتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يولدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى يەپ يېرىم يولدىلا ئۇخلاپ قالغان. تاشپاقا بولسا تەمكىن ۋە سالماق بولغاچقا، گەرچە توشقاندىن ئاستا ماڭغان بولسىمۇ، ئىزچىل ھالدا ئىلگىرىلەپ، ئاخىرقى پەللىگە توشقاندىن بۇرۇن بارغان. كىشىلىك تۇرمۇشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ ئۈزۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدىكەن، ئۇ چوقۇم ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتەلەيدۇ، مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسى ئۇنىڭغا كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ. ئەكسىچە ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان، باشقىلارنى سەل چاغلايدىغان كىشىلەر بولسا مەغلۇبىيەتنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مانا بۇ «كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ» دېگەن ھېكمەتنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ ؟!

شۇڭا، بىز ھەر قانداق ئىش قىلغاندا، ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ياخشى ئويلىشىمىز، ئالدىراقسانلىق ھالىتىمىزنى تۈگىتىپ، تەمكىن، ئېھتىياتچان بولۇشىمىز، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكىمىزنى ئۆزئارا تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ئۆزىمىزدە چۈمۈلە روھىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىشتەك بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەش كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم. مەيلى ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇش ئىشلىرىدا بولسۇن ئۈزۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ توختىماستىن ئىزدىنىشىمىز، ھەرگىزمۇ «ئەتىسى تۈگىمەس»لەرنىڭ يولىغا كىرىۋالماسلىقىمىز، بىر ئىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

ھەر بىر ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ئاچقۇچ، ئۇ خۇددى

ماياككا ئوخشاش كىشىلەرگە يول باشلاپ ماڭغۇچى. كەمچىلىك بولسا ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى زەھەرلىك تىكەن، شۇڭا بىز ھايات يولىمىزغا پۇراقلىق ئەتىرگۇللەرنى تىكىشىمىز كېرەككى، ئۇنىڭ يېنىدا ئۆسۈپ قالغان شۇمبۇيىلارنى جەزمەن يۇلۇپ تاشلىشىمىز كېرەك.

## V يېزىقچىلىق سوئالى (55نومۇر)

23. بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ، يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

بىر ئايال يازغۇچى قەلەمكەشلەر يىغىلىشىغا تەكلىپ بىلەن ئىشتىراك قىپتۇ. ۋېنگىرىيەلىك ياش بىر ئەر يازغۇچى ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ھېلىقى ئايال يازغۇچى ئۇستىبېشى ئاددىي، كەم سۆز، كىچىك پېئىل ئىكەن.

ۋېنگىرىيەلىك ياش يازغۇچى ئۇنى تونۇمايدىكەن، شۇڭا ئۇنى قاتاردا يوق ياش قەلەمكەشلەردىن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ ۋە پەرۋايىغا ئالماي مۇنداقلا سوراپتۇ:

— خانىم، سىز كەسپىي يازغۇچىمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇنداقتا، ئېلان قىلغان داڭلىق ئەسەرلىرىڭىز باردۇ؟ بىر - ئىككىسىنى ئوقۇپ باقساق بولارمۇ؟

— ئانچە - مۇنچە رومان يېزىپ قويىمەن شۇ، ئېسىل ئەسەر دېگۈچىلىكىمۇ يوق.

بايىقى ئويىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ياش يازغۇچى سۆزىنى داۋام قىپتۇ.

— رومان يازىمەن دەڭ! دېمەك، كەسىپداشكەنمىز - دە. مەن ھازىرغىچە 339 پارچە رومان نەشر قىلدۇردۇم، سىزچۇ؟

— پەقەت بىرلا.

ياش يازغۇچى ئۇنىڭدىن كەمسىتكەن تەرزدە سوراپتۇ:

— ھە، بىر پارچىلا رومان يازدىم دەڭ، ھىم... دەپ بېقىڭە، كىتابىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

— «پەرۋاز» — دەپتۇ ئايال يازغۇچى تولىمۇ تەمكىنلىك بىلەن.

ئايالنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان تەكەببۇر يازغۇچى داڭقېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

بۇ ئايال ئەسلىدە پۈتكۈل ئۆمرىدە بىرلا رومان يازغان بولۇپ، ھالبۇكى، 339 پارچە رومانى بىلەن ماختانغان ھېلىقى ياش يازغۇچىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى ھازىر ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز.

بىراق ھېلىقى ئايال يازغۇچىنىڭ رومانى كېيىن كىنو قىلىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» نامىدا دۇنياغا مەشھۇر.

ماتېرىيال مەزمۇنىغا ئاساسەن «سان ۋە سۈپەت»نى تېما قىلىپ بىر پارچە

ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) نۇقتىئىنەزەر ئېنىق، پىكىر يۈنىلىشىڭىز توغرا بولسۇن. ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ. ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ (شېئىردىن باشقا).

(2) ئەسىرىڭىز ماتېرىيال مەزمۇنىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(3) ماتېرىيالدا بېرىلگەن ئۈچۈرلاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ، ئەمما ماتېرىيالنى مىسال سۈپىتىدە ئەينەن كۆچۈرۈپ قوللىنىشقا بولمايدۇ.

(4) ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ساغلام بولۇشى كېرەك.

(5) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن. ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

(6) ئادەم ئىسىملىرى ۋە يەر - جاي ناملىرىنى ×× بىلەن ئىپادىلەڭ.

ئۈلگە:

## ھەقىقي ئۇنۇم توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئامانگۈل ئابدۇقادىر

زامانىمىز ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئۇزۇكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدا ئوخشاش بولمىغان ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلمەكتە. بۇ سەۋەبلىك تۈرلۈك ئوخشاش بولمىغان زىددىيەتلەر مەيدانغا چىقماقتا.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، ئىلىم جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن بۈيۈك ئۇستاز، ئالىملىرىمىز ئۆز ھايات پائالىيىتى جەريانىدا، نۇرغۇن بىلىم ئىگىلەپ، ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىشتۈرگەن. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەري، يۇسۇپ خاس ھاجىپتەك ئۆلۈغ كىشىلىرىمىز، پەخىرلىك ئوغلانلىرىمىز مانا شۇلارنىڭ مىسالىدۇر. ئۇلار بىلىم ۋە ئەخلاق خەزىنىسى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»كە ئوخشاش ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇلارنىڭ قان - تەرىنىڭ بەدىلى بولغان ئۇ ئەسەرلىرى ئەسىردىن - ئەسىرگە داۋاملىشىپ، ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ ئۆز قىممىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا. ئۇلار ئەزەلدىن ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ باققان، ئۆز ئىشىدىن مەغرۇرلانغان ئەمەس. ئۇلار ئەزەلدىن ئۆزىگە كەمتەرلىكنى

ھەمراھ قىلىپ كەلگەن. يۇقىرى ئۈنۈم ۋە سۈپەتنى ئۆزىگە نىشان قىلغان. لېكىن، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە شۇنداق كىشىلەر مەۋجۇتكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ قىلغان ئازراقىنە ئىشىدىن ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالىدۇ. نەچچە پارچە شېئىر ياكى ھېكايىنى يېزىپ قويۇپ، خۇددى تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىۋەتكەندەك پەخىرلىنىپ كېتىشىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن، يازغان ئەسەرلىرىدىن جەمئىيەتكە، خەلققە قانچىلىك نەپ كەلگەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ. مانا بۇ خىل سۈپەت جۇغلانمىسىغا ئەھمىيەت بەرمەي، سان جۇغلانمىسىنى زىيادە قوغلىشىدىغان ناچار پىسخىكىلىق كېسەللىكلەر جەمئىيىتىمىز كىشىلىرىدە خېلىلا ئېغىر.

دەۋرىمىزدىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئۆزىنىڭ قانچىلىك بىلىم ئىگىلىگەنلىكى بىلەن كارى بولماي، بەلكى ئۆزىنىڭ قانچە خىل تىل ئۆگىنىۋاتقانلىقى، قانچىلىك كىتاب ئوقۇغانلىقىنى پەش قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىزگە كېرەك بولغىنى قۇرۇق پو ئېتىشلار بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي ئۈنۈم، ھەقىقىي بىلىم.

مەن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغان:

پۈتۈن ئۆمرىدە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازغان بىر ئەر يازغۇچى دۇنيادا نامى ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەن بىر ئايال يازغۇچى ئالدىدا، ئۆزىنىڭ 339 پارچە رومان يازغانلىقى توغرىسىدا ماختىنىپتۇ، ھەمدە ئايال يازغۇچىدىن قانچىلىك ئەسەر يازغانلىقىنى سوراپتۇ. ئايال يازغۇچى ئىنتايىن تەمكىن ھالدا، پەقەت «پەرۋاز» دېگەن بىرلا روماننى يازغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھېلىقى يازغۇچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. چۈنكى، بۇ ئايال دۇنياغا مەشھۇر بولغان «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئىكەن.

شۇنداق، ھازىر بەزى كىشىلەر سۈپەتنى، ھەقىقىي ئۈنۈمنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، نوقۇل ھالدا، سان جۇغلانمىسىغا ئېسىلىۋېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەر ھېچقانداق چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، شۇنداقلا ناھايىتى تېزلا باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. بىز شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئۇتۇق قازىنىمەن، چوڭ - چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىمەن، دەيدىكەنمىز، چوقۇم ھەقىقىي ئۈنۈمنى، ئەلا سۈپەتنى ئۆزىمىزگە نىشان قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە دانالىرىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىدىن ئۆلگە ئېلىپ، كەمتەرلىكنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىپ، ناچار پىسخىك ھالەتلەرنىڭ كىشىلەر ئارىسىغا سىڭىپ كىرىشىگە ھەرگىزمۇ يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

قېنى دوستۇم، ئۆزىڭىزگە نەزەر سېلىڭ! سىز شۇنداق قىلالىدىڭىزمۇ؟ ئۆزىڭىزنى دەڭسەپ كۆرۈڭ! شۇنداق قىلالامسىز ؟!

## V يېزىقچىلىق سوئالى (55 نومۇر)

ھايۋانات پادىشاھلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئېيىق چېلىشىش تۈرىنىڭ چېمپىيونى، مايمۇن يامىشىش تۈرىنىڭ چېمپىيونى بوپتۇ. بۇغا بولسا يىراققا سەكرەش تۈرىدىن چېمپىيون بوپتۇ. شىمپەنزە بىلەن ياۋا چوشقا يۈگۈرۈشتە چېمپىيونلۇقنى تالىشىپتۇ. شىمپەنزە يېرىمىغا كەلگەندە بەرداشلىق بېرەلمەي قاپتۇ ـ دە، يېڭىلگىنىگە تەن بېرىپتۇ ھەمدە ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىغا غەلىبىلىك يېتىپ بارغان ياۋا چوشقىنى چاۋاك چېلىپ تەبرىكلەپتۇ. مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شىمپەنزە ئەڭ ئالىي شان ـ شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشىپتۇ. شىر بۇنى چۈشەندۈرۈپ: «ھەممە ھايۋانلار ئۆز جەمەتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرىگىلا ئالقىش ياڭرىتىۋاتقان ۋاقىتتا، پەقەت مۇشۇ شىمپەنزىلا باشقىلار ئۈچۈن چاۋاك چالدى. شۇڭا، مۇشۇ شەرەپكە لايىق» دەپتۇ.

تەلەپ:

(1) نۇقتىئىنەزەر ئېنىق، پىكىر يۆنىلىشىڭىز توغرا بولۇشى كېرەك. ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ. ژانىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ (شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ).

(2) ئەسىرىڭىز ماتېرىيال مەزمۇنىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(3) ماتېرىيالدا بېرىلگەن ئۇچۇرلاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ، ئەمما ماتېرىيالنى مىسال سۈپىتىدە ئەينەن كۆچۈرۈپ قوللىنىشقا بولمايدۇ.

(4) ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ساغلام بولۇشى كېرەك.

(5) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلغان بولسۇن. ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن. ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

(6) ئادەم ئىسىملىرى ۋە يەر ـ جايناملىرىنى XX بىلەن ئىپادىلەڭ.

ئۈلگە:

### شاد ـ خۇراملىق شەربەتلىرىدىن تېتىپ باققۇڭىز بارمۇ؟

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

مېھرىگۈل ئېزىز

مەن بۇ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن شەربەتنى تېتىپ،

ئۇنىڭ لەززىتىدىن جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقان مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە،
سىزگىمۇ بۇ شېرىن شەربەتلەردىن سۇنۇشنى توغرا تاپتىم.
بۇ شەربەت قانداقتۇر ئانار شەربىتى ياكى شاپتۇل شەربىتى ۋە ياكى
ئاپېلسىن شەربىتى ئەمەس، بەلكى بىر خىل مەنىۋى شەربەت، يەنى شاد -
خۇراملىق شەربىتى.
مېنىڭچە، ھەممە ئادەم دائىم خۇشال يۈرۈشنى ئويلايدۇ. شۇڭلاشقىمىكىن،
بەزى ئادەملەر چوڭچىلىق، غەيۋەتخورلۇق، ئىچى تارلىق ۋە پىتنىخورلۇقنىڭ تار
ھەم زۇلمەت كوچىلىرىدا تاپقان ئىككى - تۆت تال تەڭگىسىنى باشقىلارنىڭ
ئالدىدا كۆز - كۆز قىلىپ، ئىككى نان تاپسا بىرىدە داپ چېلىپ، مۇشۇنداق
ئەخمىقانە ئۇسۇللار بىلەن خۇشاللىق ئىزدەش تاماسىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈشىدۇ.
ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئەرلەر بۇ قىسقىغىنا ھاياتنى مەنىلىك، شاد -
خۇراملىق ئىلكىدە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن خۇشاللىق ئىزدەيدۇ. ئۇلار خۇشاللىقنى
باشقا يەردىن ئەمەس، بەلكى دەل ئاشۇ كىشىلەرگە ئۆزى ئىزدىگەندەك
خۇشاللىقلارنى ئاتا قىلالمايدىغان مەيخانا ۋە رېستورانلاردىن، رومكىلارغا تولدۇرۇپ
قۇيۇلغان ئاق ۋە قىزىل ھاراقلاردىن ئىزدەيدۇ. ئەگەر، سىز ئاشۇ رېستوران ۋە
مەيخانىلاردىن ھەقىقىي خۇشاللىقنى تاپقىلى بولىدۇ، دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا،
قېنى، جاۋاب بېرىپ بېقىڭە، سىز رېستورانغا كىرىپ، ئولتۇرۇش ئاياغلاشقاندىن
كېيىن، يانچۇقىڭىزدىن پۇلنى يۈزلەپ - يۈزلەپ چىقارغان چېغىڭىزدا، قاتتىق
خۇشال بولۇپ كېتەلەرسىزمۇ؟ قانچىلىغان بەختلىك ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلغان
نەرسە دەل ھېلىقى رومكىلاردىكى ئېسىل ھاراقلار ئەمەسمۇ؟
يەنە بىر قىسىم قىزلار باركى، ئۇلار شەرم - ھايا، ئەدەپ - ئەخلاق، ئار -
نومۇس دېگەنلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، كېچە - كېچىلەپ دىسكوخانىلاردىن
نېرى كەتمەيدۇ. شۇ خىلدىكى بىر قىسىم ئاياللارمۇ باركى، ئۇلار ئۆزىنىڭ
ئاياللىق ۋە ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلمايدۇ. ھە دېسىلا قاتار چاي، ئاللىقانداق
مەرىكىلەرگە قاترايدۇ. ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى قايسى ماركىدىكى كىيىمنى
كىيىش، قانداق نۇسخىدىكى زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش، چېچىنى
قانداق پاسوندا ياسىتىش، بويىتىش، قايسى خىلدىكى گىرىم بۇيۇملىرى ۋە
قايسى خىلدىكى تېرە ئاسراش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت. قاتار چاي
سورۇنلىرىغا بارغان چاغلىرىدا بولسا، قايسىمىزنىڭ كىيگىنى داڭلىق ماركىلىق
كىيىم؟ قايسىمىزنىڭ تاقىغىنى قىممەت باھالىق زۇننار؟ قايسىمىزنىڭ
تېلېفونى ئەڭ ئېسىل ھەم قىممەت؟ دېگەنلەرنى مۇلاھىزە قىلىشتىن تارتىپ،
قايسىبىر خىزمەتدىشى ياكى كەسىپدىشىنى ماختاپ، ئۇچۇرۇپ كۆككە كۆتۈرۈش
ياكى غەيۋىتىنى قىلىپ، كۈلىنى كۆككە سورۇشنى ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىنىڭ قىزىق
نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇپ، جىن - شاياتۇنلاردەك سەت كۈلۈشۈپ، ئەرلەردىن

قېلىشامتۇق دېيىشىپ، ھاراقنى بوتۇلكىسى بىلەن كۆتۈرۈشۈپ ئىچىدىغان، باللىرى ئۆيىدە يەيدىغىنىغا ھەتتا قۇرۇق نانمۇ يوق، يىغلاپ ئولتۇرىدىغان بۇنداق ئەھۋاللار ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. سىزنىڭچە، بۇ خىلدىكى ئاياللار ھەقىقىي خۇشاللىققا ئېرىشەلىگەنمىدۇ؟ ياق، ياق، ئۇلار ئۆز ئائىلىسىنى ئۆز قولى بىلەن ۋەيران قىلىپ، نارەسىدە باللىرىنىڭ كۆزىدىن قانلىق ياشلارنى ئاققۇزدى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ماددىي جەھەتتىكى بايلىق سىزنى مىنۇت ئىچىدە خۇشال قىلالىغىنى بىلەن، ئۆمۈرلۈك نادامەت، ئازاب ئىچىدە قويۇشىمۇ مۇمكىن. دوستۇم، مەن سىزگە شاد - خۇراملىقنىڭ مەنبەسى بولغان كەڭ قورساقلىق ئەڭگۈشتەرىنى سۇنماقچى. ئىشىنىمەنكى، بۇ ئەڭگۈشتەر سىزنىڭ قەلبىڭىزنى نۇرلاندۇرۇپ، قەلب ئەينىكىڭىزنى چىرايلىق زىننەتلەر بىلەن بېزىيەلەيدۇ. ئىشەنمىسىڭىز تۆۋەندىكى يۈرەك سادايىمغا زەن قويغايسىز.

بىر كۈنى مەن چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، بىرقانچە دوستلىرىم بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېدۇق. ئاشخانىدا سالاپەتلىك بىر يىگىت ۋە چىرايلىق بىر قىز تاماق يەپ ئولتۇراتتى. تۇرقىدىن قارىغاندا، سودا ئىشى بىلەن شۇغۇللانسا كېرەك، ھېلىقى يىگىتنىڭ يەنە تېخى بىر داڭلىق ماركىلىق پىكاپىمۇ بار ئىكەن. ئۇلار تاماقنى بىزدىن بۇرۇن يەپ بولۇپ چىقىپ كېتىشتى. قارىسام، ھېلىقى يىگىتنىڭ بىر قىممەت باھالىق يانفونى تاماق ئۈستىلىنىڭ ئۈستىدە قاپتۇ. ئۇنى چاقىراي دەپ يۈگۈرۈپ چىقسام، ئۇلار ئاللىقاچان مېڭىپ بولغانىكەن. ئاشخانا مۇلازىمى بۇ يانفوننىڭ مېنىڭ ياكى مېنىڭ ئەمەسلىكىنى سورىشىغا دوستۇم، «مېنىڭ» دەپ جاۋاب بېرىۋەتتى. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ تامىقىڭنى يە، دېگەندەك قىلىپ، ماڭا ئىشارەت قىلدى. ئاشخانىدىن چىققان ۋاقتىمىزدا ئۇ: «ئاداش، بۈگۈن تەلىيىمىز ئوڭدىن كەلدى، بۇ تېلېفون خېلى كۆپ پۇلغا يارايدۇ» دېدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ: «بولدى قىلە ئاداش، مۇئەللىم بىزگە دائىم ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالماسلىق كېرەك دەيدىغان، بىز بۇنداق قىلساق، قاشقا سانىسا كۆزىگە، كىشىگە سانىسا ئۆزىگە دېگەندەك، ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دېدىم. ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا: «ئوھۇش، نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن، كۆرمىدىڭمۇ، خەق دېگەن شۇنچە باي تۇرسا، بۇ تېلېفون ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك نېمىتى؟» دېدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بۆلدۈم: «مۇشۇ گەپلەر سېنىڭ ئاغزىڭدىن چىقىۋاتامدۇ، پەقەتلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، باشقىلار باي بولسا كۆز قىزارتىپ، ھەسەت قىلىپ، يەنە تېخى خەقنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋېلىپ خىجىل بولماي يۈرسەك، بىزگە نومۇس ئەمەسمۇ؟ بۇنداق ناچار ئىللەتلەرنى قاچانمۇ تۈگىتەرمىز؟ خەق باي بولسا، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بەدىلىگە باي بولىدۇ، بىز قاچانغىچە، ئىچى تارلىق، ھەسەتخورلۇق ئوتىدا

پۈچىلىنىپ يۈرىمىز؟»

قولۇمدىكى تېلېفون جىرىڭشىپ قالدى. تېلېفوننى ئالسام، ھېلىقى يىگىت ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا بايا تاماق يېگەن ئاشخانىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ تېلېفوننى قويۇۋەتتىم. ئۇ بىردەمدىلا كەلدى. ماڭا كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ، مۇئەللىمىمنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سورىدى. ئۇ مېنىڭ قىلغان ياخشى ئىشىمنى مۇئەللىمىمگە ئېيتماقچى بولغانىدى. مەن رەت قىلىپ تۇرۇۋالدىم. مەن ئويلايتتىمكى، باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە قول سۇنۇش نامەردلىك قىلغانغا باراۋەر. ھەممە كىشى ئۆز نېسىۋىسىگە ئۆزى ئىگە بولۇشى كېرەك. ھېلىقى يىگىت ماڭا رەھمەت ئېيتقان ۋاقتىدا، مېنىڭ قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىمنى سىز ھېس قىلىپ يېتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. دوستۇمغا قارىدىم، ئۇنىڭ يۈزلىرىدە خىجىللىق ئارىلاش كۈلكە پەيدا بولدى. ھېلىقى يىگىتمۇ كېتىپ قالدى. مەن بۈگۈنكى بىر كۈنۈمنىڭ ئەڭ مەنىلىك ھەم خۇشال ئۆتكەن بىر كۈن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

دوستۇم، ئادەم بۇ تۆت كۈنلۈك ئالەمدە زادى قانچىلىك ۋاقىت ياشىيالايدۇ دەيسىز. بۇ چەكلىك ھاياتىمىزدا ئاز ـ تولا ياخشى ئىش قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەك، بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىمىز ئەمەسمۇ؟

سىزگە دېسەم، باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن خۇشال بولالىغان، باشقىلارنىڭ ھالىغا مۇڭ بولالىغان ئادەم ھامان بىر كۈنى قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشمەي قالمايدۇ.

دېمەك، كەڭ قورساقلىق ئادەمنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرغۇچى سېرلىق ئەڭگۈشتەر. بەزىبىر زىددىيەتلەر تۇپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئارازلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان شىپالىق دورا. ئۆز رىقابەتچىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە چاۋاك چېلىپ ئالقىش ياڭرىتالىغان، ئۆچمەنلىكنى دوستلۇققا ئايلاندۇرالايدىغانلار ھەقىقىي ئەزىمەتلەردۇر.

## كەڭ قورساقلىقنىمۇ ئۆگىنىۋېلىڭ

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئاسىمگۈل نۇرۇز

ھەممىمىزگە مەلۇم، ھاياتلىق يولى پاياندار سېلىنغان شاھانە يول ئەمەس، ئۇنىڭ پۈتىمىزغا سانجىلىدىغان شوخا ـ تىكەنلىرى، سەللا دىققەت قىلمىساق موللاق ئاتقۇزۇۋېتىدىغان ئوي ـ ئازگاللىرى بار. بۇ شوخا ـ تىكەنلىك يولدا بۇ

دۇنيانىڭ مېھمىنى بولغان بىزلەر ھەرگىزمۇ كەلگەن پېتىمىزچە، ھېچقانداق كىشى بىلەن ئالاقە قىلماي، يەككە - يېگانە ھالدا مېڭىپ كېتەلمەيمىز، بۇ يولدا ئوي - ئازگاللارغا چۈشۈپ كەتمەي مېڭىش ئۈچۈن ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر بىلەن قويۇق ئالاقىدە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە بولىمىز. بۇنداق ۋاقىتتا ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغان بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەر ئارا كەڭ قورساقلىق، يول قويۇش.

بىز ئادەتتە ھەممىمىز كەڭ قورساقلىقنىڭ ئېسىل پەزىلەت ئىكەنلىكىنى، بەزى ۋاقىتلاردا كەڭ قورساقلىقنى نىزام قىلساقلا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەردىن، كۆڭۈل ئازارچىلىقلىرىدىن خالىي بولالايدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز - يۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا شۇنداق قىلالماي قالىمىز. ئەلۋەتتە ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق كەڭ قورساقلىقنى، باشقىلارغا يول قويۇشتىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلەتنى ئۆزىگە يار قىلىپ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ خۇشال قىلىپ ياشاۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس.

بىر موماي 60 يىللىق توي خاتىرە كۈنىدە، دوستلىرىنىڭ، تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ قانداق قىلىپ نىكاھىنى 60 يىل داۋاملاشتۇرغانلىقى توغرىسىدىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: «مەن يولدىشىم بىلەن توي قىلغان كۈندىن باشلاپ مۇنداق بىر ئۆلچەمنى تۈزۈپ چىقتىم، يەنى ئېرىمنىڭ ئون تۈرلۈك سەۋەنلىكىنى يېزىپ، ئەگەر ئۇ مۇشۇ ئون تۈرلۈك خاتالىقنىڭ ئىچىدىكى بىرەر خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ قالسا چوقۇم كەچۈرىمەن دەپ ئويلىدىم. ھەم ھەر قېتىم ئۇ خاتالىق ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن خاپا بولماي، ئۆز - ئۆزۈمگە ئۇ ئۆتكۈزگەن خاتالىق ھېلىقى ئون تۈرلۈك خاتالىقنىڭ ئىچىدىكى بىرسى، خاپا بولماي كەچۈرۈۋېتەي دەپ ئويلىدىم، شۇنداق قىلىپ ھازىرغىچە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالماي ئىناق ئۆتۈپ كەلدىم. ئەلۋەتتە يولدىشىممۇ بەكلا چېكىدىن ئاشقان خاتالىقنىمۇ ئۆتكۈزمىدى، شۇڭا مۇشۇنداق ئىناق ئۆتۈپ كەلدۇق» دەپتۇ. بۇ چاغدا دوستلىرى ئۇنىڭدىن ھېلىقى ئون تۈرلۈك سەۋەنلىكنىڭ نېمىلىكىنى سوراپتۇ، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ دوستلىرىغا ئۇ ئون تۈرلۈك سەۋەنلىكنى ئەزەلدىن يېزىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

يۇقىرىقى مىسالدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ 60 يىللىق بەختلىك نىكاھىنى باشتىن كەچۈرۈشىگە سەۋەبچى بولغان نەرسە كەڭ قورساقلىق، يەنى ئايالنىڭ كەڭ قورساقلىقى.

ھەقىقەتەنمۇ كەڭ قورساقلىق سىزنى، مېنى ۋە ئۇنى خۇشال قىلالايدىغان ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ بىرى، دانالار «ھايات دېگەن بىر ئۆتەڭ» دەپ، تولىمۇ توغرا

ئېيتقان. بۇ كېلىپ - كېتەر ئۆتەڭدە ياشايدىغان بىزلەر مۇشۇ قىسقىغىنا ئۆمرىمىزدە نۇرغۇنلىغان كۆڭۈل ئاغرىقلىرىغا ئۇچراشتىن، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشتىن خالىي بولالمايمىز. «ھە، بوپتىلا» دەپ ئالدىدىكىنى مۇشۇ يەرگە يۆتكەڭ. ئۆتكۈزۈۋەتسىمۇ بولىدىغان ئىشلارغا قەستەن ئېسىلىۋېلىپ، باشقىلارنى ئۇسال قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس، ئەگەر مەلۇم ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، بۇ مەسىلە بەك چوڭ ھەق - ناھەق مەسىلىسىگە تاقاشمىسا، ئۇنداقتا سىز كەڭ قورساقلىق بىلەن بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنىپ، باشقىلارغا ئازراق يول قويسىڭىز، باشقىلارنىڭ دىلىمۇ رەنجىمەيدۇ، سىزمۇ ئازادىلىك ھېس قىلىپ قالىسىز. شۇڭا دائىم باشقىلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا سىز ھەممىدىن ئاۋۋال «يول قويغۇدەك يېرى بارمۇ، يوق؟» دەپ ئويلاپ بېقىڭ. ئەلۋەتتە يول قويغاننى بىلمەيدىغانلارغا ياكى يول قويغاننى قورقۇنچاقلىققا چىقىرىدىغانلارغا نىسبەتەن ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويغاننىڭمۇ زىيىنى يوق. لېكىن ھەر ۋاقىت ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھەقىقىي بەخت ۋە خۇشاللىق پەقەت نوقۇل ھالدىكى ئىگە بولۇش ۋە غەلىبە قىلىشلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى باشقىلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىشمۇ ھەقىقىي بەخت جۈملىسىدىندۇر.

شۇڭا سىزمۇ كىشىلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ، ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى، كۆڭۈل ئازادىلىكى ئۈچۈن ھەر دائىم كەڭ قورساقلىقتىن ئىبارەت بۇ ئېسىل پەزىلەتنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ.

## قانداق قىلغاندا باشقىلارنى ئېتىراپ قىلغىلى بولىدۇ

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

يۈسۈپ ئەخمەت

ئىنسان ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان پائالىيەتلەر ئارقىلىق ھاياتلىق سەپىرىنى ھەر خىل رەڭلەر بىلەن بېزەپ، ھايات مۇساپىسىگە يېڭىدىن - يېڭى مەنىلەر قوشىدۇ ۋە ئۆز ھاياتىنى مەنىلىك، خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ. بۇ جەرياندا باشقىلار بىلەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە بولىدۇ، مەيلى خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا بولسۇن باشقىلارنىڭ ياردىمىگە، كۆيۈنۈشىگە ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۆزلىرىمۇ باشقىلارغا تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن بىرخىل ئىنسانىي مۇناسىۋەت تورى شەكىللىنىدۇ.

تۇرمۇش رەڭدار ھەم مۇرەككەپ، ئىنسان ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مۇساپىسىدە ئاز

بولمىغان بەخت - سائادەت ۋە ئاز بولمىغان ئوڭۇشسىزلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. بۇلار ئەمەلىيەتتە ئىنساننى تاۋلايدۇ ھەم ئۇلارغا بىلىم بېرىدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلالىغان، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ بەخت - سائادىتى ياكى بەختسىزلىكلىرى ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىپ، ئالاھىدە ئىقتىدار، ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقلارنى، يوشۇرۇن كۈچ، ئەقىل - پاراسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئۇلار مانا مۇشۇنداق ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

بىز ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىمىزدە نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ياكى ئالاقىلىشىپ تۇرىمىز. دەل مۇشۇ تۈردىكى ئىجتىمائىي ئالاقە بىزنى باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتۈرىدۇ، شۇنداقلا باشقىلارنىمۇ بىزنىڭ ئېتىراپ قىلىشىمىزغا ئېرىشتۈرىدۇ. بىز تۇرمۇش، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە باشقىلارنىڭ ماختىشىغا، ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىمىز. خۇددى ماتېرىيالدا ئېيتىلغان شىمپەنزە مۇسابىقىدە ئۆزىدىن ئېشىپ چۈشكەن ياۋا چوشقا ئۈچۈن ئالقىش ياڭرىتىپ ئۇنى تەبرىكلىگەنگە ئوخشاش باشقىلارنىڭ ئۆزىمىزدىن ئېشىپ چۈشكىنىنى كۆرگەندە ھەرگىزمۇ ئۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلماسلىقىمىز، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى جەزمەن ئېتىراپ قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنىلا كۆرۈپ، ئۆزگىنى كۆرمەسلىكتەك شەخسىيەتچىلىك خاھىشلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك.

بۇ جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىلا، ئۆز ئارتۇقچىلىقىنىلا كۆرۈپ، باشقىلارنىڭكىنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئارقىسىغا قاراشقا پېتىنالماي يا ئالدىغا، يا ئارقىغا ماڭالماي، يېرىم يولدا توختاپ قېلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يا باشقىلارنىڭ ئۈتۈقلىرىدىن پەخىرلىنەلمەيدۇ، ئۆزى ئۇزۇپ چىقالمايدۇ. بۇنداق ھاياتنىڭ نېمە مەززىسى، قانچىلىك لەززىتى بولسۇن؟! كۈلۈشكە تېگىشلىك جايدا كۈلەلمەسلىك، يىغلاشقا تېگىشلىك جايدا يىغلىيالماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل نورمالسىزلىق.

خەلقىمىزدە «ھۆرمەت قىلساڭ، ئىززەت تاپارسەن»دېگەن ماقال بار، بۇ ئەمەلىيەتتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە شەكىللەندۈرگەن ئادەمگەرچىلىك ئۆلچىمى. ئەجدادلار توغرا ئېيتىدۇ، بىز باشقىلارنى قانچە ھۆرمەتلىسەك، باشقىلارمۇ بىزنى شۇنچە چوڭ كۆرۈپ ئەزىزلەيدۇ، باشقىلارنى ئېتىراپ قىلساق، باشقىلارمۇ بىزنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ھەددىدىن زىيادە شەخسىيەتچى، ئىچى تار، كۆرەلمەس كىشىلەرنىڭ بىرمۇ مەڭگۈلۈك دوستى بولماسلىقى مۇمكىن. كىشىلىك ھايات ئۇزۇن ھەم مۇرەككەپ، ھاياتتا ئۆزۈم يالغۇز، يەككە - يېگانە ئۆتىمەن، باشقىلارغا پەقەت ھاجەتمەن بولمايمەن،

باشقىلارغا ياردەممۇ قىلمايمەن، دېگىلى بولمايدۇ. ئەجدادلار يەنە «ئادەم ــ ئادەم بىلەن ئادەم» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان. شۇڭا باشقىلارنى كۆرۈش، بىلىش ھەم ئېتىراپ قىلىش ئادىمىيلىكنىڭ ئەقەللىي بىر ئۆلچىمى. «بار تاۋۇقىم، يان تاۋۇقىم» دېگەندەك ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشىپ، ئۆزئارا قوللىشىپ، ئۆزئارا ياردەم قىلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ، بىرلىكتە ئىلگىرىلەش بىزنىڭ قەلب شوئارىمىز. قېنى ئەمىسە، قولىڭىزنى بېرىڭ، ھەممىمىز ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، بىر - بىرىمىزنى قوللاپ، بىر - بىرىمىزگە مەدەت بېرىپ، ھايات سەھنىسىنى ئورتاق بېزەيلى!

V يېزىقچىلىق سوئالى (55 نومۇر)

25. بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ، يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

لوقمان ھەكىم ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بوپتۇ ۋە ئۇنى كوچىمۇ كوچا ھەيدەپ يۈرۈپ ئورۇپتۇ. كۆرگۈچىلەر ئەجەبلىنىپ سورىسا: «بۇيرۇغان ئىشنى قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئارىدا بىر ھويلىدىن قاش - قاپاقلىرى تۈرۈلگەن بىر قىز چىقىپ غەزەپلىك ھالدا شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي، ئاتا، بۇ ئوغۇلنى نېمىشقا ئۇرىسىز؟

— بۇيرۇغان ئىشنى قىلىدۇ، — دەپتۇ لوقمان ھەكىم جاۋابەن.

قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا تازا ئۇرۇڭ، قاچان ئىشنى بۇيرۇتماي، ئۆزى تېپىپ قىلغۇچە ئۇرۇڭ.

شۇنداق، كىشىلەرنىڭ ئاغزىغىلا قاراپ قېلىش ياخشى ئادەت ئەمەس. «ئۆلارمۇ ئاتا - ئانا بولار» ناملىق ھېكايىدىكى سىپىرىخان ئانا: «ئىش يوق دېگەنمۇ گەپمۇ، بالام، ياش ئادەم ئىشنى ئۆزى تېپىپ قىلىدىغان» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ، ئەمدى سىزدە قانداق ئوي - پىكىر پەيدا بولدى؟

«ئىشنى ئۆزىڭىز تېپىپ قىلىڭ» دېگەن تېمىدا ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) يازغانلىرىڭىز تېما دائىرىسىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(2) كۆزقاراشىنى ئۆزىڭىز تۇرغۇزۇڭ.

(3) ژانىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ، ژانىر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنسۇن.

(4) ھەجمى بىر يېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن، خەت چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلغان بولسۇن.

## يۈلىنىۋالماڭ، غالىبلارچە ياشاڭ

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئايتىللا قادىر

ھازىرقىدەك ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، ماددىي ۋە مەنىۋى

جەھەتتىكى رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان، چىقىش يولىغا ئېرىشىش ئېسىمى ھەسسىلەپ ئېشىپ بېرىۋاتقان، كىشىلىك مۇناسىۋەت مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىز ياشلار - ئۆسمۈرلەر زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىمىز؟ ئۆز تەقدىرىمىزنى زادى قانچىلىك بەلگىلەۋاتىمىز؟ ئۆزىمىز ۋە ئۆز كەلگۈسىمىز ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىمىز؟ بۇ مەسىلىلەرگە دۇرغۇنلىغان ياشلىرىمىز، ئۆسمۈرلىرىمىز ھەممەيلەن قانائەتلەنگۈدەك، قايىل بولغۇدەك جاۋاب بېرەلەيدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئۇلار ئىزدىنىۋاتىدۇ، تىرىشىۋاتىدۇ، ۋاقىتنى ئالتۇندىنمۇ قىممەت بىلىپ، تىنىم تاپماستىن ئۆزىنى ئىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇۋاتىدۇ، ئۆز - ئۆزىنى مۇستەھكەملەۋاتىدۇ.

ئەمما، بىر قىسىم ياشلىرىمىز، ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە بەرگەن جاۋابى بىزنى قايىل قىلالمايلا قالماي، بەلكى بىئارام قىلىشى، ئېچىندۇرۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭى تۆۋەن، يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى يۇقىرى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىپ ماڭالماي، باشقىلارغا يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ بېقىنمىچىلىق يولىغا كىرىۋالغانلارمۇ، ئاتا - ئانىلىرىغىلا يۆلىنىۋېلىپ، «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەپ تىرىكتاپلىق يولىغا كىرىۋالغانلارمۇ بار. بۇنداقلار ئەمەلىيەتتە ھۇرۇنلۇق پاتقىقىغا بېشىغىچە چۆكۈپلا كەتكەن تەييارتاپلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى پەقەت ئىزدەنمەي، ھەممىدە ئاتا - ئانىلار ۋە باشقىلارغا تايىنىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلار مەكتەپتە تىرىشىپ ئۆگەنمەي، ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمتىھانلىرىدا يەنىلا ئاتا - ئانىسىغا ئىششىپ تۇرىدۇ، ئاتا - ئانىسى مىڭبىر جاپادا ئوقۇتۇپ قويسا، تۇرمۇش يولىنىمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ يارتىپ بېرىشىنى تاما قىلىپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋېتىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئىنتىلمەيدۇ، ئىزدەنمەيدۇ، ھەممىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ بىر قىسىم ياشلار، ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ تېخىچە ئۆتكەن كۈنلىرىگە چېكىنىپ، ئەتىسىگە سوئال قويالماي تەييارغا تەلمۈرۈپ ياشاۋاتقانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى.

مانا بۇ جەمئىيەت، مانا بۇ بىزنىڭ رېئاللىقىمىز، مانا بۇ بىزنىڭ ئەكسىمىز. شۇنداق، بىز گەرچە بىر دۆلەتتە، بىر جەمئىيەتتە، ھەتتا بىر يۇرت، بىر مەھەللە، بىر مەكتەپ، بىر سىنىپ، يەنە تېخى بىر ئائىلىدە ياشاۋاتساقمۇ، ئەمما بىزنىڭ ياشاش يولىمىز، ئىستەكلىرىمىز تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ. بەزىلىرىمىز مۇستەقىل ياشاشقا، ئۆز ئىشىمىزنى ئۆزىمىز قىلىشقا، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىشقا، ئۆزىمىزنى خار قىلغۇچە كۈچىمىزنى خار قىلىشقا ئادەتلەنگەن. يەنە بەزىلىرىمىز باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەشكە، باشقىلارغا تايىنىپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، باشقىلارنىڭ قولىدىن قورساق توقلاپ، تەييارغا ھەييار بولۇپ يۈرگەن ئادەم ھەرگىزمۇ بىرەر ئۇلۇغ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئاشۇ قۇلچىلىق، تاماخورلۇق ئىسكەنجىسىدە ياشايدۇ. ئۆز تەقدىرىنى باشقىلارغا باغلىۋالماي، ئۆزى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىپ، ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىپ مېڭىپ، پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرماي، بەلكى ئىزدەپ تېپىۋاتقانلار ھامان غالىب، ئۇلار ئۆز بەختىنى ئۆزى يارىتالايدۇ.

كىشىلەردىكى بۇ خىل ئوخشىمىغان پىسخىك ھالەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇلارنىڭ مۇستەقىل قاراش يېتىلدۈرگەن - يېتىلدۈرمىگەنلىكى، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئادەتلەنگەن - ئادەتلەنمىگەنلىكى، ئالغا ئىنتىلىش روھىغا ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكى، ئۆزىگە ئىشىنىش ئېڭىنىڭ بار - يوقلۇقى قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئامىللار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن دەسلەپكى تەربىيەلەش ۋە تەربىيەلىنىش بىلەنمۇ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئاتا - ئانىلار ۋە تەربىيەچىلەرمۇ بالىلارغا ھەممىشە ھەممىنى تەل قىلىپ بېرىۋەرمەي، ئۇلارنى ئۆزلىرى قىلالايدىغاننى قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈشى، ئەڭ مۇھىمى ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىپ مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك.

## ئۆزىمىزنى يېڭىلايلى!

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

شەھىدە توختى

چوڭلار بىز ياشلارنى يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا، يۇمران نوتىغا، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان غۇنچىغا ۋە يەنە ئاللىقانداقتۇر گۈزەل، قۇدرەتلىك شەيئى، ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوخشىتىپ كەلدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇلار چوقۇم بىز ياشلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نۇرغۇن ھاياتىي كۈچكە باي، كونكرېت ئامىللارنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. ئۇنداقتا، بىز ياشلار چوڭلار سۈپەتلىگەن شۇ ئېسىل گۈلدەك ياشلىقىمىزنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتىمىز؟

بەزىلىرىمىز تورخانىدا، بەزىلىرىمىز بەزمىخانىدا، قاۋاقخانىدا، بەزىلىرىمىز تۈگىمەس قاتار چايلاردا، بەزىلىرىمىز كۈتۈپخانىلاردا، تەجرىبىخانىلاردا ئىشقىلىپ ئۆزىمىز تاللىغان ئورۇنلاردا كۆڭلىمىز خالىغاننى قىلىپ ئۆتكۈزۈۋاتىمىز.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھازىر جەمئىيەتتە كۆپىنچە ياشلار ئۆزىگە يارىشا

غايىسى، نىشانى بىلەن تىرىشىپ كېلىۋاتىدۇ ۋە شۇ تۆككەن ئەجرىگە تۇشلۇق نەتىجە يارىتىپ، جەمئىيەتنىڭ، ئائىلىنىڭ، بىر كىشىلىك يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئەخلاق، مەدەنىيەت، كىشىلىك ساپا جەھەتتە، تاكامۇللىشىش ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەيدىغان بولساق، بىزنىڭ بۇ نەتىجىلىرىمىز، قىلغانلىرىمىز دەۋرنىڭ بىزدىن كۈتكەن تەلىپىدىن خېلىلا يىراق. ئۆزىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، ھازىر كۆپىنچە قىزلار «تاماق ئېتىپ، كىر يۇيالىسىلا بولدى» دەپ ئويلايدۇ، ئۆزىنى كەلگۈسى توي ئىشىغا باغلاپ قويىدۇ. مانا بۇ قاراشلار بىزنىڭ قان - قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن كونا ئادەتلەرنىڭ ساقىندىلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇ نەرسە سەمىڭىزدە بولسۇنكى، بۈگۈنكى زاماندا ئۆي تۇتۇشقىمۇ راۋرۇس بىلىم، چېچەنلىك لازىم بولىدۇ.

سىز مەيلى قانچىلىك گۈزەل، پۇلدار بولۇپ كېتىڭ، سىزدە شۇنىڭغا لايىق ئەقىل - بىلىم بولمىسا، ئۇ نەرسىلەرگە جان كىرگۈزەلمەيسىز. ھەتتا بىر كۈنلەردە ئۇلاردىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولۇپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. ھېلىمۇ ئېسىمدە، كىچىك چېغىمدا مومام ماڭا مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى:

«بۇرۇن بىر ئورمانلىقتا بىر قاغا ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر باغنى ئايلىنىۋېتىپ بىر جۈپ توزنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇلارغا قاراپ: ‹مەن دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق قۇش›، دەپ ناخشا توۋلاشقا باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان توزلار ھەيران قېلىشىپ ئاسمانغا قاراپتۇ ۋە ئۆزىنى ناخشا توۋلاپ ماختاۋاتقۇچىنىڭ ناھايىتىمۇ سەت بىر قاغا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەڭ ياخشىسى تولا ۋالاقلىماي بۇ يەردىن كەتكىن سەت قاغا، سەن چىرايلىق بولساڭ بىز نېمىگە ھېساب، يوقال! - دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قاغا ئۇلارغا تەن بەرمەي مۇنداق دەپتۇ:

— ئىشەنمىسەڭلار ئەتە مەن پۈتۈن ئورمانلىقتىكى ھايۋانلارنى يىغىپ ئۈچىمىزنى بىر باھالىتىپ باقاي، قېنى شۇ ۋاقىتتا كۆرۈشەرمىز، — دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بۇ ئىككى توزنىڭ كۆڭلىگە جىن كىرىپتۇ ۋە چىشى توز ئەركەك توزغا قاراپ، مۇسابىقىگە ئىككىمىزلا بارساق قاغا بىلەن قانداقمۇ گۈزەللىكتە بەسلەشكىلى بولسۇن، سېنىڭ ئاۋۇ يوغان پەيلىرىڭ بەكلا سەت ئىكەن، شۇڭا مەن ئۇلارنى يۇڭدىۋېتەي، دەپلا ئەركەك توزنىڭ پەيلىرنى يۇڭداشقا باشلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئەركەك توزنىڭ غەزەپ - نەپرىتى ئېشىپ -

تېشىپتۇ ۋە ئۇمۇ چىشى توزنىڭ پەيلىرىنى قىرقىپ يۇڭداشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بۇ ئىككى توز پەيلىرىمۇ يوق، تاز توزلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ ۋە مۇسابىقىگە قاتنىشالماي، كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بىزنىڭ يۇرتلاردا توز يوقالغانىكەن».

بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئارىمىزدا مانا مۇشۇ بىچارە توزلارغا ئوخشاش كىشىلىرىمىز يوق ئەمەس. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچ، ئېتىقاد بارغانسېرى سۇسلىشىۋاتقان مۇشۇ كۈندە، ئەگەر بىرىمىزنىڭ راستتىنلا شۇنداق توزغا ئوخشاش سەت پەيلىرىمىزنى (كەمچىلىكلىرىمىزنى) بىرەر ئاق كۆڭۈل كىشى يۇڭدىۋېتەي دەيدىغان بولسا، بىز ھەرگىزمۇ توزغا ئوخشاش جىم تۇرۇپ بەرمەي، بەلكى تەڭ يۇڭدىشىپ، بىر - بىرىمىزنى بوغۇپ قويۇشىمىز مۇمكىن. ئىنسانىي خىسلەتنىڭ بىر بەلگىسى بولغان ئاق كۆڭۈللۈك، دىلكەشلىك، مېھىر - ۋاپانىڭ بارغانسېرى سۇسلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھەتتا بىرى كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرسىمۇ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى گۇمانلىنىپ، ھەقىچان تىلەمچىلىك قىلىپ پۇل تاپىدىغان بايۋەچچىلەردۇر دەپ ئويلايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدۇق. ئارىمىزدا يەنە شۇنداق بىر قىسىم ياشلىرىمىز باركى ئۇلار شارائىتى تولۇق بار تۇرۇقلۇقمۇ ئۆگىنىشنى، جاھاننى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشنى، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ھازىرقى تەرەققىياتنى ئازراق بولسىمۇ بىلىشنى ئويلىماي، ئەكسىچە ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ، يوغانچىلىق قىلىپ، ۋاقتى ئۆتكەن چاكىنا پاراڭلارنى دېيىشكىنىچە «شېكەر شەنبە، يەكشەنبە»لىرىدە بەخىرامان بازار ئايلىنىپ، بازاردىكى كىيىم - كېچەك، گىرىم - بويۇملىرى، زىبۇ - زىننەتلەرنىڭ، ھاراق دۇكانلىرىنىڭ، تورخانىلارنىڭ دائىملىق خېرىدارىغا ئايلىنىپ، ئۆز مودىلىقىنى كۆز - كۆز قىلىش بىلەن پايپېتەك بولۇشماقتا. دەۋرىمىزنىڭ گۈللىرى، سەركىلىرى ھېسابلانغان ياشلىرىمىز ئۆزىنىڭ بۇرچى ۋە دەۋرىنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەنمىسە بىز يەنە كىمدىن ئاغرىنالايمىز؟!

ئارىمىزدىكى مانا مۇشۇنداق بىخۇدلۇق تونىغا ئورىنىۋالغان ياشلارغا ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئىش شۇكى، دەۋر بىز ياشلارنىڭ ھەممىمىزنىڭ ئالىم ياكى پروفېسسور بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتقىنى يوق. قۇربىڭىز يەتسە ئالىم بولۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ، ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ تېگىشلىك نوپۇزنى قولغا كەلتۈرۈڭ. ئەگەر مادارىڭىز يەتمىسە كەسپىڭىزگە دائىر بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىڭ، بولسا باشلانغۇچتىن باشلاپ تاكى ئالىي مەكتەپكىچە ئۆگىنىپ، باشقا ئېلىپ چىقالمايۋاتقان خەنزۇ تىلىنى

تىرىشىپ ئۆگىنىنىڭ، چۈنكى ئۇ دۆلەت تىلى. بۇ تىل سىزنىڭ تۇرلۇك ئالاقىڭىزدە سىزگە ئۆتكۈر قورال سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ، ھاجەتلىرىڭىزنى راۋا قىلىدۇ.

مەيلى يېزىدىن ياكى شەھەردىن بولۇڭ، ئىمكانىيەت بولسىلا بىرنەچچە چەت ئەل تىلىنى، كومپيۇتېر، مەدەنىيەت خاراكتېرىدىكى زامانىۋى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ قويۇڭ. سىزنى «تومپاي، مەتۇ، دۆت، ھاڭۋاقتى» قىلىپ كۆرسىتىۋاتقىنى دۆلەت، يېزا، شەھەر دېگەندەك تەۋەلىك مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى بىلىم، ئىقتىدار مەسىلىسى. مۇشۇ شارائىتلارنى ھازىرلىسىڭىزلا سىز كەمچىلىك، نۇقسانلىرىڭىزنى يېپىپ، تولۇقلاپ تېخىمۇ تاكامۇللىشالايسىز.

بىلىم ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىش سىزگە سالاپەت، ئىشەنچ، غۇرۇر بېرەلەيدۇ. ياشلىق دەۋرى دەل شۇ نەرسىلەرنى ئۆگىنىدىغان، كىتاب ئوقۇيدىغان، ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان، بىلىمگەننى ئۆگىنىدىغان، كۆرمىگەننى كۆرىدىغان تىرىشىش ۋە ئىزدىنىش پەيتى. قىسقىسى، بۇ ئازراق بولسىمۇ جاپا چېكىپ، قۇربانلىق بېرىدىغان مەزگىلىمىزدۇر. بىزنىڭ ئادىمىيلىك پەزىلەتلىرىنى يېتىلدۇرۇپ، ئۆزىمىزنى پىششىقلايدىغان مەڭگۇ قايتىپ كەلمەيدىغان ھايات باھارىمىزدۇر. بۇ قىممەتلىك پەيتنى قەدىرلەش، چىڭ تۇتۇش يەنىلا ئۆزىمىزگە باغلىق.

## ئۆزىمىزنى تونۇيلى، ئۆزىمىزدىن تاپايلى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئايىمگۈل تۇنىياز

ئىنسان ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزە، ئىنسان شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزە ھېسابلىنىدۇكى، ئۇ ھاياتلىقتىكى ھېچقانداق ھايۋان ئېرىشەلمىگەن يۈكسەك دەرىجىدىكى تەپەككۇرغا ۋە كەڭ دائىرىلىك بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئىنسانلار يەنە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىنى قىممەتكە ئىگە قىلالايدىغان ئىجادىي كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە. ئىنسانلار يارىتىلىشىدىلا ھەممىسى ئوخشاش يارىتىلغان بولسىمۇ بىراق، بەزىلەر باي، بەزىلەر بولسا نامرات، قەلەندەر بولۇپ قالىدۇ، بەزىلەر ئۆزىگىلا بەخت يارىتىپ قالماستىن، باشقىلارغىمۇ بەخت يارىتىدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئوخشاش يارىتىلغان ئىنسانلار ئارىسىدا بۇنچە چوڭ پەرقلەر كېلىپ چىقىدۇ؟ بەلكىم ئۇلارنىڭ ياشىغان ماكان

ۋە زامان، تەربىيە قوبۇل قىلىش دەرىجىسى ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلى ۋە ياكى ئۆزىنى تونۇشى، ئۆزى ئۈستىدە ئىزدىنىشى، ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلى شۇنداق چوڭ پەرقلەر كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىنسانغا نىسبەتەن ئادەمنىڭ ئۆزلۈكى ئەڭ يۇقىرى نىسبەتتە ئالدىنقى زۆرۈر بولغان بىرلەمچى ئامىلدۇر. قايسىبىر پەيلاسوپ «سەن خالىمىساڭ، جەمئىيەتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ ۋە ياكى ئاتالمىش مودا، چۈشكۈن، بۇزغۇنچى ئېقىم - ئىدىيەلەرنىڭ قانداق، قايسى خىلدىكى تەسىرى سېنىڭ غايەڭ، ئېتىقادىڭ، تۇرمۇش ئۇسۇلۇڭنى ۋەيران قىلىپ تاشلىيالىسۇن؟! بىر چۈشكۈن ئىنساننىڭ ئالدى بىلەن ئەقىدە - ئېتىقادى تازا ساپ، پاكىز ئەمەس، شۇڭا ئۇ ھەممىلا نەرسىنىڭ يامان تەرىپىنى كۆرىدۇ، ئاغرىنىدۇ، زارلايدۇ» دەپ يازغانىكەن. بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقىنى يەنىلا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئۆزلۈك، ئۆزىنى تونۇش ۋە ئۆز قەدىر - قىممىتىنى بىلىش ئېڭى.

ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىش تولىمۇ زۆرۈر، چۈنكى ئادەم پەقەت ئۆزىنى توغرا تونۇغاندىلا، ئاندىن باشقىلارنى توغرا تونۇيالايدۇ ۋە شەيئىلەر ئۈستىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدۇ. ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ھاياتلىق نىشانىنى بەلگىلەشتىكى زۆرۈر بىرلەمچى ئامىل. دەل مۇشۇنداق ئۆزلۈك ئېڭى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرغان، ئۆز - ئۆزىنى تونۇش يۈكسەك دەرىجىدە تەكىتلىنىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلمەيلا ئادەملەر توپىغا قوشۇلۇپ، ئۆزىنى ئادەم چاغلاپ، تاپسا ئۆزىنىڭكىنى، تاپالمىسا باشقىلارنىڭكىنى بۇلاپ - تالاپ يەپ يۈرگەنلەر، باشقىلارنىڭ ئازابى ھېسابىغا خۇشاللىق ۋە بەخت كۈلكىسى كۈلۈۋاتقانلار، ئىرناقتەك مېھنەتتىن ئالەمچە نېمەت تىلەيدىغانلار، كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل پەزىلەت ئىگىلىرىنى «ئەخمەق»، «دۆت» قاتارلىق سۆپەت سۆزلىرى بىلەن سۆپەتلەپ، ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقانلار، ئېغىزدىكى پارىڭى بىلەن باشقىلاردىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، ئەل ئۈچۈن بىرەر تۈپ سايىلىق دەرەخ تىكىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمگەك ئالدىدا ئۈن - تىنسىز غايىب بولۇۋاتقانلار ئاز ئەمەس.

دۇنيا بىر قونالغۇ، ئىنسانلار بولسا توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بىر كارۋان، ئەلمىساقتىن تارتىپ ھازىرغىچە بىرەر كارۋان بۇ قونالغۇنىڭ مەڭگۈلۈك مېھمىنى بولۇپ باققىنى يوق، بىز ئۆزىمىزمۇ مۇشۇ كارۋاننىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ قونالغۇدا مەڭگۈ قونالمايمىز. قونالغۇ ئۆز جايىدا قالىدۇ، كارۋان بولسا توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋېرىدۇ، كەلدۇقمۇ كېتىشىمىز ئېنىق،

بىزدىن قالدىغىنى پەقەت ياخشى نام ۋە باشقىلار ئۈچۈن قىلغان ياخشىلىقلار. ئەل ئۈچۈن تىككەن بىر تۈپ سايىلىق دەرىخىمىز. شۇنداق ئىكەن، سىزگىمۇ ھەم ماڭىمۇ مەنسۇپ بولمىغان پۈتۈن كۈنلۈك دۇنيادا بىر پارچە سۆڭەك تاپساق ھەممىمىز تەڭ تالىشىپ، قۇرۇق سەپسەتىلەر بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئادىمىلىك خۇسۇسىيىتىمىزنى ۋە قەدىر - قىممىتىمىزنى پەسلەشتۈرگىنىمىزدىن كۆرە، ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقىي ئادىمىلىك خاراكتېرىمىزنى بىلىپ، ئادەملەرگىمۇ ئادەملەرگە خاس مۇئامىلە قىلىپ يۈرگىنىمىز، مىننەتسىز مېھنىتىمىز ئارقىلىق ئەل باغلىرىنى كۆكەرتكىنىمىز كۆپ ئەۋزەل. ئادەم تۇرۇپ ئادەمدەك ياشىيالماي، باشقا جانلىقلارنىڭ خاراكتېرى، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىمىزگە ئۆرنەك قىلغىنىمىز ئۆزىمىزگە قىلغان ئەڭ چوڭ ھاقارەت. تاپىنىمىز ئاستىدا تۇرغان گۆھەرنى قېزىشنى بىلمەي، گۆھەر قايىدىدۇر دەپ ئىزدەپ يۈرۈشنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ ھاماقەتلىك. بىز ئۆزىمىز ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئۆزىمىزنى قېزىشنى بىلسەكلا، ئۆزىمىز ئارقىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆزگەرتكەن بولاتتۇق.

## ئىشنى ئۆزىڭىز تېپىپ قىلىڭ

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

مەنىخان جاپپار

دۇنيا رىقابەتكە، خىرىسقا تولغان بۈگۈنكىدەك ئۇچۇر ۋە پەن - تېخنىكا دەۋرىدە، مەيلى سىز قايسى ساھەدە خىزمەت قىلىۋاتقان بولۇڭ «ياخشىراق كۈن كەچۈرىمەن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن» دەيدىكەنسىز، چوقۇم سىزدە ئىشنى ئۆزىڭىز تېپىپ قىلىدىغان مۇستەقىل كۆزقاراش ۋە ئاكتىپ تۇرمۇش پوزىتسىيەسى بولۇش كېرەك. شۇنداقلا ھەر ۋاقىت يېڭى - يېڭى پۇرسەتلەرنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن كۆزلىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان چېچەنلىك، چەبدەسلىكمۇ بولۇشى زۆرۈر. بەلكىم سىز بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

بۇرۇن مەلۇم بىر شىركەت مەھسۇلات سېتىش بۆلۈمىگە بىر دىرېكتور قوبۇل قىلماقچى بولۇپ، يازمىچە ئىمتىھان ئارقىلىق ئۈچ نەپەر خادىمنى تاللاپ چىقىپتۇ ۋە ئۇلارنى يۈزتۇرا ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇپتۇ. بىرىنچى خادىم ئىمتىھان مەيدانىغا كىرگەن ۋاقىتتا شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى سەل ئۇسسىغاندەك

قىلىپ، ئاۋۋال بۇ خادىمنى شىركەتتىن چىقىپ يۈز مېتىر نېرىسىدىكى بىر دوقمۇشتا مەخسۇس سۈت ئىچىملىكلىرى دۇكىنى بارلىقىنى، شۇ جايدىن ئۆزى ياقتۇرىدىغان سۈت ئىچىملىكىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ خادىم دەل شۇ دىرېكتورنىڭ دېگىنى بويىچە دوقمۇشقا بېرىپ ھەممە جايغا قاراپتۇ - يۇ، سۈت مەھسۇلاتلىرى دۇكىنىنى تاپالماي قايتىپ كەپتۇ. دىرېكتور ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئۇنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇپتۇ ۋە ئىككىنچى خادىمنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىمۇ شۇ ئۇسۇل ئارقىلىق سىناپتۇ. نەتىجىدە بۇ خادىم دىرېكتور دېگەن دوقمۇشتىن سەل نېرىسىغا ئۆتۈپ ئىزدەپ بېقىپتۇ - يۇ، يەنە تاپالماي كەينىگە يېنىپتۇ. دىرېكتورنىڭ سىنىقى ئۈچىنچى خادىمغا كەلگەندە: ئۈچىنچى خادىم دوقمۇشقا بېرىپ، قالغان ئىككى خادىمغا ئوخشاش سۈت دۇكىنى تاپالماپتۇ. لېكىن، دەرھال ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئۆزى بىلىدىغان يېقىن ئەتراپتىكى سۈت مەھسۇلاتلىرى دۇكىنىغا بېرىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە دىرېكتورنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپتۇ. ئاخىردا دىرېكتور ئۈچىنچى خادىمنىڭ پەقەت بۇيرۇغانلا ئىشقا قاراپ قالماي، دادىل ھالدا يېڭى چارە - ئۇسۇللار بىلەن قىيىنچىلىقنى يېڭىش روھى ۋە ئىزدىنىشچان خاراكتېرىدىن قايىل بولۇپ، ئۇنى شىركەتكە يۇقىرى مائاش بىلەن قوبۇل قىپتۇ.

بۇ مىسال شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپلا ئىش قىلىش مۇستەقىل كۆزقارىشى، تىرىشىش نىشانى بولماسلىق، ئىزدىنىشچان روھى كەمچىل بولۇش، باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى ھامان شۇ كىشىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەتتا، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە ئورنى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھۆرمىتى، ئائىلىدىكى رولىمۇ كۆپ بولمايدۇ. قىسقىسى ئۇنداق كىشىلەر ھامان جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىپ قالىدۇ.

دەرھەقىقەت، نۆۋەتتە ئوقۇش پۈتكۈزۈپ خىزمەت تاپالمايۋاتقان بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقمۇ دەل ئۆز ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلالماسلىق، بۇيرۇق، كۆرسەتمىگىلا تايىنىش.

شۇڭا، بىز ئىشنى ئۆزىمىز تېپىپ قىلىدىغان بولۇشىمىز، ئېنىق بىر نىشان تىكلەپ، قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان روھ يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. بىز شۇندىلا ئۆزىمىزنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز. قىسقىسى، ئۆز غايىلىرىمىزنى، ئارزۇلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆز قىممىتىمىزنى ھەقىقىي تۈردە يارىتالايمىز.

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ (55نومۇر)

25. ماتېرىيالغا ئاساسەن يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

ياش ئاتا يېشى ئۆزىدىن چوڭ قوشنىسىنىڭكىگە مېھمان بولغىلى كىرىپتۇ. ئۇلار بالىلىرىنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ قاپتۇ، ياش ئاتا:

— ئاتا - ئانا بالىلىرىغا قايسى دەرىجىدە قاتتىقلىق قىلىشى كېرەك؟ - دەپ سوراپتۇ.

ئۇنىڭ قوشنىسى چوڭ بىر دەرەخ بىلەن كىچىككىنە بىر كۆچەتنى باغلاپ قويغان بىر تال شوينىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— شوينىنى يېشىۋېتىڭ، — دەپتۇ.

شوينا يېشىۋېتىلگەندىن كېيىن دەرەخ قىيسىيىپ قاپتۇ.

قوشنىسى ياش ئاتىغا:

— شوينىنى قايتىدىن باغلاپ قويۇڭ، - دەپتۇ.

شوينىنى باغلاپ قويغاندىن كېيىن كۆچەت يەنە تۈزلىنىپ قاپتۇ.

— قاراڭ، — دەپتۇ ئۇنىڭ قوشنىسى، — بالىلارنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. سىز ئۇلارغا قاتتىق بولۇشىڭىز كېرەك، ئەمما بەزىدە شوينىنى يېشىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىغا قاراپ بېقىشىڭىز لازىم. ئەگەر يەنىلا مۇستەقىل ئۆرە تۇرالمىسا، شوينىنى يەنە مەھكەم باغلاپ قويۇشىڭىز كېرەك. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئۆرە تۇرالايدىغانلىقىنى كۆرگىنىڭىزدە شوينىنى ئېلىۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ماتېرىيال مەزمۇنى ئاساسىدا بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

(1) يازغانلىرىڭىز تېما دائىرىسىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(2) كۆزقاراشنى ئۆزىڭىز تۇرغۇزۇڭ.

(3) ژانىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ، ژانىر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنسۇن.

(4) ماۋزۇنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ.

(5) ھەجمى بىر يېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن، بەت يۈزى پاكىز، خەت چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلغان بولسۇن.

1) يەر - جاي ناملىرى ۋە ئادەم ئىسىملىرىنى XX بىلەن ئىپادىلەڭ.

# كۆيۈنۈشمۇ جايىدا بولسۇن

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

نۇرنىساگۈل غوجى

باشقىلارغا كۆيۈنۈش تولىمۇ ئېسىل خىسلەت، بىراۋلار ئېغىر كۈنگە قالغاندا ئۇنىڭغا سەمىمىيلىك بىلەن ياردەم قىلىش چىن ئىنسانىي پەزىلەت، ماڭار يولىنى تاپالماي ھاسىسىنى ئۇ يەر - بۇ يەرگە چوقۇپ يۈرگەن ئەما بىر بوۋايغا قىلىنغان ياردەم ئاشۇ بوۋاي ئۈچۈن چەكسىز خۇشاللىق ۋە بەخت. باشقىلار ياردەمگە، كۆيۈنۈشكە موھتاج ۋاقىتتا، باشقىلارغا كۆيۈنۈپ ئۇلارنىڭ ئېغىرىنى يېنىك قىلىش ئادەمنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ، بىراق ھەددىدىن زىيادە كۆيۈنۈش، چېكىدىن ئاشقان غەمخورلۇق ئەكسىچە تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

يىراقنى قويۇپ ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق بۇنىڭغا پاكىت بولالايدىغان مىساللار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ، يالغۇز پەرزەنتلىك ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى خۇددى خان - پادىشاھتەك كۆرۈپ، ئۇلار قىلالايدىغان ئىشلارنىمۇ ئۇلارغا قىلغۇزماي، ئالىقانغا ئېلىپ پۇۋلەپ چوڭ قىلىشلىرى، ئاخىر بېرىپ يارامسىز چوڭ بولۇپ قېلىشى دەل ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارغا بولغان كۆيۈنۈشىنىڭ جايىدا بولماسلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان.

ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ بالىلىرىغا كۆيۈنۈشى، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى تولىمۇ ئورۇنلۇق. بىراق، ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىلارغا كۆيۈندۈم دەپ ئۇلارنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنى چېنىقتۇرىدىغان پۇرسەت بەرمىسە، شەكسىزكى، بالا توغرا، ئىلمىي تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايدۇ.

يېقىندا ئوقۇتقۇچىمدىن ئاڭلىغان بىر مىسال مېنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇردى، خىزمەت ئورنى ناھايىتى ياخشى بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ بىرلا قىز پەرزەنتى بار بولۇپ، ئۇلار قىزنى ياراملىق ئادەم قىلىش ئۈچۈن قىزىغا بولغان تەربىيەنى كىچىك چېغىدىن باشلاپ كۈچەيتىپ، قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەر دائىم ئۇنى قاتتىق باشقۇرۇپ نۇرغۇن جەھەتلەردىن قاتتىق چەكلەپ كەپتۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزىنىڭ كۈندىلىك ۋە ئايلىق پىلانلىرىنىمۇ ئۆزى تۈزۈپ بېرىپ، قانداق كىيىم كىيىدىغانلىقىنىمۇ ئۆز ئىرادىسىگە بېقىندۇرۇپتۇ، دەرۋەقە

قىز ئاتا - ئانىسىنىڭ ياخشى غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشى ئاستىدا مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ، چىنخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنى لاياقەتلىك پۈتكۈزۈپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئاپتۇ. گەرچە قىز دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق ئۆگىنىشتىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەن، ئۇ قىز ئوقۇش پۈتكۈزۈپ قاتتىق ئازابلانغان ھالدا ئوقۇش جەريانىدا ئېرىشكەن مۇكاپات بۇيۇملىرىنى ۋە ئوقۇش پۈتكۈزۈش گۇۋاھنامىسىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ «ئەمدى مەن نېمە ئىش قىلىمەن؟» دەپ سوراپتۇ، ئاتا - ئانا قىزىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ ھەمدە گەرچە ئۆگىنىشتە يارامىلىق بولسىمۇ، باشقا جەھەتتە پۈتۈنلەي يارامسىز بولۇپ قالغان قىزىنىڭ تەقدىرىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، ئۆز قىلمىشلىرىدىن قاتتىق پۇشايمان يەپتۇ.

دەرۋەقە، ئادەم بۇ دۇنياغا ياشاش ئۈچۈن، ماڭغان يوللىرىدا ئۆزىگە يارىشا ئىز قالدۇرۇش ئۈچۈن كېلىدۇ، ئادەم بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەن، چوقۇم ئۆزىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ كۈچى يېتىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىپ، ئىز قالدۇرۇش كېرەك. كەلگۈسىنىڭ غوجايىنى بولغان بالىلار تېخىمۇ شۇنداق، شۇڭا ئاتا - ئانا بولغۇچىمۇ بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتىپ، بالىلارغا مۇۋاپىق كۆيۈنۈشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالماسلىقى كېرەك. بالىلار توغرا بولغان يېتەكلەشكە موھتاج، لېكىن بالىلارنى مەلۇم بىر دائىرە ئىچىدە چەكلەپ قويماسلىقىمىز، ئۇلارغا ئۆزلۈك پۇرسىتى بېرىشىمىز لازىم.

## پەرزەنت تەربىيەسى مەڭگۈلۈك تەربىيە

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئايىزىمگۈل مەمەت

بالىلار ۋەتەننىڭ ئۈمىدى، مىللەتنىڭ كېلەچىكى، بىر مىللەتنىڭ، جۈملىدىن بىر ئائىلىنىڭ ئۈمىدى، ئارزۇسى بالىلارغا يۈكلەنگەن بولىدۇ، ۋەتەنمۇ، ئاتا - ئانىلارمۇ كەلگۈسىدىكى ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى بالىلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدۇ. شۇڭا، ھەر قانداق بىر دۆلەت، ھەر قانداق بىر جەمئىيەت پەرزەنت تەربىيەسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ ھەم شۇنداق قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇنداقتا، پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيەلەش كېرەك؟

ئەخلاقىي تەربىيە بىر ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، شۇنداقلا بولمىسا بولمايدىغان مۇھىم مىزانلارنىڭ بىرى. بىر ئادەمنىڭ قانچىلىك ئەخلاقلىق

ئىكەنلىكى، قانچىلىك پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى، قانچىلىك تەربىيە كۆرگەنلىكى شۇ ئادەمنىڭ ئائىلە تەربىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ ئالدى بىلەن تەربىيە ئالىدىغان، پەزىلەت ئۆگىنىدىغان ئورنى دەل ئائىلىدۇر. ئائىلە پەرزەنتلەرنىڭ تۇنجى مەكتىپى، ئاتا - ئانا بولسا تۇنجى ئوقۇتقۇچىسى. ئاتا - ئانىنىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاتا - ئانا ئەخلاقلىق بولسا، بالىلارمۇ شۇنداق چوڭ بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، پەرزەنتلەرمۇ ئەخلاق - پەزىلەتتىن يىراقلىشىدۇ. پەرزەنتلەر ياخشى تەربىيەگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن يارامىلىق ئادەم، يارامىلىق ئىز باسار بولۇپ يېتىشىپ چىقالايدۇ.

پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەشتە، باشتىن - ئاخىر بىرخىل بولۇش كېرەك. پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن چىڭ تۇتۇش، ھەر بىر سۆز - ھەرىكىتىدە ئەخلاقنى مىزان قىلىش كېرەك. ئەگەر كىچىكىدىن چىڭ تۇتۇلمىسا، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلسە، چوڭ بولغاندا ئۇنداق پەرزەنتلەرنى باشقۇرۇش تەسكە توختايدۇ. ئەگەر كىچىكىدىن ئوبدان تەربىيەلىسە، چوڭ بولغاندا ئۇنداق پەرزەنتتىن ئەنسىرەش بىھاجەت. سەل قىڭغىر مېڭىپ قالسا، نىشانىنى كۆرسىتىپ قويسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۆز يولىنى تېپىپ ماڭالايدۇ، نىشاندىن ئادىشىپ قالمايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بولسا، توز يولنى تاپالمايلا قالماستىن، نىشاندىنمۇ ئادىشىپ قالىدۇ.

پەرزەنت تەربىيەلەش خۇددى كۆچەت يېتىشتۈرگەندەك تەس ھەم مۇرەككەپ جەريان. ياش كۆچەت ئەگەر سەللا يانتۇ ئۆسكۈدەك بولسا، ياكى قىڭغىيىپ قالسا، ئۇنى تۈزلەپ چىڭ باغلاپ قويسا بولىدۇ. تۈزلىنىپ بولغاندىن كېيىن باغلاقتىن ئېلىۋەتسە، ئۇ كۆچەت شۇ پېتى تۈز ھەم تىك ئۆسىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ يانتۇ ئۆسۈۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلماي، ياكى كۆرۈپمۇ پەرۋاسىزلىق قىلىنسا، ئۇنداقتا ياخشى دەرەخكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. پەرزەنتلەرمۇ ئاشۇ كۆچەتكە ئوخشاش. پەرزەنت تەربىيەسىدىمۇ باشتىن - ئاخىر سەۋرچان، سەزگۈر بولۇش كېرەك. سەللا بىپەرۋالىق قىلىنسا، كەلگۈسىدە پۇشايمان قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەسلىكى مۇمكىن.

پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەشتە، ئۇلارنى بەك چەكلىۋەتمەسلىك ھەم بەك ئەركىگە قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. زىيادە چەكلەش ئۇلارنى دائىم باشقىلارغا بېقىنىدىغان، ھېچقانداق ئىشنى مۇستەقىل ھەل قىلالمايدىغان دوگما ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بەك ئەركىگە قويۇۋەتسە، ئۇلار ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان، نېمىنى ئويلىسا شۇنى قىلىدىغان، ھەتتا باشقۇرغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ.

دېمەك، پەرزەنت تەربىيەسى ئىنتايىن مۇھىم ھەم قىيىن مەسىلە. دائىم

سەزگۈرلۈك، سەۋرچانلىق تەلەپ قىلىدىغان نازۇك مەسىلە. شۇڭا پەرزەنت تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراش، مۇھىمىنىڭ مۇھىمى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

## كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ سەل قارىماڭ

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

رەيھانگۈل غوجى

ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىنلا «تاما - تاما كۆل بولار» دېگەن ماقالىنىڭ تېگىگە چوڭقۇر يېتىپ، ئەڭ كىچىك ئىشلارغىمۇ سەل قارىمىغان ۋە بىر - بىرىگە سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھاياتتىكى شۇنچىلىك نازۇك ۋە شۇنچىلىك ئىنچىكە تەرەپلەرگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

قايسىبىر پەيلاسوپ «ئادەمنى ھاردۇرغىنى يول ئەمەس، بەلكى ئايىغىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان كىچىككىنە بىر تال تاش» دېگەن. دېمەك، بىزمۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاشۇ كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن ئازابلىنىمىز ۋە بېشىمىزنى قاتۇرىمىز، چۈنكى بىز ئاشۇ كىچىككىنە ئىشلارغا سەل قارىغان ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىسىز داۋاملىشىپ كەلگۈسىدە بىزنىڭ بارلىق پىلانىمىزنى نابۇت قىلىۋېتىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان، تامچە سۇنىڭ تاشقا ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن - يۇ، بىراق ئۇنىڭ ئاشۇ يوغان قورام تاشنى تېشىۋېتەلىشى چۈشىمىزگىمۇ كىرىپ باقمىغان.

ئەمەلىيەتتە بىز ھەممىگە قادىر بولالمىساقمۇ، كىچىك ئىشلارنى ئامال بار ياخشى قىلالايمىز ۋە شۇ ئارقىلىق يېتىپ كېلىش ئالدىدىكى بالايىئاپەتلەردىن ساقلىنالايمىز، لېكىن بىز كۆپىنچە ھالدا ئۇنداق ئىشلارغا سەل قاراپ كەلدۇق ۋە سان ئۆزگىرىشنىڭ ھامان سۈپەت ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمىدۇق. بىر دادا بولغۇچى بالىسىنى تاماكىغا بۇيرۇغان، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بالا دادىسىنىڭ تاماكىسىنى ئوغرىلاپ چەككەن ۋە بارا - بارا ئاق چېكىشنى ئۆگىنىپ قالغان. دادا بالىغا كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلسىمۇ، ئاللىبۇرۇن ئاققا كۆنۈپ قالغان بالا دادىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىغان، ئۆيدىكى بارلىق مۈلۈكلەرنى ساتقان، شۇنداقلا ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان دادىسىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتكەن...

بۇ ۋەقەدىن بىز شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، «كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق.»

ئالدىراش ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بۇ جەمئىيەتتە بىز چوقۇم كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ھەرگىزمۇ سەل قارىماسلىقىمىز، بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن ۋە شۇ ئىشنى قىلىش جەريانىدا چوقۇم ئەڭ كىچىك ھالقىلارغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئۆزىمىزدە ئادىمىيلىك پەزىلەتلىرىنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقتىن ئىبارەت مۇھىم شەرتنى ھازىرلاپ، ھاياتىمىزدا بىز بىلىپ - بىلمەي سادىر قىلغان خاتالىقىمىزنى، بولۇپمۇ يامان ئىشلىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە يېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن سىرتىمىزدىلا ئەمەس، ئىچكى دۇنيايىمىزنى، قەلبىمىزنى ئاق كۆڭۈللۈك، دىلكەشلىك، مېھىر - ۋاپا ئۇرۇقلىرى بىلەن بىخلاندۇرۇپ، ئۆزىمىزنى رەزىل ئىشلاردىن، رەزىل ئادەملەردىن يىراق تۇتۇشىمىز لازىم.

كونىلارنىڭ «نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئالىسەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار. بىزنىڭ مىسالىمىزدىكى دادىنىڭ ئاقىۋىتىلا بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ھازىرقى تۇرمۇشىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز بولۇپمۇ دادىلىرىمىز ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىپ، مىسالىمىزدىكى دادىدەك، بالىلىرىغا، ئوغۇللىرىغا تاماكا چېكىشنى ئەمەس، بەلكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، بىلىم بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپ، داڭلىق ئادەم بولالمىسىمۇ، ئاددىي خىزمەت ئورۇنلىرىدا ۋەتەن - خەلق ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا سىڭدۈرگەن ئەجىر - مېھنىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشىنى كۈتمەكتە.

بۈگۈنكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ مۇرەسسەسىز خىرىسى كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىدىن تارتىپ تىرىكچىلىك ئادەتلىرىگىچە ھەممىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان قىممەتلىك ئەخلاق رىسالىلىرى زامانىۋىلىك، تەرەققىيات قالپىقى ئاستىدا چاك - چېكىدىن ئاجراپ، ھەركىم نېمىنى خالىسا شۇنىڭ ئۆزى زامانىۋىلىك ھېسابلىنىپ، كىشىلەر قەلبىدىن شەرم - ھايا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

پىروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان «ئېتىقادى سۇس، ئەنئەنىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىن ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق ئەڭ كۆپ چىقىدۇ» دەپ ئېيتقاندەك، ئەخلاقىي جەھەتتە بالىلىرىنى تەربىيەلەش ھەققىدە ھېچقانداق ساۋاتقا ئىگە بولمىغان ئاتا - ئانىلار پەرزەنت تەربىيەسىدە ئائىلىسى بوسۇغىسىدىلا سوغۇق شامالغا ئۇچراپ، پەرزەنتلىرىنى دەسلەپكى تەربىيەدىن

مەھرۇم قىلماقتا. بىرنىڭ خېلى بىر قىسىم كىشىلىرىمىز دەسلەپكى تەربىيەنى مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن باشلىنىدىغان تەربىيە دەپ قارىماقتا. ئاتا ـ ئانىلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، پەرزەنت تەربىيەسى ئەمەلىيەتتە بالا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا باشلىنىدۇ. بىرچۇ؟ پەرزەنت تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ قانداق تەربىيەلەشنى بىلمەي يۈرىمىز، شۇڭا كەڭ ئاتا ـ ئانىلارغا دەيدىغىنىمىز شۇكى، تەربىيە پەرزەنتنىڭ تەقدىرى، كېلەچەكنىڭ ئاساسى. پەرزەنت تەربىيەسىنى چىڭ تۇتقانلىق پەرزەنتكە گۈزەل كېلەچەك ياراتقانلىق. شۇنداق ئىكەن، تەربىيە ئارقىلىق كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى قولغا كەلتۈرەيلى!

## V يېزىقچىلىق سوئالى (55 نومۇر)

### 24. بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

#### نىشانىڭدىن ئازما

(روفېڭچېن)

تېلېۋىزوردا مۇنداق كۆرۈنۈش قويۇلۇۋاتىدۇ: ئافرىقىنىڭ بىپايان ئوتلىقىدا بىر توپ بۆكەن بەھۇزۇر ئوتلاپ يۈرىدۇ، دەل شۇ چاغدا توساتتىن بىر ئافرىقا قاپلىنى ئۇلارغا ئېتىلىپ كېلىدۇ، قورقۇپ كەتكەن بۆكەنلەر جېنىنى ئېلىپ تەرەپ - تەرەپكە قاچىدۇ. قاپلان قولى يەتكۈدەكلا يەردىكى باشقا بۆكەنلەرگە قاراپمۇ قويماي بىر بۆكەن بالىسىنىلا جان - جەھلى بىلەن قوغلاپ ماڭىدۇ. غەلىتە ئىش، ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردىكى بۆكەنلەرنى ئۇ خۇددى كۆرمىگەندەك بىرمۇ بىر ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ئاخىر بىچارە بۆكەنچاق ياۋۇز ئافرىقا قاپلىنىنىڭ ئاستىدا قانغا مىلىنىپ جان تالىشىدۇ.

بۇلارنى كۆرۈۋېتىپ تېڭىرقاپ قالدىم، قاپلان نېمىشقا ئۆزىگە يېقىنلا يەردىكى بۆكەنلەرنى قوغلىماي، ئاشۇ بۆكەنچاققىلا ئېسىلىۋالىدۇ؟ ئۇنداق قىلمىغاندا ئوۋ نېمىتىنى تېخىمۇ ئوڭايلا قولغا كەلتۈرمەمتى؟ ئارقىدىن رىياسەتچىنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئىشنىڭ تېگىگە يەتتىم. چۈنكى قاپلان يۈگۈرۈپ خېلى ھالىدىن كەتكەن، باشقا بۆكەنلەر بەك تېز يۈگۈرگەچكە، ئۇ ھەش - پەش دېگۈچىلا ئارقىدا قالاتتى، شۇڭا قاپلان ئۆزى قوغلاپ ھالىدىن كەتكۈزگەن بۆكەنچاقنى قولدىن بەرمەي ئاخىر ئۆز نېمىتىگە ئايلاندۇرغان.

ئەمەلىيەتتە ئارزۇنىڭ ئۆزى بىر بۆكەن، ئەگەر ئۇنىڭغا ئېرىشمەكچى بولساڭ، ئۇنى قوغلاشتىن توختاپ قالما. ئاشۇ مۇساپىدە خىلمۇخىل نىشانلار سېنى ئېزىقتۇرۇپ، دەسلەپكى نىشانىڭدىن تاندۇرۇشى مۇمكىن، ناۋادا ئاشۇ ئېزىقتۇرۇشلار ئالدىدا توختاپلا قالساڭ، ئاخىر ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن.

(«تەرمىلەر» 2005 - يىللىق 10 - سانىدىن ئېلىندى)

تەلەپ:

(1) ماتېرىيال مەزمۇنىغا ئاساسەن نۇقتىئىنەزەر (مەركىزىي ئىدىيە) نى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ.

(2) ژانىرىنى ئۆزگەرتمەسلىك.
(3) مەزمۇنغا ماس ماۋزۇ قويۇش.
(4) يازغان ئەسىرىڭىز تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.
(5) ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.
(6) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلغان بولسۇن.
7) ئادەم ئىسىملىرى ۋە يەر ـ جاي ناملىرىنى xx بىلەن ئىپادىلەش.

ئۈلگە:

## نىشان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ نۇرلۇق چىرىغى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)
مەريەمگۈل ئۇرايىم

«ھاياتلىقتا نىشان توغرا تاللانغانىكەن، مۇتلەق ئارقىغا يانماستىن مېڭىۋېرىش كېرەك».

ـ زولا

قەدىمدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلمەكتە. ئۇنداقتا نىشان دېگەن زادى نېمە؟
نىشان ــ كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئىزدىنىشىدۇر. ماركىس بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن : «قانداق توسالغۇلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ھامان ئۆزۈم كۆزلىگەن نىشانغا قاراپ مېڭىۋېرىمەن.» ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي پاكىتلار بىزگە شۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، مەيلى يېقىندىن ئىش تاپقانلار ۋە ياكى ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر بولسۇن، ئېنىق نىشان تۇرغۇزۇۋېلىپ، جاپا ـ مۇشەققەتلەردىن، قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ قالماي، تەمكىنلىك بىلەن ئۆز نىشانىنى بويلاپ ئىلگىرىلەۋەرگەن بولغاچقا، زور نەتىجە ۋە ئۇتۇقلارغا نائىل بولالىغان.
ھەممىمىزگە مەلۇم، كىشىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا ئەڭ قىممەتلىك ۋاقىت ياشلىق دەۋر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. ياشلىق دەۋر خۇددى بارچە مايسىلار بەس ـ بەستە ئۈسۈۋاتقان باھار پەسلىگە ئوخشايدۇ. ئەمدىلا ياشلىق ھاياتقا قەدەم

قويغان ياش دوستلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دەسلەپكى مۇز تېيىلىش مەيدانىدىكىگە ئوخشاش، قەدەم ئېلىشنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە، بىلمەسلىكتىن بىلىشكە، دەلدەڭشىپ تېيىلىشتىن، پۇختا، ئەركىن تېيىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە قانچىلىك يىقىلىشلار بولىدۇ - ھە؟ لېكىن نىشان ئېنىق، مەقسەت توغرا بولسىلا يىقىلىپ چۈشكەندە قوپۇپ يەنە ئالغا ماڭالايدۇ، توغرا نىشان ئۇلارنى ئاخىر تېز ئىلگىرىلەش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

كىشىلىك ھاياتنىڭ يولى مۇرەككەپ، ماڭغاندا ئېھتىياتچانلىق بىلەن قەدەم ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە يولنى خاتا مېڭىپ قويساق قايتىپ كېلىپ يەنە مېڭىشقا بولىدۇ، لېكىن كىشىلىك ھايات يولىنى خاتا مېڭىپ قويساق ئۆمۈرنى كەينىگە ياندۇرۇپ قايتىدىن مېڭىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. نۆۋەتتە زور كۆپچىلىك ياشلار ئۆزىگە ئېنىق بىر نىشان تۇرغۇزۇپ، بىلىمگە ئىنتىلىپ، بىلىمنى قىزغىن سۆيۈپ، جاسارەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەۋاتىدۇ، بىراق يەنە بىر قىسىم ياشلار بىلىم ئىگىلەشكە قىزىقماي، ئۆزىنىڭ ئالتۇندىن قىممەتلىك ۋاقتىنى ئويۇن - تاماشىغا سەرپ قىلىۋېتىپ، ئاقىۋەتتە ئۆز تەقدىرىدىن يامانلاپ، باشقىلاردىن ئاغرىنىپ يۈرمەكتە.

بىز ھازىر بىلىم ئىگىلىكىنىڭ دەسلەپكى خىرىس بورانلىرى ئالدىدا تۇرماقتىمىز، ھەر يىلى نەچچە يۈز مىڭ ئوقۇغۇچى تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسخانىلىرىغا كىرىپ - چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئۆگىنىش جەريانىدا ئازراقلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا نىشانىدىن ۋاز كېچىپ بەل قويۇۋېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇنداق ياشلار ئىچىدە ئىگىلىك تىكلەپ نەتىجە قازىنىۋاتقانلار يوقنىڭ ئورنىدا. ھەممىسىلا ئىش ئىزدەپ چۈشكۈن، روھسىز يۈرۈشىدۇ، ھە دېسىلا باشقىلاردىن، جەمئىيەتتىن، دۇنيادىن، ئاغرىنىپ زارلايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب دەل ئۇلارنىڭ ھايات نىشانىنىڭ بار - يوقلۇقى، قانداقلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىدە.

نىشانى يوق غالىب يوق، مۇۋەپپەقىيەتنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم نوقۇل ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بۈيۈك، ئەڭ ئاخىردا يېتىش مەقسەت قىلىنىدىغان كونكرېت نىشانىدۇر. ئۇلۇغ نىشان ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھېچ قانداق نىشانى بولمىغان ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەك تەس. بىزنىڭ قانداق ياشاپ، قانداق ئىشلارنى قىلىشىمىز نىشانىمىزنىڭ قانداق بولۇشىغا زور دەرىجىدە باغلىق. نىشان ئادەمنىڭ قارىشىنى ئۆزگەرتىدۇ، قاراش بولسا ھايات يولىنى بەلگىلەيدۇ. ھە دېسىلا تەۋرىنىپ تۇرىدىغان

مەقسەتتە ئېنىق بىر نىشان بولمايدۇ. لوپا ئەينەكنىڭ فوكۇسىنى بىر نۇقتىغا يىغىپ مىدىرلاتماي تۇرغاندىلا، ئۇ قەغەزنى كۆل قىلالايدۇ، توختىماي مىدىرلىتىپ تۇرسىڭىز ئۇنىڭدىن ئۇچقۇنمۇ چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەتىجە قازىنىشنى ئويلايدىغان ھەر بىر ئادەم جەزمەن ئېنىق نىشان تۇرغۇزۇش بىلەن بىرگە، شۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، تەمكىنلىك بىلەن ئۆز نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋەرسە مۇۋەپپەقىيەت قازانماي قالمايدۇ. تۆۋەندە مۇنداق بىر مىسالنى سۆزلەپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ.

ئۆتكەن ھەپتىلىك «ئادەم ۋە تەبىئەت» پىروگراممىسىدا مۇنداق بىر كۆرۈنۈشنى كۆرگەنىدىم. بولۇق ئۆسكەن ئوتلاقتا بىر توپ بۆكەن ئەركىن يايلاپ يۈرەتتى، بىر يىلپىز نېرىدىكى چاتقاللىقتا قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ بىر ھازاغىچە شەپە چىقارماي تىڭتىڭلىدى ۋە بۆكەنلەر يايلاۋاتقان تەرەپكە تۈيدۈرماستىن يېقىنلىششقا باشلىدى. ئەمما يىلپىز بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقاندا، بۆكەنلەر ئۇنى تۇيۇپ قالدى - دە، تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى. يىلپىزمۇ ياش بۆكەندىن بىرنى نىشانلىغىنىچە يادىن چىققان ئوقتەك ئېتىلدى. بۆكەنلەر قاچاتتى، يىلپىزمۇ بوش كەلمەي جان - جەھلى بىلەن قوغلايتتى. قېچىش - قوغلاش داۋامىدا يىلپىز يېقىن ئارىدا قېچىۋاتقان نەچچە بۆكەننى كۆردى، ئەمما ئۇلارغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ يۈرمىدى. يەنىلا ئەسلىي نىشانىدىكى بۆكەننى كۆزدىن يوقاتمىدى، بۆكەن ھاردى، يىلپىزنىڭمۇ دىمى كېسىلدى. ھايات ھەر ئىككىسىدىن ئەڭ ئاخىرقى چىدامچانلىقنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. يىلپىز ئاخىر ئالدى پۇتلىرى بىلەن بۆكەنگە ئېتىلدى ۋە بۆكەننىڭ پوكىنىدىن ئالدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يىلپىز مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن ئېنىق ئۆز نىشانىنى بېكىتكەن ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى بىلگەن. ياش ياكى قېرى - ئاجىز سەپتىن چۈشۈپ قالغان جانىدارلارنى تاللاپ ھۇجۇم قىلغان. قوغلاش جەريانىدا ئەسلىي نىشانىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمىگەن، ھەرقانچە يېقىن جايدىكى يېڭى نىشان بولسىمۇ، ئۇ قوغلاش جەريانىدا چارچايدۇ، يېڭى نىشان بولسا تېخى چارچىمىغان. ھۇجۇمچى ھايۋان نىشاننى شۇنداقلا ئۆزگەرتىدىكەن، كۈچى خورىمىغان يېڭى ئولجىنىڭ كەينىدە قېلىشى، ھەممىدىن قۇرۇق قېلىشى تۇرغانلا گەپ. ھايۋانات دۇنياسىدىكى بۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يېتىپ كەلگەن تۇغما ئىقتىدار. ئۇ ئىنسانلارنىڭ مەقسەت نىشانى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ. دېمەك، ھاياتلىقتا نىشان توغرا تاللانغانىكەن، مۇتلەق ئارقىغا يانماستىن نىشانغا قاراپ مېڭىۋېرىش كېرەك. بىراق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تۈپتىن مۇمكىن بولمىغان مەقسەتكە چوڭ ئۈمىد باغلىماسلىق، ئەمەلگە

ئاشۇرۇشقا بولىدىغان نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ ۋە قىزغىنلىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك.

## ئېزىتقۇلارغا ئالدانما ئادەم

(مۇھاكىمىلىك نەسر)

ھەبىبە غوپۇر

مەن كۆردۈم، سېنىڭ قەلبىڭدە يالقۇنجاۋاتقان بىر گۈلخاننى كۆردۈم. ئۇ شۇنداق يالقۇنلۇق ئىدىكى، ئالدىغا ئۇچرىغانلا نەرسىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلاتتى. ئۇ شۇنداق نۇرلۇق ئىدىكى، سېنىڭ قەلبىڭ خۇددى ئاپتاپلىق كۈندەك يورۇق ئىدى. ئۇ شۇنداق قۇدرەتلىك ئىدىكى، سەن ئۇنىڭ بىلەن ھەر قانداق ئېچىلمىغان سىرلارنى ئاچالايتتىڭ، يېشىلمىگەن تۈگۈننى يېشەلەيتتىڭ. ئۇ شۇنداق مېھرىبان ئىدىكى، سەن ئۇنى تاشلىۋەتمىسەڭلا، ئۇ سېنى ھەرگىز تاشلىمايتتى، قىلچە مىننەت قىلماستىن سېنى دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر ئادەمگە ئايلاندۇرالايتتى...

مەن كۆردۈم، ئەينى ۋاقىتتا قەلبىڭدە يالقۇنجاۋاتقان گۈلخاننىڭ ئۆچۈقۇنلىرىنى كۆردۈم. توۋا! قەلبىڭدىكى يالقۇنلۇق گۈلخانلار نەگە كەتكەندۇ؟ مەن سىنچىلاپ قارىدىم. ھە، ئەسلىدە ئۇ ئاجىزلاپ پارچىلىنىپ كېتىپتىكەندە؟! سېنىڭ قەلبىڭدە بۇرۇنقى يالقۇنلاپ تۇرغان، يېقىن كەلسە كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدىغان گۈلخاندىن ئەسەرمۇ يوق. پەقەت ئۇ يەر، بۇ يەردە ئاجىز ئۇچقۇنلارلا قالغانىدى. مەن كۆزلىرىڭگە قاراپ باقتىم، چولپان يۇلتۇزدەك نۇرلۇق كۆزلىرىڭ خىرەلەشكەن، شۇنچىلىك ھارغىن ئىدى. ھەرىكەتلىرىڭمۇ شۇنداق ئاستا، خۇددى نەگە بېرىشنى بىلەلمەي، ھېلى ئۇيانغا، ھېلى بۇ يانغا چېپىۋاتقان مۇساپىردەك... تۇيۇقسىز قەلبىڭدىن چىققان بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. يېقىن كېلىپ، قۇلىقىمنى دىڭ تۇتتۇم.

— ھەي! مەن ساڭا نەسىھەت قىلىپ قوياي. سەن ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگىن! ئۇ دېگەن دۇنياۋى تىل، ئۇنى ئۆگەنسەڭ زىيان تارتمايسەن — دەپ ۋارقىرىدى بىر ئۇچقۇن. سېنىڭ روھىڭ بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، كۆزلىرىڭ قايتىدىن چاقنىدى. سەن دەرھال باشقا ئارزۇ - ئارمانلىرىڭنى تاشلاپ قويۇپ، ئىنگلىز تىلى ئۆگەندىڭ. بىراق، قەلبىڭدە پىلدىرلاۋاتقان باشقا ئۇچقۇنلار جىم تۇرمىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىرى سېنى — ياپون تىلى ئۆگەن! — دېدى. سەن

خېلى تەستە ئۆگىنىپ، ئازراق بىلگۈدەك بولغان ئىنگلىز تىلىنى تاشلىۋېتىپ، ياپون تىلىغا كۆچتۈق. يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىرى ساڭا «يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن تىرىش! سەن چوقۇم كاتتا يازغۇچى بولالايسەن» دېدى. سەن يەنە قايىدىڭ. كاتتا يازغۇچى بولىمەن دەپ، نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدۇق، تۇرمۇشقا چۆكتۇق، بىرنەچچە پارچە هېكايە - نەسرمۇ ئېلان قىلدۇردۇق. بىراق، قەلبىڭدىكى ئاشۇ ئۇششاق ئېزىتقۇلار سېنى يەنە ئازدۇردى. سەن بۇ قېتىم ئەمدى مەن دوختۇر بولىمەن، دەپ جار سالدىڭ. لېكىن، بۇنىمۇ بىر باشقا ئېلىپ چىقماي، يېرىم يولدا تاشلاپ قويدۇق. شۇنداق قىلىپ، سەن ئاخىرقى هېسابتا هېچنېمە بولالمىدىڭ. ئاچا يوللارغا تولا قېيىۋېرىپ، هېرىپ هالىڭدىن كەتتىڭ.

مەن ئاڭلاپ قالدىم. سەن يەنە باشقىلاردىن رەنجىۋاتىسەن. بولدى بەس! ئەمدى رەنجىمە! سەن هېچكىمدىن رەنجىشكە هەقلىق ئەمەس. هەممىنى ئۆزۈڭدىن كۆر! ئەگەر سەن باشتىلا قەلبىڭدە يالقۇنجاۋاتقان شۇ بىرلا گۈلخانغا ئەگەشكەن بولساڭ ئىدىڭ، بۇ چاغقىچە ئاللىقاچان دوكتور بولغان بولاتتىڭ.

ئەپسۇس! مىڭ ئەپسۇس!!!...

ئاخىردا، ساڭا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قېلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلارغا شۇنى دېگۈم كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر كەلگۈسىدە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە ياراملىق ئادەم بولىمەن دېسەڭ، تۈپ نىشانىڭدىن هەرگىز ئازما! يىراقتىكى نىشانىڭغا يېتىش ئۈچۈن تۈز سىزىقنى بويلاپ ماڭ! هەر خىل ئېزىقتۇرۇشلارغا ئالدانما! ئۇلار سېنى پەقەتلا چۈشكۈنلۈك ۋە ئۆزۈڭگە ئىشەنمەسلىك دېڭىزىغا سۆرەپ كىرىدۇ، خالاس!

## قىزىقىشىمىز نىشانىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلسۇن

(مۇهاكىمە ماقالىسى)

هەبىبىگۈل تۇردى

هەممىمىزنىڭ مەلۇم، شەيئى، مەلۇم هادىسىلەرگە قارىتا ئۆزىمىزگە تۇشلۇق قىزىقىشىمىز بولىدۇ. بىز ئاشۇ قىزىقىشلىرىمىز ئاساسىدا ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىزدىكى هەر خىل يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاپ ماڭىمىز. بەزىدە هەتتا مەلۇم بىر قىزىقىشىمىز تۈپەيلى ئويلىمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ قېلىشىمىز، بۇ نەتىجە بەلكىم هاياتىمىزدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قېلىشى، تەقدىرىمىزنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن.

بىراق نىشان قىزىقىشقا ئوخشىمايدۇ. گەرچە نىشانىمىز قىزىقىشلىرىمىز،

ئۆزىمىزنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى ئارتۇقچىلىقىمىزنى ئاساس قىلىپ تىكلىنىدىغان بولسىمۇ، ئەمما قىزىقىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى نىشان بولالمايدۇ. قىزىقىش كۆپ خىل بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىز بىرلا ۋاقىتتا بىرنەچچە ئىشنى تەڭ قىلالىشىمىز مۇمكىن. لېكىن شۇ خىل قىزىقىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى نىشان قىلىپ تىكلەپ بىرلا ۋاقىتتا شۇ نىشانلىرىمىزغا يېتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرالىشىمىز تەس.

قىزىقىشلارنىڭ كۆپ خىل، ھەر تەرەپلىمە بولۇشى ھاياتىمىزنى رەڭدارلىققا ئىگە قىلىشى، بىزگە گۈزەل ئەسلىمىلەرنى سوۋغا قىلىشى مۇمكىن. نىشان قىزىقىشتىن پەرقلىنىدۇ، ئۇ بىز ئۈچۈن كومپاس. ئۇ، بىزنى توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەشكە، كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرغۇچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

نىشان تىكلەش بىر ئىنسان ئۈچۈن قىلمىسا بولمايدىغان بىر ئىش. چۈنكى نىشانسىز ئادەم چېكىتى يوق جىڭغا، توغرا ماڭمايدىغان سائەتكە ئوخشايدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ كەسىپ، خىزمەت ۋە ئۆگىنىشىدە ئىزچىللىق بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ قىزىقىشلىرىنى خاتا ھالدا نىشان دەپ قاراپ قىزىقىشنى نىشانىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالىدۇ. نەتىجىدە ھاياتىدا ھېچقانداق بىر نەتىجە ياكى بىرەر ئىز قالدۇرالماي، ۋاقتى ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. قىزىقىش ۋاقىتلىق ھەم تېز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، نىشانىنى تولا ئۆزگەرتىش ئەمەلىيەتتە ۋاقىت ۋە زېھنىنى خورىتىدۇ. نەتىجىدە تولا كۆچۈرۈلگەن دەرەخ ئەي بولمىغاندەك، ھېچبىر ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالماي، يېرىم يولدا توختىتىپ قويىدۇ ياكى ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ. باشقىلارغىمۇ تۇتۇرۇقسىز، ھېلى قىلغان گېپى ھېلى يوق، ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان، ئەمەلىيەتتە ھېچ ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدىغان ئادەم دېگەندەك تەسىر بېرىپ قويىدۇ.

ئەتراپىمىزغا نەزەر سالساقمۇ بۇنداقلار كۆپقۇ، ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا قىزىقىپ باقىدۇ. نەدىن گەپ قىلسا ساقالغا يامىشىپ تۇرىدۇ. ئەمما بىر ئىشنى قىلىپ باق دەپ تاشلاپ بېرىدىغان بولساق، قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدۇ. ئۆزىنىڭ كۆپ نەرسىلەرگە قىزىقىدىغىنىنى بىلىدۇ. بىراق نىشانىنى بىلمەيدۇ.

يىلپىزنىڭ ئوۋ ئوۋلاش جەريانىنى كۆرۈپ باققان ياكى ئاڭلاپ باققانمۇ سىز؟ يىلپىز گەرچە بىر توپ بۇغا پادىسىغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قوغلايدىغىنى پەقەت بىرلا. قوغلاش جەريانىدا ئۇنىڭغا باشقا بۇغىلار ئۇچرىسىمۇ، ھەتتا يېنىدىن ئۆتۈپ كەتسىمۇ ئۇ ئۇلارغا پەرۋا قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن كۈچ ۋە ئېنېرگىيەسىنىڭ سەرپ بولىدىغىنىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزى قوغلاۋاتقان بۇغىنىڭمۇ ھېرىپ قالىدىغانلىقىنى، بوشاشماي، ۋاز

كەچمەي، بەرداشلىق بەرسىلا ئۆنىڭغا يېتىشۋالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. يەنە ئەگەر يېرىم يولدا نىشان ئۆزگەرتسە، ئاسان چاغلاپ ئالدىغا ئۆچرىغان باشقا بىر بۇغىنى قوغلىماقچى بولسا، ئۆزىنىڭ تېخىمۇ كۈچ ۋە ئېنېرگىيە سەرپ قىلىدىغىنىنى، ھەم ھېچقانداق ئوۋ ئوۋلىيالماي قۇرۇق قول قالىدىغىنىنىمۇ بىلىدۇ.

بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، قىزىقىشىنى خاتا ھالدا نىشان دەپ تونۇۋېلىش نىشان تىكلەشتىكى تۇراقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تولا نىشان ئۆزگەرتكەندە كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش تەسكە توختايدۇ ياكى يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بۇنداق خاتالىقلاردىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

ھەممىمىز ئۆز ئەمەلىيىتىمىزنى، قىزىقىش ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ نىشان تىكلەيلى. ئەمما قىزىقىشلىرىمىزنى ھەرگىزمۇ خاتا ھالدا نىشان دەپ ئويلىۋالمايلى. قىزىقىشلىرىمىز نىشانىمىزغا يېتىشتىكى پەلەمپەي بولسۇنكى، ھەرگىزمۇ بىزنى قايمۇقتۇرۇپ، بىزنى يېرىم يولدا توختىتىپ، ئاخىردا ھەممىدىن قۇرۇق قېلىشىمىزغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن.

## توغرا نىشان ـ نۇرلۇق ماياك

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئاتىكەم رەجەپ

ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، بەزىلەرنىڭ كۆڭلىگە يۈكسەك غايە، ئارزۇ ـ ئارمانلارنى پۈككەنلىكىنى، ئاشۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىنىمسىز تىرىشىۋاتقانلىقىنى، يەنە بەزىلەرنىڭ بولسا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن يارالغانلىقىنى، ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتى، ياشاش نىشانىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. دېمەك، ئىنسان يارالغاندا تەڭ يارالغىنى بىلەن ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، قىممىتى، ياشاش نىشانى زور پەرقلىق بولۇپ قالىدۇ.

بۇنداق چوڭ پەرقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب نېمە؟

دۇنيادا مۇكەممەللىككە تولغان نۇقسانسىز شەيئى يوق، ئىنسان تېخىمۇ شۇنداق، لېكىن ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە، تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچىسى پەرقلىق بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن،

ئىنسانلارنىڭ ئاڭ سەۋىيەسى، بىلىم قۇرۇلمىسىمۇ ئۇلارنىڭ قايسى تۈرگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرقى جەمئىيىتىمىز «دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى»دە ئېيتىلغىنىدەك كۈچلۈكلەر تاللىنىپ، ئاجىزلار شاللىنىدىغان رىقابەت دەۋرى ھېسابلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ۋايىسماي تىرىشىۋاتقانلار، ئۆز كەسپىگە زور ئىشتىياق باغلاپ، شۇ بىر نىشاننى چۆرىدەپ تىرىشىۋاتقانلار ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز نىشانىنى غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولالايدۇ، ئۇلار يەنە ئۆز قابىلىيىتى ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا زور شان - شەرەپلەرگە نائىل بولالايدۇ، ئەمەلىيەتتە غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈنچىۋالا قىيىن ئىشمۇ ئەمەس، پەقەت بىز بەل قويۇۋەتمەي، شۇ بىر نىشان ئۈچۈنلا تىرىشىدىغان بولساق غايىمىزنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز، بىز بۇ جەرياندا خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشىمىز، ھەتتا خىلمۇخىل يېڭى نىشانلار بىزنى ئېزىقتۇرۇپ، دەسلەپكى نىشانىمىزدىن تاندۇرۇشى مۇمكىن، ناۋادا بىز ئاشۇ ئېزىقتۇرۇشلار ئالدىدا توختاپ، دەسلەپكى نىشانىمىزدىن ئېزىپ كېتىدىغانلا بولساق، ئاخىرقى ھېسابتا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيمىز، ياكى ئۇنىڭدىن ياكى بۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشەلمەي، قۇرۇق قول قالىمىز. «ئالتۇن بېلىق» تىكى بېلىقچى بوۋاينىڭ ئاچ كۆز خوتۇنى ئېرىشكىنىگە قانائەت قىلماي، ئالتۇن بېلىقتىن نەپ تەلەپ قىلىۋەرگەچكە، ئاخىر ئۇ ھەممىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، نامراتلىق، يوقسۇزلۇق ھالىتىدىن يەنىلا قۇتۇلالمايدۇ.

ھازىرقى جەمئىيىتىمىز كۈچلۈك بېسىم، رىقابەتكە تولغان جەمئىيەت، بىز بولساق كۈچلۈك خىرىسلار ئالدىدا يا شاللىنىشنى، يا تاللىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلار. بۇ جەمئىيەتتە ھېچكىممۇ مېنىڭ ھېچقانداق غەم - ئەندىشەم يوق، مەن ھەممە نىشانلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولدۇم، دەپ ئېيتالمايدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق غەم - قايغۇسى، ئەنسىرەيدىغىنى، ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئارزۇ - ئارمانلىرى بولىدۇ.

بۇرۇن بىر بالا ئوقۇتقۇچىدىن سوراپتۇ: «مۇئەللىم، مەن قانداق قىلسام زىممەمدىكى مېنى بېسىپ تۇرغان غەم - قايغۇلارنى چۆرۈپ تاشلىيالايمەن؟» ئوقۇتقۇچى: «سەن ئاۋۋال بۇ دۇنيادىن غەم - ئەندىشىسىز ئادەمدىن بىرنى تاپقىن، شۇ ساڭا جاۋابىنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالا، دۇنيادا غەم - قايغۇسىز، ئەندىشىسىز ياشايدىغان ئادەمنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ، ئۇ ئۇزاق ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر تىجارەتچى بوۋايدىن: «بوۋا، تىجارىتىڭىز كۆڭۈلدىكىدەكمۇ،

سىزنىڭ غەم ـ ئەندىشە قىلىدىغان ئىشىڭىز يوقتۇ؟» دەپ سوراپتۇ، تىجارەتچى بوۋاي: «مېنىڭ تىجارىتىم خېلى كۆڭۈلدىكىدەك، بىراق ھەر كۈنى ماللىرىمنىڭ سېتىلماي بېسىلىپ قېلىشىدىن، باشقىلارنىڭ تاپقان پۇللىرىمنى ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرىمەن، بەلكىم بۇ دۇنيادا توققۇزى تەل بولغان پادىشاھلارنىڭ غەم ـ قايغۇسى، دەردى بولمىسا كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بالا خان ئوردىسىغا بېرىپ پادىشاھتىن سوراپتۇ، پادىشاھ: «مەن ھەر كۈنى بۇ تەختتە يەنە قانچىلىك ئولتۇرالارمەن، خانىدانلىقىم قاچان گۇمران بولۇپ كېتەر دەپ ئەنسىرەپلا يۈرىمەن، بۇنداق پادىشاھ بولغاندىن كۆرە ھېچقانداق غەم ـ قايغۇسى بولمىغان، ياقا ـ يۇرتلاردا قورساق تويغۇزۇپلا يۈرىدىغان سەرگەردان بولغان بولسام ياخشى بوپتىكەن» دەپتۇ، بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ سىرتقا چىقىپ سەرگەردان بالىدىن سوراپتۇ، سەرگەردان بالا بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن: «سەن مېنى مازاق قىلىۋاتامسەن، كۈندە قورساق بېقىشنىڭ غېمىدە يۈرسەم، شۇ بىر قاچا تاماققا، بىر بۇردا نانغا شۇنچە زار بولۇۋاتسام، مېنىڭ قانداقمۇ غەم ـ قايغۇم بولمىسۇن؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بالا خېلى ئۇزاق يوللارنى بېسىپ دۇنيادىن غەم ـ قايغۇسىز بىرمۇ ئادەم تاپالماي قايتىپ كەپتۇ ـ دە، ئوقۇتقۇچىغا: «مۇئەللىم، بۇ دۇنيادا سىز دېگەندەك غەم ـ قايغۇسىز ئادەم يوق ئىكەن، مەن ئەمدى بۇ غەم ـ قايغۇلىرىمنى قانداق قىلسام بولار» دەپتۇ. ئوقۇتقۇچى بالىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «توغرا بالام، دۇنيادا غەم ـ قايغۇسىز بىرمۇ ئادەم يوق، ھەممە ئادەم ئۆز تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىن ئالدىراش، ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشى قامداشنىڭ غېمىدە، سەن پەقەت دۇنياغا ئەقىل كۆزۈڭ بىلەن قاراپ زىممەڭدىكى بۇ يۈكلەر (غەم ـ قايغۇلار)نى ئارقاڭغا تاشلاپ، ئۆز نىشانىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەل قويۇۋەتمەي تىرىشىدىغانلا بولساڭ، نىشانىڭنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايسەن» دەپتۇ.

توغرا، بىز پەقەت پۈتۈن كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دەسلەپكى يەتمەكچى بولغان نىشان ئۈچۈن تىرىشىدىغانلا بولساق، بۇ جەرياندا دۈچ كەلگەن ھەرخىل قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي، قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كەلسەكلا، بىزنىڭ ئەتىمىز تېخىمۇ پارلاق، تۇرمۇشىمىز تېخىمۇ مەزمۇنلۇق، رەڭگارەڭ تۈسكە كىرىدۇ ھەم خۇشال ـ خۇراملىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.

## V يېزىقچىلىق سوئالى (55 نومۇر)

24. بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

تۇز دۇكىنىدىكى شاگىرت دائىم تۇرمۇشىدىن رازى بولماي، ئۇستازىدىن ئاغرىنىپلا يۈرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇستازى ئۇنىڭ يەنىلا مەيۈسلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىككى خالتا تۇز ئېلىپ بىر خالتا تۇزنى ئىستاكانغا قۇيۇپ ئىچىشكە بۇيرۇپتۇ ۋە تەمىنى سوراپتۇ. شاگىرت بىر يۇتۇم ئىچىپلا تۈكۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇستازى كۈلۈپ قويۇپ، شاگىرتىنى دەريا بويىغا باشلاپ كەپتۇ ھەم بىر خالتا تۇزنى دەرياغا تۆككەندىن كېيىن شاگىرتىنى دەريا سۈيىنى تېتىپ بېقىشقا بۇيرۇپتۇ. شاگىرت ئۇستازىنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ. دەريا سۈيىنىڭ تەمىنىڭ تۇزسىز ھەم سوغۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا ئۇستازى مۇلايىملىق بىلەن:

— ھاياتلىقتىكى ئازاب - ئوقۇبەتلەر مانا مۇشۇ تۇزغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئازابلانغان چېغىڭدا قەلبىڭنى بىر ئىستاكان سۇدەك ئەمەس، بەلكى دەريادەك كەڭرى تۇتقىن، — دەپتۇ.

تەلەپ:

(1) نۇقتىئىنەزەر (مەركىزىي ئىدىيە) ئېنىق، پىكىر يۆنىلىشىڭىز توغرا بولۇشى كېرەك. ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ، ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ (شېئىر، سەھنە ئەسىرىدىن باشقا).

(2) ئەسىرىڭىز ماتېرىيالدا ئىپادىلەنگەن پىكىر تېمىسىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(3) ماتېرىيالدا بېرىلگەن ئۇچۇرلاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ، ئەمما ماتېرىيالنى كۆچۈرۈپ ئىشلىتىشىڭىزگە بولمايدۇ.

(4) ئەسەرنىڭ ئىدىيەسى ساغلام بولۇشى كېرەك.

(5) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن، ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

(6) سالاھىيىتىڭىزنى ئىپادىلەيدىغان ئادەم ئىسمى ۋە يەر - جاي ناملىرىنى xx بىلەن ئىپادىلەڭ.

ئۇلگە:

## كەڭ قورساقلىق ـ ئىناقلىقنىڭ ئاساسى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئالىمجان روزى

ئەتراپىمىزدا كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن باشقىلاردىن رەنجىپ ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ بىئارام قىلىپ يۈرىدىغان، ئاسانلىقچە باشقىلاردىن رازى بولمايدىغان ئادەملەر خېلى بار. ئۇلار كەڭ قورساقلىقنىڭ، نەزەر دائىرىسىنى كەڭ تۇتۇشنىڭ كىشىگە قانچىلىك خۇشاللىق ۋە ئازادىلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ.

تولۇقسىز ئوتتۇرىدا بىللە ئوقۇغان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ بىللە ئوقۇۋاتقان ئىككى ساۋاقدىشىم بار. ھەر ئىككىلىسى بىلەن ياخشى ئۆتەتتىم، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ياخشى، مىجەزى تۈز بولغاچقا، مۇناسىۋىتىمىز يېقىن ئىدى. بىز ئۈچىمىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىللە پائالىيەت ئېلىپ باراتتۇق، لېكىن ئۇ ئىككىسىنىڭ مىجەزىنىڭ بىر تەرىپى زادىلا ئوخشىمايتتى. ساقال - بۇرۇتلۇق، گەۋدىلىك كەلگىنى بولسا كەڭ قورساق، ئەركەك مىجەزلىك، مەرد بالا ئىدى. ئاق پىشماق، ياداڭغۇ چىراي كەلگىنى بولسا بەزى ئۇششاق ئىشلارنى بەكلا قېتىغا ئېلىۋالاتتى... «نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟ ماڭا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلامدۇ؟...» دەپلا يۈرەتتى. ئادەتتىكى ئىشلار ئۈچۈنمۇ چېچىلىپ خاپا بولۇپ يۈرەتتى، شۇنداق بولغاچقىمىكىن، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ تازا ياخشى ئەمەس ئىدى، ھەم ئۆزىمۇ خاپا چىرايلا كۆرۈنەتتى.

دېمىسىمۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كەڭ قورساقراق بولغان ياخشى، ئادەتتە باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە خاتا چۈشىنىپ قالىدىغان ياكى كۆڭۈلنى رەنجىتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى رەنجىشكە، خاپا بولۇشقا ئەرزىمدۇ؟ ناتايىن. باشقىلارغا كۆڭلى - كۆكسىمىزنى كەڭ تۇتساق، بەزى ئىشلارغا بوپتۇلا دەۋەتسەك، مەسىلىنى باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلىنىپ كۆرسەك، باشقىلاردىن رەنجىپ يۈرۈشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىمىز.

كەڭ قورساقلىق بىر خىل ئېسىل پەزىلەت، شۇنداقلا باشقىلار بىلەن چىقىشىپ، نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ ئۆتۈشنىڭ ئاساسى ھەم يەنە بىزنىمۇ،

باشقىلارنىمۇ ئورۇنسىز بولغان ئۇششاق ئىشلار ئۈچۈن چېچىلىپ يۈرمەسلىككە ئۈندىگۈچى روھىي كۈچ.

كەڭ قورساق ئادەم باشقىلارنى ئەپۇ قىلالايدۇ، مەسىلىلەرنى تېخىمۇ يۈكسەك نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزىتىدۇ، شۇڭا ئۇلار كىشىلىك مۇناسىۋەتتە چىقىشقاق، كەڭ قورساقلىقىغا تايىنىپ ئاكتىپ ئورۇندا تۇرىدۇ - دە، دائىم كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق، جۇشقۇن قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، كەڭ قورساقلىق باشقىلارنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم قىلىدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە باشقىلار بىلەن باراۋەر مۇناسىۋەتتە قىزغىن، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان، ھالىغا يېتىدىغان، مەسىلىنى باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلىيالايدىغان، ئاكتىپ بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت سىستېمىسى ئورنىتىشىمىزدا زور رول ئوينايدۇ.

شۇڭا كۆڭۈل - كۆكسىمىزنى كەڭ تۇتايلى، ئەپۇچان بولايلى! مانا شۇندىلا ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ خۇش قىلالايمىز.

## بىز ۋە تۇرمۇش

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئەخەت ئەمەر

دۇنيادا ھەرخىل كىشىلەر ياشايدۇ، بەزىلەر ئۆز تۇرمۇشىدىن زارلىنىپ، بىزار بولۇپ ياشايدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆز تۇرمۇشىغا قانائەت قىلىپ، تۇرمۇشتىن رازى بولۇپ ياشايدۇ. مانا بۇ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي قانۇنىيىتى.

تۇرمۇش خۇددى ئەينەككە ئوخشايدۇ، سىز ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىسىڭىز ئۇمۇ سىزگە كۈلۈپ قارايدۇ، ھايات يوللىرى ئەگرى - توقاي مۇشكۈل بولىدۇ. بەزىلەر تۇرمۇشتا ھەقىقىي تۇرمۇش يولىنى تاللىسا، يەنە بەزىلەر خاتا كىشىلىك تۇرمۇش يولىنى تاللايدۇ. بۇ ئىشلار نېمە سەۋەبتىن؟ مانا بۇ كىشىلىك دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە.

ھاياتلىقتا كىشىلەر ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بىر تۇرمۇشتىن ئالغان ھوسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. دۇنيا ھەر خىل شەيئىلەردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش ۋە يوقىلىشتىن ئىبارەت بۇ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرۈشى مۇقەررەر.

بەزى شەيئىلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانسا، بەزى شەيئىلەر ئۆز خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ دۇنيادىن تەبىئىي ھالدا شاللىنىدۇ. ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرمۇ شۇنداق، بەزى كىشىلەر مەلۇم بىر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ياكى ئەتراپتىكى مۇھىتلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۆز ئىستىقبالى ۋە توغرا بولغان تۇرمۇش يولى، توغرا بولغان دۇنيا قارىشى تىكلەپ، ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىنى تاماملايدۇ. بەزى كىشىلەر بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىق ۋە بەزىبىر ئىشلارنى توغرا چۈشەنمەسلىك ۋە قوبۇل قىلالماسلىق تۈپەيلىدىن ئۆز تۇرمۇشىدىن زارلىنىدۇ ۋە ئۆز تۇرمۇشىنى ئىنتايىن مەنىسىز ۋە كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. بىز بۇنداق مەسىلىلەرگە دائىم ئۇچراپ تۇرىمىز. ئۇنداقتا بۇنداق مەسىلىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟ مانا بۇ تۇرمۇشقا ئۇمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان كىشىلەر ئۇچۇن ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

دۇنيا ھەرخىل گۈزەللىك ۋە رەزىللىكلەردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بىز تۇرمۇشقا قانداق قارىساق تۇرمۇشتىن شۇنداق ھوزۇر ئېلىشنى بىلىشىمىز كېرەك. كونىلاردا «ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى» دەيدىغان گەپ بار. پەقەت بىز توغرا بولغان دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى يېتىلدۈرسەكلا، ھەقىقىي تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئىگە بولغان بولىمىز.

## V يېزىقچىلىق سوئالى (55 نومۇر)

24. بېرىلگەن پارچىنى ئوقۇپ يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

ئەي ئانا تىلىم ـ ئانامنىڭ تىلى!
ئانا تىلىم! ئەي ئانام بەرگەن تىل!
مەن سېنى ئانامدەك ئەزىزلەيمەن!

سېنى ئاڭلىسام، ئانامنىڭ ئوتلۇق يۈرەك خىتابىنى ئاڭلىغاندەك بولىمەن؛ سېنى سۆزلىسەم، شۇ خىتابقا جاۋاب سادايىمنى ياڭراتقاندەك بولىمەن.

ئانام ماڭا تۇنجى قېتىم «بالام ـ باغرىم» دېگىنىدە سەن بىلەن، ـ دەل مۇشۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن سۆزلىگەن. مەنمۇ تۇنجى قېتىم «ئانا ـ ئانام» دېگىنىمدە سەن بىلەن ـ شۇ تەۋەررۇك تىل بىلەن سۆزلىگەن.

ئانا تىلىم، سېنىڭ ھەربىر تاۋۇشۇڭدا ئانامنىڭ يېقىملىق تىنىقلىرى بار؛ سېنىڭ ھەر بىر ئۇرغۇڭدا ئانامنىڭ نەپىس ھېسسىياتلىرىنىڭ ئۇرغۇشلىرى بار؛ سېنىڭ ھەربىر ياڭرىشىڭدا ئانامنىڭ غۇرۇرى بار، ئىپتىخارى بار.

مەن سەن ئارقىلىق ئانامنىڭ كەچمىشلىرىنى ئۇققان؛ سەن ئارقىلىقلا ئەجدادلارنىڭ كىملىكىنى ئۇققان؛ سەن ئارقىلىقلا ئانا ۋەتىنىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇققان.

تەلەپ:

(1) ماتېرىيال مەزمۇنىغا ئاساسەن نۇقتىئىنەزەر (مەركىزىي ئىدىيە) نى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ.

(2) ژانىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ (شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ).

(3) مەزمۇنىغا ماس ماۋزۇ قويۇڭ.

(4) يازغان ئەسىرىڭىز تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(5) ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

(6) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلغان بولسۇن.

7) ئادەم ئىسىملىرى ۋە يەر ـ جايناملىرىنى xx بىلەن ئىپادىلەڭ.

ئۆلگە:

## پەخرىم ـ ئانا تىل

(نەسر)
بۈۋىھەجەرگۈل ھاجى

مەيلى قايسى تىلدا زوق ئالسا ھەر كىم،
مېنىڭ ئۆز تىلىمغا جېنىم مىڭ پىدا.
ئەگەر ئانا تىلىم يوقالسا ئەتە،
مەن بولاي بۈگۈنلا جېنىمدىن جۇدا.
ـ رەسۇل ھەمزەتوف

ئەي ئانا تىلىم ـ ئانامنىڭ تىلى!
ئانا تىلىم! ئەي ئانام بەرگەن تىل!

مەن سېنى ئانامدەك ئەزىزلەيمەن، ئانامدەك قەدىرلەيمەن. چۈنكى ئانام ماڭا تۇنجى قېتىم سەن بىلەن دەل مۇشۇ تەۋەررۈك تىل بىلەن سۆزلىگەن. شۇڭا مەن پەخىرلىنىمەنكى، سېنىڭدەك بىر كاتتا مۆجىزىنىڭ سۆزلىگۈچىسى بولغىنىمدىن؛ مەن پەخىرلىنىمەنكى، سېنىڭدەك بىر ئېسىل نېمەتنىڭ ساھىبى بولغىنىمدىن؛ مەن ئىپتىخارلىنىمەنكى، سېنىڭدەك جاھان سەھنىلىرىدە قۇياشتەك نۇر ـ ئەنبەر تارقىتىۋاتقان ئانا تىلىم بولغانلىقىدىن.

ئەي ئانا تىلىم ـ ئانامنىڭ تىلى!
ئانا تىلىم! ئەي ئانام بەرگەن تىل!

مەن سېنى ئانامدەك ئەزىزلەيمەن، ئانامدەك قەدىرلەيمەن. سېنى ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىمدا، دانىشمەن ئاغزىدىن ھېكمەت ئاڭلىغاندەك، مېھرىبان ئانامنىڭ خىتابىنى ئاڭلىغاندەك، ئاق كۆڭۈل خەلقىمنىڭ يۈرىكىنى تىڭشىغاندەك ھاياجانلىنىمەن.

مەن تۇنجى قېتىم تىلىمنى سەن بىلەن چىقاردىم. بۇ چاغدا ئاناملا ئەمەس، پۈتكۈل كائىنات لەرزىگە كەلدى، دېڭىزلار شاۋقۇنلىدى، نېمە ئۈچۈن؟

ئەلۋەتتە، مېنى باققان، ماڭا ئوزۇق بەرگەن خەلقىمنى ئۆز تىلى بىلەن ئاتىيالىغىنىم ئۈچۈن - دە. شۇڭا، مەن سەندىن پەخىرلىنىمەن. چۈنكى، سەندە خەلقىمنىڭ ئىپتىخارى يەنە ئانامنىڭ، ئانا ۋەتىنىمنىڭ سىيماسى بار. ئانامنىڭ ھەر بىر كۆلكىسىدە، ھەر بىر تامچە يېشىدا، خەلقىمنىڭ ھەر بىر نىداسىدا سەن بار.

سەن مېنىڭ، خەلقىمنىڭ، مەدەنىيىتىمنىڭ مەۋجۇتلۇقى. سەن دۇنيا سەھنىسىدىكى قۇياش. مەن سەن ئارقىلىق خەلقىم قەلبىدىكى مىللىي غۇرۇر بۇلىقىنى ئاچالايمەن، ئېسىل پەزىلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇيالايمەن، سەن ئارقىلىق ئۆزۈمنى ۋە ئەجدادلىرىمنى بىلەلەيمەن. يەنە سەن ئارقىلىق بارچىنى بىلەلەيمەن. شۇڭا، سەن بۈيۈك، سەن ئۇلۇغ، سەن مۇقەددەس.

ئەي ئانا تىلىم ـ ئانامنىڭ تىلى!
ئانا تىلىم! ئەي ئانام بەرگەن تىل!

مەن سېنى ئانامدەك ئەزىزلەيمەن، ئانامدەك قەدىرلەيمەن. سېنى ماختىسام ھارمايمەن، سېنىڭدەك بىر نازۇك، چىرايلىق، نادىر نەمۇنىنى نېمىلا دەپ ماختىسام ئەرزىيدۇ. سالاپىتىڭگە، مۇلايىملىقىڭغا قىلچە تەسىر يەتمەيدۇ. ئەكسىچە، كىشىنى تېخىمۇ رام قىلىسەن. چۈنكى، سەن ھېچقانداق مەغرۇرلانغان ئەمەس، ئەسلىي خىسلىتىڭ بىلەن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

ئەي ئانا تىلىم ـ ئانامنىڭ تىلى!
ئانا تىلىم! ئەي ئانام بەرگەن تىل!

مەن ساڭا ئۆزۈن ئۆمۈر تىلەيمەن. سەن بىزنىڭ خورىماس دەرىخىمىز. ئېسىڭدە بولسۇنكى، سەن مېنىڭ ۋە خەلقىمنىڭ مەۋجۇتلۇقى. شۇڭا، كۆكلىسەڭ كۆكلىگىنىسەن، ئەمما ھەرگىز قۇرىغۇچى بولما، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆزىنى، خەلقىنى بىلدۈر، ھەممىنى ئۆگەت!

## ئانا تىلىم

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

بۈزۆھرەگۈل روزى

تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى، ۋاسىتىسى، قەلب ئەينىكى،

ئادەمنى، ئالەمنى باغلاپ تۇرغان زەر رىشتە. تىل خەزىنىلەرنى ئاچقۇچى ھېكمەتلەر كانى، مۇھەببەت كۆۋرۈكى.

دۇنيادىكى 6 مىليارد 300 مىليون خەلقتە يىگىرمە مىڭ خىلدىن ئارتۇق تىل بولۇپ، 8 مىليون ئۇيغۇرنىڭ ئەقىل كۆزىنى ئاچقىنى، قەلب ئېتىزلىرىنى سۇغىرىپ، تارىخ بەتلىرىنى تولدۇرۇۋاتقىنى، مىللىتىمىزنى، خىسلىتىمىزنى، ئىززىتىمىزنى ساقلاپ كەلگىنى 32 ھەرپتىن تۈزۈلگەن نەپىس، جانلىق، ئىپادىلەش كۈچىگە باي گۈزەل تىل – ئۇيغۇر تىلى.

نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق تارىخىمىزنىڭ ساداسى سەن بىلەن ياڭرايدۇ. بۇۋا - مومىلىرىمىز ھېكايىلەرنى بىزگە سەن ئارقىلىق سۆزلەيدۇ. دانالارغا نەسىھەتى، ئەجدادلار ۋەسىيىتى سەن ئارقىلىق ئاڭلىنىدۇ. ئاشىقلار ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشتا ئۆز ئانا تىلى بىلەن پىچىرلايدۇ.

خەلقىمىزنى ھەيرەتتە قالدۇرغان نەۋايى، زەلىلىي، ھىرقىتى، گۇمنامىلارمۇ ئۆز قەلب سادالىرىنى سەن ئارقىلىق نەقىشلىگەن، سەن ئارقىلىق ئالەمگە ياڭراتقان. بىز بۇ دۇنيانى، ئۆزىمىزنى سەن ئارقىلىق چۈشەنگەن. بىزگە مانا مۇشۇنداق ئۇز، تاتلىق، چۈچۈك، ئۇلۇغ تىلنى يادىكار قالدۇرۇپ كەتكەن ئەجدادلارغا ھەشقالىلا!

ئانا تىلىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، تىل تەتقىقاتىدىكى قولغا كېلىۋاتقان كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر، مۇۋەپپەقىيەتلەر كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ. ھاياجانلاندۇرىدۇ. بىراق قىزىل گۈل ئارىسىغا ئۈنگەن تىكەندەك كىشىنى سەسكەندۈرۈۋاتقان، يېقىندىن بېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان تىلدىكى بۇزۇلۇشلار كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرۇۋاتىدۇ.

بىز تارىخىمىزغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، يىقىنقىدەك خاتالىقلارنىمۇ ئاز - تولا سادىر قىلىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارغىمۇ خېلىلا ئېرىشكەن، ئەينى زاماندا ئانا تىلدىن باشقا تىللارنى ئەۋزەل كۆرگەن نۇرغۇن ئەدىب، شائىرلىرىمىز ئەرەب، پارس ۋە باشقا تىلدا ئەسەر يازغاچقا، نۆۋەتتە تەتقىقات جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ئاۋارىچىلىكلەر كۆرۈلۈۋاتىدۇ. فارابىيمۇ ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغىنى ئۈچۈن مىللەت تەۋەلىكى بۈگۈنگىچە مۇقىملاشتۇرۇلمىدى. يەنە نۇرغۇن ئالىملىرىمىزنىڭ ھىندىچە، ئەرەبچە تەخەللۇسلىرى تۈپەيلىدىن مىللىتىمىز تارىخىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى.

توغرا، ھازىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تىل، تېخنىكا جەھەتتىكى تەلەپمۇ ماس ھالدا ئېشىپ بارماقتا. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ شەھەرلەردىن تارتىپ، يېزىلارغىچە قوش تىل مائارىپىنى يولغا قويۇش تەشەببۇس

قىلىنىۋاتىدۇ ۋە قوش تىل مائارىپى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. رايونلار ئارا، مىللەتلەر ئارا ئالاقە قويۇقلىشىۋاتىدۇ. ئۆز ئارا قوبۇل قىلىش، ئالماشتۇرۇش كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇنداق شارائىتتا تىلىمىزنىڭ ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش تېخىمۇ مۇھىم. شۇڭا بىز چوقۇم ئەڭ زور دەرىجىدىكى تىرىشچانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىشنى تىلىمىزنىڭ ئۆز خاسلىقىنى ساقلىغان ئاساستا ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. چۈنكى خاسلىق بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولسا، تىل مىللەتنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى، مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلى. ئۆز يىلتىزىمىزنى ئىزدەش ئانا تىلنى سۆيۈشتىن باشلىنىدۇ. شۇڭا، ھەممەيلەن ئۆز تىلىمىزنىڭ خاسلىقىنى، ساپلىقىنى قوغدايلى، تىلىمىزنى توغرا ئۇسۇلدا بېيىتايلى!

## ئانا تىلىم

(بايان ماقالىسى)

ماھىرە ئىسمايىل

ئانا تىلىم ھەققىدە سۆز ئاچقىنىمدا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ھاياجان ئىلكىدە تېپچەكلەيدۇ. چۈنكى مەن تۇنجى قېتىم تىلىم چىققاندا ئانا تىلىم بىلەن سۆزلىگەن. ئاشۇ ئانا تىلىم بىلەن ئانامنى «ئانا» دەپ چاقىرغانمەن. ئانامغا تۇرلۇك مەقسەتلىرىمنى، شۇ پەيتتە مەن نېمىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنىمنى يەنىلا شۇ ئانا تىلىم ئارقىلىق بىلدۈرگەنمەن. ئويلاپ باقسام ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر شۇ ئانا تىلىم بىلەن ياشاپ كېلىۋېتىپتىمەن. بەلكىم بۈرۈن ئۇنچىلىك دىققەت قىلىپمۇ كەتمىگەن بولغىيتتىم، بىراق، بىر نەۋرە ئاچامنىڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن بىر ئىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەنمۇ ئاستا - ئاستا ئويلىنىدىغان بولدۇم.

مېنىڭ بىر نەۋرە ئاچام تىل ئۆگىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئالدىنقى يىلى ياپونىيەگە چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىرىنچى قېتىملىق تەتىلدىن قايتىپ كېلىپلا ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

مەن كىچىكىمدىنلا ياپون تىلى ئۆگىنىشكە قىزىققاچقا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىن باشلاپلا كۇرسلاردا ياپون تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم. بارا - بارا ياپون تىلى ئۆگەنگەنسېرى ياپونىيەگە چىقىپ شۇ يەردە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئويىغا كەلدىم. تەلىيىمگە يارىشا بۇ ئارزۇيۇممۇ ئەمەلگە ئاشتى. بىراق، مەن ياپونىيەگە بارغان دەسلەپكى كۈنلا ئەڭ

سىغىنغىنىم ئاتا ـ ئانام، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم ياكى ئۆيۈم بولماستىن، بەلكى ئانا تىلىم بولدى. چۈنكى ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا يات. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا خالىغانچە، ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلىشىۋاتاتتى. گەرچە مەن بۇنىڭدىن بۇرۇن ياپون تىلىنى ئاز ـ تولا ئۆگەنگەن بولساممۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا خىجىل بولدۇممۇ ياكى سۆزلەشكە پېتىنالمىدىممۇ (شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى ھازىرغىچە مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن) سۆزلىيەلمىدىم. شۇ چاغدا مەن شۇنچىلىك غېرىبلىق ۋە يېتىمچىلىك ھېس قىلدىمكى، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ھەممىنى تاشلاپ، كەينىمگىمۇ قارىماي قايتىپ كەتكۈم كەلدى. كۆڭلۈمدە: «بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تىلى بولغاچقا، شۇنچىلىك ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلىشىۋاتىدۇ، ئەگەر يېنىمدا بىرەر ئۇيغۇر بولغان بولسا مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئانا تىلىمدا سۆزلىشىپ شۇ چاغدىكى غېرىبلىقىمنى بىردەملىك بولسىمۇ ئۇنتۇغان بولسام» دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن پەقەت ئۆيدىكىلەر بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەندىلا مەن ھەقىقىي ئۆزۈمگە قايتقاندەك ھېس قىلاتتىم. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئانا تىلىمدا ئائىلەمدىكىلەر بىلەن ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلىشالايتتىم.

مەن بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن داۋاملىق ئويلىنىدىغان بولدۇم: بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەممىمىزنىڭ ئانا تىلى بار. ھەممىمىزنىڭ ئانا تىلى شۇنچىلىك سۆيۈملۈك، شۇنچىلىك مۇقەددەس، ئۇ بىر پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھېكمەتلەر كانى. ئۇنى قازغانسېرى نۇرغۇنلىغان ھېكمەت ۋە خەزىنىلەرنى بايقايمىز. ئۇ بەئەينى بىر ئەزىم دەريا. ئۇ سۈيى ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان چاڭقاق دىللارغا ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ. ئۇ بەئەينى بوۋام كىچىك چېغىمىزدا بىزگە ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە. ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مەڭگۈ مىراس بولۇپ قالىدىغان.

شۇڭا ئانا تىلىمىزنى قەدىرلەيلى، ئۆگىنەيلى!

## ئانا تىلىم

(نەسر)

بۇزۆھرە ئەخمەت

ئىھ ئانا تىلىم، ئانام بەرگەن تىل! سەن ماڭا ئانام بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى مېھىر ـ مۇھەببەت بابىدا ئانام كەبى يېقىملىق ھەم جىلۋىدار بولغانلىقىڭ ئۈچۈن شۇنچە سۆيۈملۈك سەن. ھەئە، ئانا تىلىم، مەن دۇنياغا كۆز ئېچىپلا ئاڭلىغىنىم سەن ئىدىڭ. ئانامنىڭ مېنى چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت

ئىلكىدە پەپىلەشلىرى، كېچىلەردە ئۇخلىماي ئېيتقان ئەللەي ناخشىلىرى ھېچقاچان سېنىڭدىن ئايرىلغان ئەمەس. شۇڭا مەن نەگىلا بارماي سەن مەن ئۈچۈن ئانامدەكلا قەدىرلىك سەن!

ئەي ئانا تىلىم، سەن يەنە نەپرەت بابىدىمۇ شۇنچە شىددەتلىكسەنكى، رەقىبلەر كۆكسىنى رەھىمسىزلەرچە تىلغۇچى ئۆتكۈر زۇلپىقارسەن، شۇڭا مەن رەقىبىمگە دۈچ كەلگەندە سۆز ئوقلىرىنى ئايىماستىن ئاتالايمەن، دۈشمەن قەلبىنى ياردار قىلىپ ھالسىزلاندۇرالايمەن. شۇ سەۋەبتىن مەن سەندىن پەخىرلىنىمەن ئانا تىلىم. مەنلا ئەمەس پۈتكۈل ئۇيغۇر بالىسى سەندىن پەخىرلىنىدۇ. چۈنكى ئەسىرلەردىن بېرى بىزنىڭ مىللىتىمىزنى، خىسلىتىمىزنى، ئىززەت - ھۆرمىتىمىزنى ساقلاپ كەلگەن بىر تۆھپىكار سەن!

شۇنداق ئانا تىلىم، سەن بىر ھەقىقىي تۆھپىكار، چۈنكى بىز سەن ئارقىلىق دۇنيانى چۈشەندۇق ھەم سەندىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىزنى دۇنياغا چۈشەندۈرەلىدۇق. سەن بولغاچقا، شۇنچە ئۇزاق تارىخ بىز ئۈچۈن شۇنچىلىك يېقىن، سەن بولغاچقا كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ھېكمەت پۇرىقىغا تويۇنغان. شېئىرلىرى كۆز ئالدىمىزدا دېكلاماتسىيە قىلىنماقتا، پەقەت سەن بولغاچقىلا بۇۋام مەھمۇد كاشغەري بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قامۇسلىرى جاھان ئەھلىنى ھەيرانلىقتا قالدۇردى، بىز ئەۋلادلار ئەجدادلار نەسىھەتىنى سەندىن ئاڭلىدۇق. بىزگە نۇرغۇن ئەقىل ھەم پاراسەت ئاتا قىلدىڭ، مانا بۇلارنىڭ ئۆزىلا سېنىڭ بىر تۆھپىكار ئىكەنلىكىڭنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟!

ئەي، بىباھا ئانا تىلىم، سەن ئەزەلدىن بېرى قەلبىمنىڭ ۋەكىلى ئىدىڭ، بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ دەلىلى ئىدىڭ، ھېلىمۇ ھەم ئەزىز ۋەكىل سەن، مەۋجۇتلۇقىمىزغا ئەڭ چوڭ دەلىل سەن، ھاياتىمىزنىڭ جېنى، زىننىتى سەن.

مەن بارغان ھەربىر يېرىمدە سېنى ئۆز پېتى پاك ھالەتتە ئاڭلىسام دەيمەن. ئەپسۇسكى، بىر قىسىم نادان ئەۋلادلار سېنى بۇزۇپ سۆزلىگەندە، سېنىڭ ساپلىقىڭغا، پاكلىقىڭغا نۇقسان يەتكۈزگەندە، يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كېتىدۇ. يەنە بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىز، بىلىملىك زاتلىرىمىزنىڭ سېنىڭ ساپلىقىڭنى قوغداش ئۈستىدىكى ئىلتىجا ھەم ئىزدىنىشلىرى، قىلىۋاتقان ئەمەلىي خىزمەتلىرى ماڭا تەسەللى بولىدۇ، ئۈمىد بېغىشلايدۇ. شۇڭا دەيمەن، ئەي ئانا تىلىم! سېنىڭ ئۆمرۈڭ تېخىمۇ ئۇزاق بولىدۇ، ئىستىقبالىڭ تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ. ساڭا تەشنا، ساڭا موھتاج ئەۋلادلار سېنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدۇ ھەم راۋاجلاندۇرىدۇ. چۈنكى سەن بىزنىڭ بارلىقىمىزنىڭ، مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئاساسى، مەدەنىيىتىمىزنىڭ جۇلاسى!

## V يېزىقچىلىق سوئالى (55نومۇر)

23. بېرىلگەن پارچىنى ئوقۇپ يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

### خۇشاللىق ۋە ئازاب

(شياۋ خېي)

بىر بوۋاي گولف توپ ئويناشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى. بىر شەببات (ئارام) كۈنى، ئۇنىڭ گولف توپ ئوينىغۇسى كېلىپ، قوللىرى قىچىشىپ كەتتى، بىراق يەھۇدىي دىنىدىكى مۇرىتلار شەببات كۈنىدە چوقۇم ھېچ ئىش قىلماي ئارام ئېلىشى كېرەك ئىدى. بوۋاي ئاخىر تاقەت قىلىپ تۇرالماي، گولف توپ مەيدانىغا ئوغرىلىقچە بېرىپ، توققۇز تۆشۈككە توپ كىرگۈزۈپ قايتىپ كەلمەكچى بولدى.

ئۇ گولف توپ مەيدانىدا ئىككىنچى توپنى كىرگۈزگەندە، پەرىشتە بۇنى سېزىپ قېلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

— ئۇنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ قوياي، — دېدى پەرۋەردىگار پەرىشتىگە.

بوۋاي ئۈچىنچى تۆشۈككە توپ كىرگۈزمەكچى بولدى. بۇ قېتىممۇ توپ ئۇدۇل تۆشۈككە كىردى. بوۋاي بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. يەتتىنچى تۆشۈككە توپ كىرگۈزمەكچى بولغاندا، پەرىشتە يەنە پەرۋەردىگارنىڭ قېشىغا باردى.

— پەرۋەردىگار، سىز ئۇنى جازالىماقچىدىڭىزغۇ؟ نېمە ئۈچۈن جازالىمايسىز؟ — دەپ سورىدى پەرىشتە.

— مەن ئۇنى جازالىدىم، — دېدى پەرۋەردىگار.

بوۋاي توققۇزىنچى توپنىمۇ ئوڭۇشلۇق كىرگۈزدى. ئۇ خۇشاللىقىدا يەنە توققۇز تۆشۈككە توپ كىرگۈزمەكچى بولدى.

ئۇ 18 تۆشۈككە توپنى ئوڭۇشلۇق كىرگۈزدى. نەتىجىسى ھەرقانداق بىر گولف توپ ماھىرىنىڭكىدىنمۇ ياخشى بولغانىدى. بوۋاي خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي قالدى.

— سىز ئۇنى ئاشۇنداق جازالىدىڭىزمۇ؟ — پەرىشتە ئاچچىقىدا پەرۋەردىگاردىن سورىدى.

— شۇنداق، — دېدى پەرۋەردىگار، — ئويلاپ باقمامسەن، ئۇ ئاجايىپ نەتىجە قازاندى ھەم ئىنتايىن ھاياجانلاندى، بىراق ئۇنىڭ بۇ نەتىجىسىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان جازا بولامدۇ؟

ھەر قانداق ئادەم ھەمراھقا موھتاج، خۇشاللىق ھەم ئازابتا باشقىلار بىلەن ھەمدەم بولغان ياخشى. قانچىلىك خۇشال بولغان ياكى ئازابقا يولۇققاندا، ھەمدەم بولىدىغان ئادەمنىڭ بولماسلىقىنىڭ ئۆزىمۇ بىر جازا ئەمەسمۇ؟

تەلەپ:

(1) ماتېرىيال مەزمۇنىغا ئاساسەن نۇقتىئىنەزەر (مەركىزى ئىدىيە) نى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ.

(2) ژانىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ.

(3) مەزمۇنىغا ماس ماۋزۇ قويۇڭ.

(4) يازغان ئەسىرىڭىز تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(5) ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

(6) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قوللىنىلغان بولسۇن.

(7) ئادەم ئىسىملىرى ۋە يەر - جاي ناملىرىنى xx بىلەن ئىپادىلەڭ.

ئۈلگە:

## دوستىڭىز بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەمسىز؟

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

قەلبىنۇر سېيىتنىياز

كىشىلىك تۇرمۇشتا ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشايمىز. نۇرغۇن ئىشلىرىمىز ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ھەمدە بىزمۇ باشقىلارغا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز يوسۇندا تەسىر كۆرسىتىمىز. ئېرىشكەن ئۇتۇق، نەتىجە ياكى خۇشاللىقلىرىمىزغا ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭمۇ مەلۇم ھەسسىسى سىڭگەن بولىدۇ، بىر ئادەمنىڭ خۇشاللىقى بولسۇن ياكى خاپىلىق، ئەلەملىرى بولسۇن بۇنى ئۆز يېقىنلىرىمىز بىلەن دېيىشىش ئارقىلىق بەخت، خۇشاللىق ۋە قايغۇ - ھەسرەتلەرنى ئورتاقلىشىپ، خۇشاللىق كۆلكىسىنى تەڭ كۆلۈپ، قايغۇ - ئەلەملىرىگە تەسەللى بېرىشىپ ھەمدەمدە بولۇشىمىز. مۇشۇنداق ئۆزئارا تەسەللى بېرىشلەر، تۇيغۇ - ھېسلاردىن ئورتاقلىشىشلار دوستلار ئارا رىشتىنى چىڭىتىدۇ، ئۆزئارا چۈشىنىشكە يول ئاچىدۇ، ئاشۇنداق كۆڭۈل سىرلىرىنى، ئوي - پىكىرلىرىنى ئازادە دېيىشەلەيدىغان دوستلىرى بار كىشى ھەقىقىي بەختلىك

كىشىدۇر.

يېقىن دوستلار كۆڭۈلدىكى گەپلىرىنى ئۆزئارا دېيىشىپ تۇيغۇدا ئورتاقلىشالايدۇ، مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. قايغۇ - ئەلەملەردە تەسەللى، مەدەت بېرىشىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ كېتەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلسىمۇ ھېچقانچە تۇيۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار كۆڭۈل سىرلىرىنى، تۇيغۇلىرىنى دېيىشىدىغان، ئۆزئارا ئۈمىد - ئىشەنچ ئاتا قىلىشىدىغان ھەقىقىي دوستلار.

يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە بولغاندىچۇ؟ بۇ ھالەتنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا پېتىنالمايمەن، كۆڭۈلدىكى گەپلەرنى دېيىشىدىغان، قايغۇلىرىغا ئورتاقلىشىدىغان ئادىمى يوق ئىنسان نېمىدېگەن غېرىب، نېمىدېگەن بىچارە، يالغۇز - ھە!

بىز سىنىپتا ساۋاقداشقا، تۇرمۇشتا دوستقا، ياتاقتا ياتاقداشقا موھتاج بولىمىز، ياشاش جەريانىدا ئۇلار بىزگە بېرەلىگەن خۇشاللىقنى بىز ئۇلارغا ھەسسىلەپ ياندۇرۇپ بېرەلىسەك، ئۇلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلساق، بىر - بىرىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ياردەم قولىمىزنى سۇنالىساق، شەخسىي مەنپەئەتىمىزنى دوستلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئۈچۈن قۇربان قىلالىساق، ئاندىن دوستلۇقىمىزنى ساقلىيالىغان بولىمىز، بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار دوستلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، دوستلۇقنىڭ قەدىر - قىممىتى، دوستلۇقنىڭ مىزانلىرىنى قەتئىي چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار دوست دېگەن تونغا ئورىنىۋېلىپ، شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مەلۇم شەخسىي مۇددىئاغا يېتىۋېلىش ئۈچۈنلا باشقىلارغا يېقىنلىشىدۇ. شۇڭا بىز «پىيازنىڭ پوستى تولا، ئەخمەقنىڭ دوستى» دېگەندەك قارىغۇلارچە دوست تۇتماسلىقىمىز لازىم.

دېمەك، دوست بىز ئۈچۈن ئەينەك، بىز شۇ ئەينەكتىن ئۆزىمىزدىكى ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكلەرنى ئېنىق كۆرەلەيمىز، ئەينەكنىڭ ياردىمىدە شۇ كەمچىلىكلىرىمىزنى تۈزىتەلەيمىز. دوستىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن كۆڭلىمىزنى توق تۇتالايمىز، ئۆزىمىزنى كەينىدە مەدەتكارى باردەك ھېس قىلالايمىز، ھەر قانداق قىيىن ھەم ئېغىر كۈنلەرنىمۇ، مۇشكۈلات بىلەن تولغان يوللارنىمۇ دادىللىق بىلەن باسالايمىز. چۈنكى، ئاشۇنداق دوستلىرىمىزنىڭ بولغانلىقى بىزنىڭ بەختىمىز.

# هەمراھ ـ ئەڭ زور بايلىق

## (مۇھاكىمە ماقالىسى)

قاۋۇلجان پاشا

دوستۇم، ھەمراھ دېگەن زادى نېمە؟ سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

بۇ سوئالنى ئوتتۇرىغا قويغىنىڭىزدا بەزىلەر سىزنى بىر دۆت ئەخمەق ئىكەن، ھەمراھنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن دەپ مەسخىرە قىلىشى مۇمكىن، يەنە بەزىلەر ھەمراھ دېگەن ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنى ئۆلىغۇچى ئۆمۈرنىڭ ئەڭ چوڭ سوۋغىسى دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە بۇ جاۋابلارنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى بار. بىراق بىرئاز يۈزەكى بولۇپ قالىدۇ، خالاس. مېنىڭچە ھەمراھ دېگەن دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ، جان ـ جانىۋارلارنىڭ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر بايلىق.

ھەمراھ دېگەندە مۇنداق بىرقانچە نۇقتىلار ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ. ئىنسانلار تۇرمۇشىنى ئالساق، ئەڭ ئاددىيسى بىر ـ بىرگە تايىنىپ، ئەۋلادنى ئەۋلادقا ئۇلايدىغان مەڭگۈلۈك ھەمراھنى، كەسىپدىشى دېگەندەك ھەمدەم بولىدىغان يېقىن ئادىمىنى، جانىۋارلارنى ئېلىپ ئېيتساق بىر ـ بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بىر جۈپ ھەمراھنى كۆرسەتسە، ئۆسۈملۈكلەرنى ئېلىپ ئېيتساق خۇش پۇراق ھىدىنى كەڭ جاھانغا چېچىپ گۈزەللىك ئاتا قىلىدىغان چاڭدانىنى كۆرسىتىدۇ.

ھايات يولى ئەگرى ـ توقاي، جاپالىق، ئىنسانلار ئاشۇ جاپا ـمۇشەققەتلەرگە باش ئەگمەي كىشىلىك تۇرمۇش يولىنى تاپقۇچى كومپاس. كونىلاردا «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. ئادەم كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەمراھتىن ئايرىلالمايدۇ. بۇنداق دېسەم ھەمراھ بولمىسىمۇ پۇلىڭىز بولسا يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ يۈرسىڭىز كۆڭلىڭىز خۇش ئۆتىدۇ، دەپ قالماڭ. ئەنە شۇ پۇلدىن ئىبارەت ئىنسانلار تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ماددىي بايلىق بولغاچقىلا، سىز ئەيش ـ ئىشرەت، ئويۇن ـ تاماشىنى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلىپ يۈرۈۋاتىسىز. ئەگەر سىزنىڭ قېشىڭىزدا بىر موچەن پۇل يوق ۋاقتىڭىزدا ئىچىڭىز پۇشۇپ قەلبىڭىزنى بىر نەرسە، ياق بىر ياۋۇز مەخلۇق غاجىلاۋاتقاندەك بىئارام بولىسىز. شۇ ۋاقىتتا تۇيۇقسىز بىرەر دوستىڭىز ياكى كەسىپدىشىڭىز كىرىپ كەلسە، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ، كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ ئەركىن ـ ئازادە بولۇپ قالىسىز. مانا بۇ ھەمراھنىڭ سىزگە

ئېلىپ كەلگەن ئەڭ چوڭ روھىي بايلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى ماقال - تەمسىلدە ئېيتىلغاندەك مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئارزۇ - ئارمىنىغا يېتىشتە مەلۇم بىر ۋاستە كونكرېت رول ئوينىغان.

دوستۇم، سىز بىر ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندىڭىز، يولدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ماشىنىڭىزنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالدى. باشقا چوڭ چاتاق يوق، پەقەتلا كىلاپانغا ماي كەلمىگەنلىكتىن، ماشىنىنى ئىتتىرىشكە توغرا كەلدى، ئەمما ماشىنىنى ئىتتىرىدىغان ياكى ھەيدەيدىغان بىرەر ھەمراھ قېشىڭىزدا يوق. بۇ چاغدا سىز ھەمراھنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلار تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىسىز. دۇنيانىڭ بۈگۈنكە قەدەر بۇنداق غايەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىنى ھەمراھنىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئاشۇ ھەمراھ بولغاچقىلا، ئەۋلادلار ئەۋلادلارغا ئۇلىشىپ ئىنسانلارنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمىدى. ئاشۇ ھەمراھلار بولغاچقىلا، ئۆز مېھنىتى ئارقىلىق خۇشخۇي ھىدىنى كەڭ جاھانغا تارىتىپ سىزنى گۈزەللىكتىن مەھرۇم قىلمىدى. ئۆزىنىڭ قوغداش ئىلاھى بولغان يوپيۇرماقلىرى ئارقىلىق زەھەرلىك گازلارنى سۈمۈرۈۋېلىپ، ساپ مۇھىتتا ساغلام چوڭ بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىڭىزغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ئاشۇ ھەمراھ بولغاچقا، تۇرمۇشتىكى ھەرخىل زىيانداش ھاشاراتلار يوقىلىپ، سىزنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئېھتىياجىڭىز قېنىپ كەلمەكتە.

دوستۇم، شۇڭا ھەمراھنى ھەقىقىي تونۇپ يېتەيلى، ئۇنى پەقەت يۈزەكى نۇقتىئىنەزەر بويىچە چۈشىنىۋالماي ۋە مۇئامىلە قىلماي ئۇنىڭ مەۋجۇداتلىقىتىكى ئەڭ زور بايلىق ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويمايلى. قېنى ئەمىسە، ماڭا قول بېرىڭلار، مەنمۇ سىلەرنىڭ يېقىن ھەمراھىڭلار بولالايمەن.

## خۇشاللىق ۋە ئازاب مەڭگۈلۈك ئەمەس

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

بۇرابىيەم ئەنۋەر

ئادەم دۇنيادا ياشىغانىكەن، نۇرغۇنلىغان ئىشلاردىن خۇشال بولىدۇ، يەنە نۇرغۇنلىغان ئىشلاردىن ئازابلىنىدۇ.

ئادەم ياشاش جەريانىدا تۈرلۈك ياخشى ئىشلارغا ئۇچرايدۇ ۋە ياخشى

نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ھەر قانداق ئادەمنىڭ خۇشال بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. ئادەم يەنە ياشاش جەريانىدا ئۆزى ئويلاپ باقمىغان قىيىنچىلىقلارغا، مۇشكۇلاتلارغا، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئادەمنىڭ ئازابلىنىشىمۇ ئىنتايىن تەبىئىي ئەھۋال. ھەرقانداق ئادەم تۇرمۇشتا ئازابلىنىمەن دەپ ئازابلىنىپ، خۇشال بولىمەن دەپ خۇشال بولالمايدۇ. خۇشال بولغان ئادەمنىڭ ئازابلىنىشى، ئازابلانغان ئادەمنىڭ خۇشاللىقتا ئۇچرىشى تەبىئىي.

دۇنيادا مۇتلەق نەرسە بولمايدۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «كۈلگەنلەر كۈلۈۋەرمەيدۇ، يىغلىغانلار يىغلاۋەرمەيدۇ!» ئەڭ مۇھىمى، بىز ئوڭۇشسىزلىق ۋە خۇشاللىققا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا خۇشال بولغاندا مەغرۇرلىنىپ كەتمەيدىغان، ئازابلىق ئىشلار بولسىمۇ، ئازابلىنىپ ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويمايدىغان بولالايمىز.

سىزچە، دۇنيادىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىش ۋە ئەڭ ئازابلىق ئىش نېمىدۇر؟ بەلكىم سىزمۇ بۇنى ئويلاپ باققان بولۇشىڭىز مۇمكىن... مېنىڭچە، دۇنيادىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىش ئادەم خۇشال بولغاندا خۇشاللىقىنى تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان، ئازابلانغاندا تەسەللى بېرىدىغان يېقىن ھەمراھى بولۇشىدىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك دۇنيادىكى ئەڭ ئازابلىق ئىش ئادەم خۇشال بولغاندا ۋە ئازابلانغاندا يېنىدا بىرەر ھەمراھىنىڭ بولماسلىقىدۇر.

مېنىڭ بىر دوستۇم ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئۆتكەن چاغدا ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ئۇنىڭدىن بەكمۇ پەخىرلىنىپ، ئۇنىڭغا يەنىمۇ ئىلھام بەردى. يەنە بىر دوستۇم ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئۆتكەندە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كۈلىدىغان ئادەم چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئازابقا ئالماشتى، ئەسلىدە ئۇ كۈلۈشكە تېگىشلىك ئىدى، ئەمما كۈلەلمىدى، ئەكسىچە ئازابلاندى.

مانا يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئادەم دۇنيادا ئادىمىيلىك قەدىر - قىممىتى بىلەن ياشاپ، باشقىلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلالايدىغان، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىدىن ئۆزىمۇ تەڭ بەھرىمەن بولالايدىغان، باشقىلارنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن قىلدۇرالايدىغان چاغدىلا ئۆزىمۇ خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ. ئادەم ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئويلاپ باشقىلارنى ئويلىمىغاندا، كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ قالىدۇ - دە، تېخىمۇ ئازابلىنىدۇ.

دېمەك، بىز ياشاش جەريانىدا، ئادىمىيلىك قەدىر - قىممىتىمىز بىلەن ياشاپ، ئۆزىمىزنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئويلاپ ئىش قىلىشىمىز، خۇشاللىقتىن

مەغرۇرلىنىپ كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىمىز، قىيىنچىلىق ۋە ئازابتىن ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

ھەممەيلەنگە ئايان بولسۇنكى، خۇشاللىق ۋە ئازاب مەڭگۈلۈك ئەمەس. خۇشاللىق بار يەردە ئازاب بولىدۇ. ئازاب بار يەردە خۇشاللىقمۇ بولىدۇ. مۇھىمى، بىزنىڭ ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزدا. خۇشال بولغاندا بىزدىن سۆيۈنىدىغان، پەخىرلىنىدىغان، خۇشاللىقىمىزغا تەڭكەش بولىدىغان دىلكەش دوستىمىز بولمىسا، ئۇنداق خۇشاللىقنىڭ نىمە لەززىتى بولسۇن؟! «ئادەم — ئادەم بىلەن ئادەم»، شۇڭا خۇشاللىقىمىزغا ئورتاقلىشالايدىغان، ئازابىمىزنى تەڭ تارتالايدىغان دوست ئىزدەيلى، بىز ھەممىمىز دوستقا موھتاج.

## V يېزىقچىلىق سوئالى (55 نومۇر)

25. بېرىلگەن پارچىنى ئوقۇپ، يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

### دۇنيانى كۆڭۈل بىلەن كۆرۈش

دۇنيا خىلمۇخىل، بىزنىڭ دۇنيايىمىزمۇ ئوخشاش ئەمەس ھەم مۇكەممەلمۇ ئەمەس. مەسىلەن، بەزىلەر دۇنيانى كۆزى بىلەن كۆرسە، بەزىلەر كۆڭلى بىلەن كۆرىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ يېڭى جېرسىي ئىشتاتى موللىس شەھىرىدىكى ياش يىگىت دانىيېل كېلىشمەسلىككە يولۇقۇپ كۆزىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خۇددى دۇنيا گۇمران بولغاندەك، ھايات مۇساپىسى ئاخىرقى چەككە كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالىدۇ. ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوستلىرىنىڭ كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلىشى ئارقىسىدا، ئۇ ئاخىر ئەمالار مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇشقا كۆنىدۇ.

دانىيېل مەكتەپكە كەلگەن كۈنى، ئۇنى بىر يىگىت يېڭى ياتىقىغا باشلاپ كىرىدۇ ھەم شۇنچىلىك سالماقلىق بىلەن دانىيېلغا ئۆي ئىچىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىدۇ:

— چامادانىڭنى سول تەرەپتىكى بۇلۇڭغا قويدۇم، بۇلۇڭنىڭ يېنىدىلا كىيىم ئىشكاپىڭ بار، بىرىنچى تارتمىسىغا گالستۇكىڭنى، ئىككىنچى تارتمىسىغا كۆڭلىكىڭنى قويساڭ بولىدۇ. ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىدە كارىۋات بار. كارىۋاتنىڭ ئالدىدىن ئالتە قەدەم كېلىدىغان جايدا ئۆينىڭ ئىشىكى بار، ئىشىكتىن چىقىپ بىر قەدەم ماڭساڭلا پەلەمپەي، ئۇنىڭ 13 باسقۇچى بار. سائەتنى توغرىلاپ قويدۇم، سائەت 6 بولغاندا جىرىڭلايدۇ، شۇ چاغدا ئىشىكتىن چىقىپ، پەلەمپەيدىن ئاۋايلاپ چۈشۈپ، ئوڭغا بۇرۇلۇپ كارىدورنى بويلاپ ماڭساڭ تاماقخانىغا كىرىسەن.

يىگىت ھەممىنى تاپىلاپ بولۇپ، دانىيېلنىڭ مۈرىسىنى يېنىك قېقىپ تۇرۇپ:

— بولدى، ئەمدى ئارام ئېلىۋال، مەن چىقىپ كەتتىم، — دېدى.

— بىراق، — دېدى دانىيېل جىددىيلىشىپ، — مېنى يالغۇز تاشلاپ قويساڭ بولمايدۇ. مەن ئۈچۈن تۆت ئەتراپ قاراڭغۇلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەجەبا،

بۇنى بىلمەمسەن؟

يىگىت دانىيلنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇرادەر، ئەما بولۇپ قېلىش چوڭ ئىش ئەمەس، سەن دۇنيانى كۆڭلۈڭدە كۆر، قولۇڭدا تۇت، پۇتۇڭدا دەسسەپ ماڭ. ھە راست، ساڭا دېيىشنى ئۇنتۇپتىمەن، مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا ئەما.

(«تەرمىلەر» 2007 - يىلى 9 - سانىدىن ئېلىندى)

تەلەپ:

(1) ماتېرىيال مەزمۇنىغا ئاساسەن نۇقتىئىنەزەر (مەركىزىي ئىدىيە) نى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ.

(2) ژانىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ (شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ).

(3) مەزمۇنىغا ماس ماۋزۇ قويۇڭ.

(4) يازغان ئەسىرىڭىز تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(5) ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

(6) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلغان بولسۇن.

(7) ئادەم ئىسىملىرى ۋە يەر - جاي ناملىرىنى XX بىلەن ئىپادىلەڭ.

ئۈلگە:

## كۆڭۈلنىڭ كۆزى

(مۇھاكىمە ماقالىسى )

بۇمەريەم ئېلى

دۇنيا رەڭگارەڭ، دۇنيادىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرمۇ نۇرغۇن، دۇنيانى رەڭگارەڭلىككە ئىگە قىلغان، ئاشۇ نۇرغۇن شەيئىلەرنىڭ بەزىلىرىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ ئۇنىڭغا نىسبەتەن تونۇش ۋە چۈشەنچە ھاسىل قىلىمىز. ئەمما بەزى نەرسىلەرنى كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمەيمىز، ئۇنى قەلب كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تونۇش ھاسىل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، بىز كۆڭۈل كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن شۇ شەيئى كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن نەرسىلەردىنمۇ مۇھىم بولۇشى مۇمكىن.

«گەر كىم بولمىسا مېھىر - ۋاپاسى، ئەگەر ئۇ خۇرشىتتۇر ئاندىن نە

ھاسىل.» ھەقىقەتەن توغرا، ئادەم ئۇچۇن ھەممىدىن مۇھىمى قەلب گۈزەللىكى، ئەگەر چىرايى گۈلدەك بولغىنى بىلەن قەلبى گۈزەل بولمىسا، ئۇ بوياقچىنىڭ رېڭىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، كىشىلەر ھەقىقىي گۈزەللىكنى كۆرەلمەيدۇ. بەلكى ھېس قىلىدۇ. ئۇنى ھېس قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى كۆز بىلەن ئەمەس، كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز كۆزىمىز بىلەن پەقەت شەيئىلەرنىڭ سىرتقى ھالىتى ۋە سىرتقى گۈزەللىكىنى كۆرەلەيمىز، خالاس. ئەمما، قەلبىدىكى گۈزەللىك ۋە چىن نەرسىلەرنى ھامان كۆزىمىز بىلەن كۆرۈشكە ئاجىزمىز.

كۆزى كۆرەلەيدىغانلار دۇنيادىكى ماددىي نەرسىلەرنىڭ سىرتقى گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنالىغانغا ئوخشاش قەلب كۆزى روشەنلەر باشقىلارنىڭ چىن قەلبىنى، گۈزەل ئىچكى دۇنياسىنى كۆرەلەيدۇ. شەيئىلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى ئەمەس، ئىچكى ماھىيىتىنى، ھاياتنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالايدۇ. ھاياتنىڭ تېخىمۇ گۈزەللىكىنى چىن مەنىسىدىن كۆرەلەيدۇ.

كۆزى كۆرەلمەيدىغانلار دۇنيانىڭ سىرتقى گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىشتىن مەھرۇم قالغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ قەلب كۆزى روشەن بولسا، ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرەلەيدۇ ھەم ئۇنىڭدىن تولۇق بەھرە ئالالايدۇ. ھەتتا باشقىلار كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى كۆرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلەر ئۆزىنىڭ قەلب كۆزى بىلەن كۆرگەن ئاشۇ نەرسىلەرنى باشقىلارغىمۇ بىلدۈرۈشكە قادىر بولىدۇ.

تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، قەلب كۆزى ئىنتايىن روشەن، ئەمما كۆزى كۆرەلمەيدىغان، كۆزىنىڭ كۆرەلمەسلىكى ئۇنىڭ قەلب كۆزىنىڭ روشەنلىكىگە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن، ھەتتا كۆزىنىڭ كۆرەلمەيدىغانلىقى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ بارغان نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بار. ئۇلار ئۆزىنىڭ كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى مۇجەسسەملەپ، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ بارغان. نەتىجىدە كۆزى ھەممە نەرسىنى كۆرەلەيدىغانلاردىنمۇ ياخشى نەتىجە قازىنىپ، ئەتراپىدىكىلەرنى تاڭ قالدۇرغان. گەرچە ئۇلارنىڭ كۆزى كۆرەلمىسىمۇ، ھەممە نەرسىلەرگە كۆڭۈل كۆزى بىلەن قارايدۇ. نورمال ئادەملەرگە قارىغاندا ئىككى ھەسسە ھەتتا نەچچە ئون ھەسسە يۇقىرى بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر قەدەمدە بىر يولىنى توسۇپ تۇرۇۋاتقان نەرسىلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۇزۇكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەن. بۇ ئىلگىرىلەش داۋامىدا ئۇلار مول بىلىمنىڭ ئىگىسىگە، داڭلىق شائىر ۋە ئەربابلارغا ئايلانغان. ئۆزىنىڭ كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەتبىقلاپ، ئۆز ھاياتىنى تېخىمۇ مول مەنىلەرگە ئىگە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقىلارغا ئۈلگە تىكلىيەلىگەن.

دېمەك، بىزنىڭ جىسمىمىزنى مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىدىغان كۆزىمىزنىڭ بولۇشى بىز ئۈچۈن مۇھىم بولغىنىدەك رەڭلەرنىڭ، سىرتقى گۈزەللىكنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ھەقىقىي قىياپەت ۋە گۈزەللىكنى كۆرەلەيدىغان كۆڭۈل كۆزىنىڭ بولۇشىمۇ ناھايىتى مۇھىم، چۈنكى بىزدە كۆز بولغىنى بىلەن روشەن كۆڭۈل كۆزى بولمىسا بىزنىڭ كۆرەلەيدىغىنىمىز پەقەت رەڭلەر دۇنياسىدىن ئىبارەت. چۈنكى بىز كۆزىمىز بىلەن قەلب يوشۇرۇنلۇقىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈشكە ئامالسىز. پەقەت كۆزىمىزگە يانداشقان كۆڭۈل كۆزىمىز بولغاندىلا، بىز دۇنيانىڭ سىرتقى گۈزەللىكىدىن بەھرىمەن بولۇپلا قالماي كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان، ئەمما بىزنىڭ ھاياتلىق سېپىرىمىزدە ناھايىتى مۇھىم بولغان گۈزەللىك دۇنياسىدىنمۇ قانغۇچە بەھرە ئالالايمىز. چۈنكى بىزدە «دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى چىن مەنىسىدىن ھېس قىلاي، باشقىلارغا توغرا باھا بېرەي دېسەڭ ئۇنىڭغا كۆزۈڭ بىلەن ئەمەس، كۆڭۈل كۆزۈڭ بىلەن قارا» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ ؟!

## كۆڭۈل كۆزى دۇنيانى كۆرۈشكە قادىر

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

نىزام ھەمدۇللا

سىز ھاياتقا بەختسىزنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتكە، دەرد - ھەسرەتكە، ئۈمىدسىزلىككە تولغان نىدالىق كۆزى بىلەن قارىسىڭىز، ئۇ سىزگە تولىمۇ زېرىكىشلىك، مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭغا خۇشاللىق، گۈزەللىككە قارايدىغان، ئىشەنچكە تولغان نۇرانە كۆزىڭىز بىلەن باقسىڭىز، ئۇ سىزگە تولىمۇ رەڭگارەڭ، گۈزەل بىلىنىدۇ.

دەرۋەقە دوستۇم، ھايات مانا شۇنداق خىسلەتلىك ھەم جەزبىلىك. بەزىدە ئۇ ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك قارا بورانلىرى بىلەن سىزنى ھالسىزلاندۇرىدۇ، يەنە بەزىدە ئۆزىنىڭ تىپتىنچ، تەمكىن خۇلقى بىلەن سىزنى مۇڭلاندۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ بەلگىسىز يوللىرىدا سىزنى تالاي قېتىم يىقىتسا، يەنە بەزىدە چەكسىز شان - شەرەپلەرگە نائىل قىلىپ، زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرىدۇ.

ئۇنداقتا دوستۇم، نېمە ئۈچۈن بەزىلەر غەلىبە مارشىنى ياڭرىتىپ مەردانە تۇرالايدۇ، يەنە بەزىلەر ھاياتنىڭ مۇشكۇلاتلىرى ئىچىدە مەڭگۈلۈك غەپلەت ئۇيقۇسىدا قالىدۇ؟

بۇنى چوقۇم ئويلاپ بېقىش لازىم. چۈنكى دۇنيادا بىر ئۆمۈر مەغلۇپ بولۇشنى، بىر ئىش قىلغاندا نەتىجىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئويلايدىغان ئادەم بولمىغىنىدەك، غەلىبىگە ئېرىشىپ شەرەپ قۇچۇشنى ئويلىمايدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك. مېنىڭچە، ئاشۇ غەلىبە قىلغانلار، زەپەر قۇچۇپ يۈرگەنلەردە بىر ئارتۇقچىلىق بار، ئۇ بولسىمۇ ئۈزۈكسىز ئىزدىنىدىغان، ئىلگىرىلەيدىغان بوشاشماس روھ، تەۋرەنمەس ئىرادە، ئۇلار ئەنە شۇنداق تىنىمسىز ئىلگىرىلەشلەرگە تايىنىپ ئاز بولمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئەمما بىر قېتىم مەغلۇپ بولغانلار تېڭىرقاشلار ئىچىدە ھالسىزلىنىپ، تۇرۇشقا مادارى يەتمىدى، مانا بۇلار ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى، ئۇلارنىڭ ھايات يولىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق كۈنگە قېلىشىنى تەقدىرگە ئارتىپ قويدى. ئاشۇنداق نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە، ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىگە پىسەنت قىلمىدى. خاتالىق ئۈستىدە ئىزدەنمىدى، شۇڭا ئۇلار ئەبەدىي مەغلۇبىيەتچىلەر سېپىدىن ئورۇن ئېلىپ، چەكسىز دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن كېمىگە ئوخشاش نىشانسىز ئېقىپ يۈردى. بەلگىسىز يولدا نىشاندىن ئاداشقان يولۇچىغا ئوخشاش يىقىلغان ئورنىدىن تۇرالماي غەپلەتكە پاتتى. ئۇلار شۇنداق ياشىغانچە نام - نىشانسىز ئالەمدىن كېتىپ بارماقتا، ئەۋلادلار قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئۆچمەكتە.

شۇڭا، ھەممىمىز دۇنيادا ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۆزىمىزنىڭ بىر كىشىلىك قىممىتىمىزنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈشىمىز، مەغلۇبىيەتنىڭ غەلىبىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. بىرقانچە قېتىملىق مەغلۇبىيەت سەۋەبىدىن يىقىلغان ۋاقتىمىزدىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن، نىشانىمىزدىن ۋاز كەچمەستىن، ئورنىمىزدىن قايتا تۇرۇشىمىز كېرەك. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، كىچىكىڭىزدە تالاي قېتىملاپ يىقىلىپ ئورنىڭىزدىن تۇرغانسىز، شۇڭا غەيرەتلىك بولۇڭ، توختىماي ئىلگىرىلەڭ، ھەربىر كۈننى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىڭ. چۈنكى قانداق ياشاش قانچىلىك ياشاشتىن مۇھىم. شۇندىلا سىزگە بەخت قۇچاق ئاچقۇسى، ھايات مەنزىلىڭىز گۈللەر بىلەن پۈركەنگۈسى.

## V يېزىقچىلىق سوئالى (55 نومۇر)

«1989 - يىلى ئامېرىكىنىڭ لوس ئانژېلېس شەھىرىدىكى بىر قېتىملىق يەر تەۋرەشتە تۆت مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 300 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى. قالايمىقانچىلىق ۋە خارابىلىكتە ئايالنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان ياش دادا يەتتە ياشلىق ئوغلى ئوقۇۋاتقان مەكتەپكە يۈگۈردى. بالىلارنىڭ كۆلكە سادالىرى بىلەن تولغان چىرايلىق ئۈچ قەۋەتلىك سىنىپ بىناسى خارابىلىككە ئايلانغانىدى.»

سىزنىڭچە، شۇ چاغدا دادا قانداق قىلار؟ شۇ چاغدىكى دادىنىڭ ھېسسىياتى قانداقتۇ؟ بالا مۇبادا ھايات بولسا خارابىلىكتە نېمە ئويلاۋاتقاندۇ؟ قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقاندۇ؟

تەلەپ:

(1) ماتېرىيال مەزمۇنىغا ئاساسەن نۇقتىئىنەزەر (مەركىزىي ئىدىيە) نى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ.

(2) ژانىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ (شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ).

(3) مەزمۇنىغا ماس ماۋزۇ قويۇڭ.

(4) يازغان ئەسىرىڭىز تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(5) ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

(6) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلغان بولسۇن.

(7) ئادەم ئىسىملىرى ۋە يەر - جايناملىرىنى ×× بىلەن ئىپادىلەڭ.

ئۈلگە:

### خارابىلىكتىكى مۇھەببەت

(بايان ماقالىسى)

مېھرىبانگۈل قارى

زىمىن قاتتىق تىترىمەكتە، پۈتكۈل كائىنات قانداقتۇر بىر شۇملۇقنىڭ بېشارىتىنى سېزىۋاتقاندەك، ھەممە چوڭقۇر سۈكۈت ۋە قورقۇنچلۇقتا ئاستا تىترىمەكتە، سىلكىنمەكتە.

مانا بۇ خىل سىلكىنىش بارغانسېرى كۈچىيىپ ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى پۇچىلاشقا باشلىدى. كىشىلەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىر - بىرىگە قاراپ نە ۋارقىراشنى، نە قېچىشنى بىلەلمەي ئۈنسىز تېپىرلايتتى.

كىشىلەرگە خۇددى ئاسمان گۈمبىزى ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك، پۈتكۈل زېمىن نىشانسىز چۆرگۈلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. نېمە بولدىكىن تاڭ شەرق تەرەپتىن ئاڭلانغان قىيا - چىيا ئاۋازدىن تېخىمۇ جىددىيلەشكەن كىشىلەر يەنىمۇ بەكرەك تېپىرلىشىپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئۇيان - بۇيانغا قېچىشقا باشلىدى. ئەسلىدە بۇ يەر تەۋرەش ئاللىقاچان باشلانغان بولۇپ، ئېرىق تەرەپتىكى قورۇننىڭ تاملىرى ئۆرۈلۈشكە باشلىغانىكەن. ئاپلا - ئاپلا دېيىشەتتى كىشىلەر، ھەممىنىڭ كۆزىدىن بىرخىل مۇڭ ۋە سولغۇنلۇق نىدالىرى چاقناپ تۇراتتى.

«گۇلدۇراس» قىلغان ئاۋاز بىلەن قورۇ پۈتۈنلەي ئۆرۈلدى، قورۇننىڭ ئەتراپىدا پاتىپاراقچىلىقتا بىر - بىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان قېرىلار، نىجاتلىق - ھاياتلىققا تەلپۈنۈۋاتقان باللار، ئۆز قېرىنداشلىرى ئوتىدا پۇچىلىنىۋاتقان دادىلار ۋە ئانىلار قاتتىق ساراسىمىدە، ئاپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا قاتىرماقتا. 35 — 40 ياشلار ئەتراپىدىكى كېلىشكەن، تەمبەل، چىرايىدىن سولغۇنلۇق، جىددىيلىك، قورقۇنچ چىقىپ تۇرىدىغان بىر دادا ئالاقزەدىلىك ئىچىدە خارابىلىك ئىچىدىكى ئىزنالاردىن كۆمۈلۈپ قالغان ئۆز رەپىقىسىنى ئىزدىمەكتە، قىيا - چىيا، پۈت قوللىرىدىن قان ئېقىپ تۇرغان كىشىلەر، نىجاتلىققا تەلپۈنگەن سانسىز كۆزلەر قېتىلىپ بۇ يەرنى خۇددى قىيامەت مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئالاقزەدىلىك ئىچىدە تېنەپ - تەمتىرەپ كېتىۋاتقان بۇ دادا خارابىلىكتىن ئۆتۈپ ئاخىر ياغاچ - بادرىلار ئارىسىدا يىقىلىپ قالغان ئايالىنى بايقىدى - دە، يۈرىكى قورقۇنچتىن ئېغىپ كەتتى. چۈنكى ئايالى ئۈستى گۈمۈرۈلۈپ كەتكەن ئۆيدە، بىر پۇتى ياغاچ ئاستىدا قېلىپ، قاتتىق ئېڭراۋاتاتتى. ئۇ دەرھال ئايالىنىڭ پۇتىنى بېسىپ تۇرغان ياغاچنى كۆتۈرۈپ، پۇتىنى ياغاچ ئاستىدىن چىقاردى. ھەر ھالدا يۈرىكى سەل ئارامىغا چۈشكەن بۇ دادا ئايالىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ تولىمۇ تەستە خارابىلىكتىن ئۆتۈپ، تىنچ، خالىيراق بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرماقچى بولۇپ، نىشان ئىزدەپ كېتىپ باراتتى. ئايالىنىڭ كۆزىدىن ئېقىۋاتقان قان - ياش، ئېرىدىكى ئالاقزەدىلىك، كىشىلەر تويىدىكى ساراسىمىلىك بۇ مەيداننى تولىمۇ ئېچىنىشلىق تۈستە كۆرسىتىۋاتاتتى. ئايالىنى خارابىلىك ئارقىسىدىكى جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دادىنىڭ خىيالى تۇيۇقسىز ئوغلىغا يۆتكەلدى - دە، يۈرىكىنى

چىم قىلىپ بىر نەرسە چېقىۋالغاندەك چۆچۈپ كەتتى، شۇ ھامان ئوغلى ئوقۇۋاتقان مەكتەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەشلىرى خۇددى «ئوغلۇم! ئوغلۇم! ئوغلۇم!... » دەپ نىدا قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. دادا يىراقتىن ئوغلى ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ ئىزناسىنى كۆرگەندەك بولدى - دە، يۈرىكى تېخىمۇ گۈپۈلدەپ سېلىشقا باشلىدى. ئوغلۇم! ئوغلۇم! - دەيتتى ئۇ، ئۈنسىز نىدا قىلىپ.

مانا ئاخىر مەنزىلگە يېتىپ كەلدى، ئەپسۇس دادا كۆلكە سادالىرى بىلەن تولغان چىرايلىق ئۈچ قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسىنى ئەمەس، بەلكى چەكسىز قىيا - چىيا، ئالاقزەدىلىك بىلەن تولغان خارابىلىكنى كۆرۈپ «ئوغلۇم! ئوغلۇم!» دەپ توۋلىغىنىچە خارابىلىككە بۆسۈپ كىردى - دە، لىم، ياغاچلارنى ئىتتىرىشكە باشلىدى. ئۇ شۇنچە زورۇققان بولسىمۇ، ھېچقانچە ئىلگىرىلىيەلمىدى. چۈنكى، بۇ يەردە يەر تەۋرەشتىن ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىدا دەرس ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋاتقان بولغاچقا، يەر تەۋرەشتىن قۇتۇلۇپ قالغانلار ناھايىتىمۇ ئاز ئىدى، نۇرغۇنلىغان سەبىي، گۆدەكلەر بۇ خىل تۇيۇقسىز كەلگەن ئاپەتتىن چۆچۈگىنىچە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، كۆپىنچىسى قېچىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئاپەتنىڭ قۇربانىغا ئايلانغانىدى. خارابىلىكتە قەدەمدە بىر ئۇچراۋاتقان ياردارلار، ئۆلۈكلەر، مېيىپلار، پۈتكۈل ئەزايىدىن قان تەپچىپ تۇرۇۋاتقان بىمارلار كىملەرنىڭدۇر كېلىپ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. دادا كىملەرنىدۇر قۇتقۇزاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز خارابىلىكتىن قايتىپ چىقتى - دە، ئەتراپتىكى ئاپەتتىن ساقلىنىپ قالغان كىشىلەرگە تېزدىن خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئاپەتتىكى كىشىلەرنى جىددىي قۇتقۇزۇشقا تۇتۇش قىلدى. بۇ يەرگە بىردەمدىلا كۆپلىگەن ئادەملەر يىغىلىپ، خارابىلىكتە كۆمۈلۈپ تىنىقى توختىغان، ياريلانغان بىمارلارنى سىرتقا ئاچىقىشقا باشلىدى. سەبىيلەرنىڭ كۆزىدىن ئېقىۋاتقان قان - ياش ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى. دادا ئۈن - تىنسىز ھالدا قۇتقۇزۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھە دەپ ئوغلىنى ئىزدەيتتى، ئەتراپقا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپ سالاتتى. ئۇ خېلى كۆپ باللارنى ئۇچراتتى، قۇتقۇزۇپمۇ چىقتى، ئەمما ئوغلى ھېچ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى ھېس قىلغاندەك ئېغىپ كەتتى. «بالام، سەن نەلەردىمۇ قالغانسەن؟ خۇدا سېنى ساقلىغاندۇ ــ ھە! ئوغلۇم، غەيرەت قىلغىن، دادالڭ سېنىڭ يېنىڭغا ھازىرلا بارىدۇ، ئوغلۇم، مېنى كۈتكىن»دادا شۇنداق دېگىنىچە ئىزدەشنى يەنىمۇ تېزلەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئەتراپتىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەر كۆرۈنمىدى، نالە - پەريادلارمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ شۇ تاپتا ھەممىنى ئۇنتۇپ

ئوغلىنى ئىزدەشكە كىرىشكەنىدى. تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بىر ئاۋاز ئۇنى توختاتتى، ئۇنىڭ يېنىدىكى تامدىن بېشى چىقىپ قالغان بىر بالا «تاغا، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ!» دەپ ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتاتتى. دادىنىڭ يۈرىكى تۈز سەپكەندەك ئېچىشتى، دەرھال بالىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى مىڭ تەستە قۇتقۇزۇپ، بىخەتەر جايغا ئېلىپ چىقتى. ئەمدى ئۇ چوقۇم ئوغلىنى قۇتقۇزۇشى كېرەك ئىدى، «كەچۈرۈڭلار، مەن ئوغلۇمنى تاپاي، ئۇ بەلكىم مېنى ساقلاۋاتقاندۇ» ئۇ ياردەمگە ئېھتىياجلىقلاردىن شۇنداق كەچۈرۈم سورايتتى - دە، ھە دەپ ئوغلىنى چاقىراتتى: «ئوغلۇم، سەن نەدە؟! ئوغلۇم!...» ئۇ يۈگۈردى، ياماشتى، ئۆمىلىدى، توپا - چاڭغا كۆمۈلدى، ئۇنىڭ قول - پۇتلىرى قانىدى، تىزلىرى سۈرۈلدى. «ئوغلۇم! بالام سەن نەدە؟! ئوغلۇم!...» ئۇ ماڭدى، سىلجىدى، توختىماستىن تۇۋلاۋەردى. «جان بار يەردە ئۈمىد بار» دېگەندەك ئاخىر مۆجىزە يۈز بەردى، ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردىن ئوغلىنىڭ «دادا!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. دادا شۇ تەرەپكە قاراپ ئېتىلدى. دادا يۈگۈرۈپ كېلىپ بالىنىڭ پۇتىنى بېسىۋالغان ئىشىكنى كۆتۈرۈپ ئالدى - دە، بالىنى كۆتۈرۈپ باغرىغا مەھكەم باستى. بالا «دادا!» دېگىنىچە ئۆزىنى دادىنىڭ ئىللىق باغرىغا ئاتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا پۈتكۈل كائىنات چۆرگىلەۋاتقاندەك، زېمىن خۇشاللىقتىن سەكرەۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

دادا بالىنى كۆتۈرگىنىچە خارابىلىك سىرتىغا چىقتى ۋە ئۇنى ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ قويۇپ: «بالام، سەن بۇ يەردە ئارام ئېلىپ تۇرغىن، مەن باشقا بالىلارنى قۇتقۇزۇشقا باراي» دېگىنىچە خارابىلىك ئىچىگە قاراپ يۈگۈردى.

## مېھىر - مۇھەببەت

(بايان ماقالىسى)

ئارزىگۈل ئەرشىدىن

ئەتىگەندىلا تېخى بالىلارنىڭ خۇشال كۈلكىلىرى بىلەن، خۇددى بايراملاردەك قايناپ كەتكەن مەكتەپ ھويلىسى تاسادىپىي يۈز بەرگەن بۇ يەر تەۋرەشتە پۈتۈنلەي خارابىلىككە ئايلانغانىدى. چىرايلىق سېلىنغان بۇ ئوقۇتۇش بىناسى نەچچە مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا تونۇغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالغان بولۇپ، ياش دادا كۆزلىرىگە ئىشەنمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

دادىنىڭ كۆز ئالدىدا بالىسىنىڭ ‹‹دادا، دادا...›› دەپ بويىنىغا ئېسىلىپ

ئەركىلەشلىرى پەيدا بولدى. تېخى ئەتىگەنلا ئۇ بالىسىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ يولغا سالغانىدى. دادا خۇددى چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمدەك، ناھايىتى جىددىي ھالەتتە خارابىلىك ئالدىغا كېلىپ ئىككى قولى بىلەن خارابىلىكنى كولاشقا باشلىدى. ئىككى قول بىلەن خارابىلىكنى كولاپ ئۆز بالىسىنى تېپىش مۇمكىنمۇ؟ لېكىن ئۇنىڭ بەل قويۇۋەتكۈسى، رېئاللىقنى تەن بېرىپ قاراپ تۇرغۇسى كەلمەيتتى. ئۇ توختىماي كولايتتى، كولاۋېرىپ تىرناقلىرى تۇۋىدىن قان چىقىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ توختاپ قالمىدى، خۇددى خارابىلىك ئاستىدىن ئوغلى ئۇنى چاقىرىۋاتقاندەك ئۇنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى.

نەچچە مىنۇتلۇق يەر تەۋرەش ئاخىرلىشىپ، قۇتقۇزۇش ئەترەتلىرى جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى. قۇتقۇزۇش خادىملىرى ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ئادەملەر قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئۆز بالىلىرىنى تېزرەك تېپىۋېلىشنى ئويلايتتى. بەزى ئانىلار يىغلاشقا باشلىدى، چۈنكى دۇنيادىكى قايسىبىر ئانا ئۆز بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىيالىسۇن؟ ئۆز بالىسىنىڭ شۇ تاش - تopilar ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بىلسە، ھەرقانداق ئانا چىداپ تۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بالىلار بىرىلىپ دەرس ئاڭلاۋاتقان، ئوقۇتقۇچىلارمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دەرس سۆزلەۋاتقان شۇ مىنۇتتا بىنا قاتتىق سىلكىندى، بالىلار ئىنتايىن قورقۇپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا ئۈستەل ئاستىغا كىرىۋېلىشنى ئېيتتى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دېگىنىنى بويىچە قىلدى. شۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتارىدا ياش دادا توختىماي ئىزدەۋاتقان ھېلىقى بالىمۇ بار ئىدى. بالا كۆڭلىدە دادىسىنىڭ تېزرەك كېلىپ ئۆزىنى ئېلىپ كېتىشىنى، ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

بۇ ئوغۇل بالا كىچىكلىكىگە قارىماي شۇنداق قەيسەر ئىدى، چۈنكى، ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭ باتۇر، قەيسەر چوڭ بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا دائىم باتۇر، قەھرىمانلارنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەتتى. بۇ بالا دادىسىنىڭ تەربىيەسىدە ئەقىللىق ھەم قەيسەر چوڭ بولغانىدى.

قۇتقۇزغۇچىلارنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى بىلەن، خارابىلىك ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان نۇرغۇن بالىلار قۇتقۇزۇۋېلىندى. قىيقاس - چۇقان پۈتۈن مەكتەپ ھويلىسىنى قاپلىدى، يېنىك يارىلانغانلار دوختۇر - سېستىرالارنىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. قازا قىلغانلارمۇ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بالىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاتا - ئانىلار بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلالماي قالدى، ئەمما ئامال قانچە، رەھىمسىز رېئاللىق ئۇلارنى ئۇماق پەرزەنتلىرىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىغانىدى.

دادا ئۆز ئوغلىنىڭ ھايات بولۇشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى، قۇتقۇزۇۋېلىنغانلار ئىچىدىن توختىماي ئوغلىنى ئىزدەيتتى، لېكىن تېخىچىلا دېرىكى بولمايۋاتاتتى، ئۇ بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

قۇتقۇزۇۋېلىنغانلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇۋاتاتتى. «دادا» توساتتىن بىر بالىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ دەل دادىغا تولىمۇ تونۇش ئاۋاز ئىدى. ئۇ دەرھال بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئوغلى ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. دادا بالا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، بالىمۇ دادا، دادا! دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ، دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى، دادىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ ئاقاتتى. بالا كىچىككىنە قوللىرى بىلەن دادىسىنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، «دادا، نېمىشقا يىغلايسىز؟ مەن سىزنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، يىغلىماڭ، مەن پەقەت قورقمىدىم» دېدى. قۇتقۇزغۇچى خادىملار بالىنى خارابىلىك ئاستىدىن قۇتقۇزۇپ چىققانىدى. ئۇنىڭ يارىسىمۇ ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. دادا يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ «مەن يىغلىمىدىم بالام، مەن ساڭا ئىشىنىمەن، مېنىڭ بالام بەك باتۇر» دېگىنىچە بالىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى.

دادا قۇتقۇزۇشقا كەلگەن دوختۇر - سېسترالارغا بالىنىڭ يارىسىنى تاڭدۇردى، ئايالى دەككە - دۈككە ئىچىدە ئېرى ھەم بالىسىنىڭ ساق - سالامەت، تېزراق قايتىپ كېلىشىنى تىلەيتتى. دادا بالىنى يۈدۈپ ئايالىنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلارنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئانا خۇشاللىقىدىن يىغلاپ كەتتى، ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ: «جېنىم بالام، مېنىڭ بالام بەك قەيسەر، مەن ئۇنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم» دېدى. بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇ تالاپەتتىن ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۆتۈپ، قايتا جەم بولدى.

مانا بۇ مېھىر - مۇھەببەت، مانا بۇ مېھىر - مۇھەببەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى. چوڭقۇر مېھىر ئۇلارنى مەڭگۈ بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. شۇنداق، مېھىر - مۇھەببەتلىك تۇرمۇش تولىمۇ كۆڭۈللۈك، تولىمۇ گۈزەل بولىدۇ. شۇڭا بىز ھەممىمىز مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج.

## ئېھ، دادىلار

(نەسىر)

نۇرئەخمەت نۇرمەت

مىننەتسىز ئەمگەك قىلىدىغان كىشىلەر ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەر.

بارلىقىنى بالىلارغا بېغىشلىيالىغان كىشىلەر ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەر.

بارلىقىنى ئۇنتۇپ، ھالال ئەمگەك بىلەن ياشايدىغان كىشىلەر ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەر.

ھاياتىنى ئۆز پەرزەنتى، ئائىلىسى ئۈچۈن قۇربان قىلالىغان كىشىلەر ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەر.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالتىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە «دادا» توغرىسىدا تەسۋىر يېزىپ كېلىشنى تاپشۇردى ۋە كېيىنكى ھەپتىسىلا تاپشۇرۇقنى سورۇشتۇردى. سىنىپىمىزغا يېڭىدىن كەلگەن بىر قىز ساۋاقدىشىمىز مۇئەللىمنىڭ تاپشۇرۇقنى ئورۇندىماي كەلگەنىدى.

— تاپشۇرۇقنى نېمىشقا ئىشلىمىدىڭىز؟

— ...

— گەپ قىلىڭە؟ — مۇئەللىم سەل ئاچچىقلاندى.

— مېنىڭ دادام ئۆلۈپ كەتكەن، دادامنى ئەسلىيەلمىدىم.

شۇ چاغدا ئۇ ساۋاقدىشىمىزنىڭ قاپقارا قوي كۆزلىرىدىن تامچە ياشلار قۇيۇلدى.

مۇئەللىممۇ يىغلىدى، ساۋاقداشلارمۇ يىغلىدۇق.

ئەسلىدە ئۇ ساۋاقدىشىمىنىڭ دادىسى ساۋاقدىشىم بەش ياش ۋاقتىدا، ئۇنى كېسەللىك يىقىلغان دەرەخنىڭ ئاستىدىن قۇتۇلدۇرىمەن دەپ ئۆزى بېسىلىپ قېلىپ، بۇ يورۇق دۇنيادىن ۋاقتسىز ئايرىلغانىكەن.

مانا بۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان، مانا بۇ ئەڭ ئۇلۇغ دادا! دوستلىرىم ھەمىشە ئاتا - ئانىسىدىن قاقشايدۇ. بىرلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزى ياقتۇرغان ئىشنى قىلىپ بەرمىگەنلىكىدىن دادلىسا، بىرلىرى ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان ئويۇنچۇقنى ئالالمىغىنىدىن زارلىنىدۇ. تېخى بەزى دوستلىرىمنىڭ ئاتا - ئانام ماڭا ئۆچ دېگەنلىرىنىمۇ ئاڭلىغانمەن. شۇ قېتىمقى ئىشتىن كېيىن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بولغان كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگەرگەن - ئۆزگەرمىگەنلىكىنى بىلمىدىم، لېكىن مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىم: مىننەتسىز ئەمگەك قىلىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەر دادىلار ئىكەن. بارلىقىنى باشقىلارغا، ئائىلىگە بېغىشلىيالىغان ئۇلۇغ كىشىلەر دادىلار ئىكەن. ھالال ئەمگەك بىلەن خۇشال ياشايدىغان كىشىلەر دادىلار ئىكەن. بارلىقىنى ئۇنتۇپ، ھاياتىنى ئۆز پەرزەنتى، ئائىلىسى ئۈچۈن قۇربان قىلالايدىغان كىشىلەر، يەنىلا شۇ دادىلار ئىكەن.

كۆزلىرىمگە ياشلار تولغان ھالدا دۇنياغا خىتاب قىلغۇم كېلىدۇ: ئاتا -

ئانىلارنىڭ قەدرىگە يېتەيلى، ئۇلارنى قەدىرلەيلى، خۇددى ئۇلار بىزنى قەدىرلىگەندەك! ئاتا - ئانىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايلى، ئۇلارغا كۆيۈنۈشنى بىلەيلى، خۇددى ئۇلار بارلىقى بىلەن بىزگە كۆيۈنگەندەك! ئاتا - ئانىنىڭ ھەر بىر تېمىم تەرى، بىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك، خۇددى ئابىھايات سۈيىدەك. بىز شۇ ھەر بىر تامچە تەر بەدىلىگە بۇگۈنكى تۇرمۇشقا ئېرىشكەن.

دادىلار، ئېھ ئۇلۇغ دادىلار، ئەقىلسىز پەرزەنتىڭلارنى كەچۈرۈڭلار، بىز چوقۇم سىلەرنىڭ ئۈمىدىڭلارنى ئاقلايمىز. سىلەرنىڭ ھەربىر نەسىھەتىڭلارنى ئېسىمىزدە ساقلايمىز.

## V يېزىقچىلىق سوئالى (55 نومۇر)

«مەن ئون يىلدىن كېيىن... دېگەن تېمىدا خالىغان ژانىردا بىر پارچە ماقالە ـ ئەسەر يېزىڭ.

تەكلىپ:

سىز يەنە ئون يىلدىن كېيىن قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىڭىز، جەمئىيەتتە قانداق ئىشلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىڭىز، قانداق خىزمەت، قانداق كەسىپ، قانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماقچى ئىكەنلىكىڭىز ھەققىدە بىر قېتىم دادىل تەسەۋۋۇر قىلىپ باقسىڭىز ۋە تەسەۋۋۇرىڭىزنى ئەركىن ـ ئازادە يېزىپ باقسىڭىز بولىدۇ. ئەمما، يازغىنىڭىز ۋەدىنامە ياكى پىلان بولۇپ قالمىسۇن.

تەلەپ:

(1) يازغان ئەسىرىڭىزنىڭ مەزمۇنى ماتېرىيال ۋە بەلگىلەنگەن تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(2) نۇقتىئىنەزەر (مەركىزىي ئىدىيە) نى ئۆزىڭىز بېكىتىڭ.

(3) ژانىرى چەكلەنمەيدۇ.

(4) ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ.

(5) ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

(6) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، بەت يۈزى پاكىز، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلغان بولسۇن.

(7) ئادەم ئىسمى ۋە يەر ـ جايناملىرىنى ×× بىلەن ئىپادىلەڭ.

ئۈلگە:

### مەن ئوقۇغۇچىلىرىمنى سۆيىمەن

(ھېكايە)

ئامانگۈل توختى

بۈگۈن قاتتىق ھاياجان پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالدى. شۇ تاپتا مېھرىبان ئانىنىڭ تاتلىق ئەللىيىدىن ھۇزۇر ئېلىپ بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان بوۋاقتا ئوخشاش ناھايىتى ئەركىن ـ ئازادە ئىدىم. پۈتۈن روھىيىتىم ۋە جىسمىمدىن

خۇشاللىق تەپچىپ تۇراتتى. ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن - ھە! بۈگۈن مېنىڭ ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە چۈشكىنىمگە دەل 6 يىل بوپتۇ. مانا بۈگۈن مېنىڭ 6 - قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىم. ئىشقا ماڭغاچ ۋۇجۇدۇمنى ھەر خىل تاتلىق خىياللار چىرمىۋالدى. مانا ھەش - پەش دېگۈچە خىزمەتكە چىققىلى 6 يىل، توي قىلغىلى 5 يىل بوپتۇ. بۇ جەرياندا نۇرغۇن خۇشاللىققا، نۇرغۇن نەتىجىلەرگە ئېرىشتىم، يەنە نۇرغۇن خىرىسقا دۇچ كەلدىم. ھەر قېتىم خىزمەت باھالاش يىغىنىدا مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى قاتارىدا ئىسمىم چىققاندا قانچىلىك خۇشال بولىدىغىنىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. دەرس مۇنبىرى، ئازادە سىنىپ، سۆيۈملۈك ئوقۇغۇچىلىرىم ۋە ئۇلارنىڭ تاتلىق گەپلىرى، ئوقۇتۇش جەريانىدىكى كەسكىن رىقابەت، ئوقۇغۇچىلىرىمنى تەربىيەلەش يولىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرى، ئوقۇغۇچىلىرىم دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ۋە گۆدەكلىكتە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلار، مېنىڭ بۇلارنى ھەل قىلغانلىرىم... نېمىدېگەن مەنىلىك ھايات، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش... بۇلارنى ئويلاپ قەلبىم لەرزىگە كەلدى. تۇيۇقسىز يەنە كاللامغا ئوغلۇمنىڭ چۈچۈك تىلى بىلەن ئېيتقان «ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن ئاپا!» دېگەن سۆزىچۇ تېخى. نېمىدېگەن چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان سۆز بۇ...

ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە كىچىكىمدىن ئامراق ئىدىم. كىچىكىمدىن ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلاتتىم. ئاخىر بۇ ئارزۇيۇمغىمۇ يەتتىم. ھەر قېتىم سۆيۈملۈك ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ بىلىمگە تەشنا كۆزلىرىگە بېقىپ دەرس سۆزلىگىنىمدە ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك سېزىمەن. مۇشۇ گادىرماچ خىياللارنى قىلىپ مەكتەپكە كېلىپ قالغىنىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ ئەتراپتىكى مۇھىتقا نەزەر سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇدۇل ئىشخانامغا قاراپ ماڭدىم. ئىشخانامغا كىرىپ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سالاملىشىپ ئۇلارنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدىم، ئاندىن ئوقۇغۇچىلىرىمنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن سىنىپقا ماڭدىم. سىنىپقا كىرىشىم بىلەن ئوقۇغۇچىلىرىم «مۇئەللىم، بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!» دەپ توۋلاشتى. بۇ سۆز شۇنچىلىك چىن ھەم ساپ قەلبلەرنىڭ ساداسى ئىدى، سىنىپ ھەيئىتى چىقىپ بىر دەستە قىپقىزىل گۈلنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. قەلبىم لەرزىگە تولدى. مەن ھاياجانلىنىپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. مەن ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇۋېلىپ ئوقۇغۇچىلىرىمغا سەمىمىي رەھمىتىمنى بىلدۈرۈپ سىنىپتىن يېنىپ چىقتىم.

بۈگۈن 1 -، 2 - سائەتتە دەرسىم يوق ئىدى. شۇڭا مەكتەپ مەيدانىغا

چىقتىم، مەكتەپ مەيدانىدىكى بىر تۈپ سېدە دەرىخى ئاستىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. خىياللىرىم يەنە باشلاندى، تۇيۇقسىز خىيالىمدىن ئالدىنقى يىلى يېڭى يىل بايرىمىدا يۈز بەرگەن بىر ئىش كەچتى.

يېڭى يىل ھارپىسى ئىدى، بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلگەنىدى. مەن ئوقۇغۇچىلىرىمغا توپلىشىپ پائالىيەت قىلماسلىق، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش، ئائىلىدىكىلەرگە ياردەم بېرىش توغرىسىدا قىسقىچە يىغىن ئېچىپ قويۇپ بەردىم. بىراق ئۇلار بايرام كۈنى يىغىلىپ رېستوراندا ئولتۇرۇش قىپتۇ. ئوغۇللارنىڭ بەزىلىرى ھاراق ئىچىپ جېدەل چىقىرىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى بىزنىڭ مەكتەپتىكى باشقا بىر ئوقۇتقۇچى سېزىپ قېلىپ ماڭا خەۋەر قىلدى. مەن ئۇ كۈنى ئۇ يەرگە بارمىدىم، مەن ئۇ چاغدا يەنە شۇ ئوقۇغۇچىلىرىمنى ئويلىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھاراق ئىچكىنىنى ئاڭلاپ باشلىرىم قېيىپ كەتتى. چۈنكى مەن ئۇلارغا ئەخلاق توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەيتتىم. ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇش، قالايمىقان سورۇنلارغا بارماسلىق، ئۆز ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغداش... توغرىسىدا كۆپ تەربىيە قىلاتتىم. شۇ دەقىقىدە ئۇلاردىن قاتتىق رەنجىدىم. ئەتىسى مەكتەپكە يىغىلدۇق. مەن سىنىپ ھەيئىتىدىن تۈنۈگۈن بولغان ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلدىم. بىراق ئۇ ماڭا پۈتۈنلەي يالغان سۆزلىدى. ئۇنىڭ دېگىنى پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئىدى. مەن قاتتىق ئاچچىقلاندىم. بىراق مەن ئۆز - ئۆزۈمگە «ئاچچىقىڭنى بېسىۋال، ئىشلارنى سوغۇققانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىل» دەپ خىتاب قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈشنامە يېزىشقا بۇيرۇدۇم. نەتىجىدە قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم، چۈنكى ئۇلار يازغان ئىشلارنىڭ جەريانى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىۋېلىپ مېنى يالغۇز قالدۇرغاندەك ھېس قىلدىم. تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىمنى ئويلاپ قاتتىق ئازابلاندىم.

بۇ مېنىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرىم بولغاچقا، كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەنىدىم. كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا كېلىپ دەرس تەكرار قىلىپ بەرگەنلىرىم، يولدىشىمنىڭ «سېنىڭ بالا بىلەن كارىڭ بولمىدى» دەپ مەن بىلەن قۇشقانلىرى... ئۇلار ئۈچۈن سەرپ قىلغان قان - تەرىم ئۈچۈن تۈرۈپ پۇشايمان قىلىپ قالدىم. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ «كەچۈرۈڭ مۇئەللىم» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قايتىدىن كۆڭلۈم يورۇدى. كۆڭلۈمدە ئۇلارنى كەچۈرۈۋەتكەن بولساممۇ، ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇپ ئۇلارغا «بالىلىرىم، سىلەر مىللەتنىڭ كەلگۈسى، مىللىتىمىز سىلەرگە موھتاج، گەرچە

مەن سىلەرنىڭ ئاچاڭلار بىلەن تەڭ بولساممۇ، لېكىن سىنىپتا، مەكتەپتە مەن سىلەرنىڭ ئاناڭلار، ھەر قانداق بىر ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرەلەيدۇ، بىراق سىلەرنىڭ سەممىيەتسىزلىكىڭلار مېنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى» دەپلا سىنىپتىن چىقىپ كەتتىم. بىر كۈن شۇنداق ئۆتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئوقۇغۇچىلىرىمدىكى ئۆزگىرىش زور بولدى. ئۇلار ھەر قانداق ئىشتا مەندىن مەسلىھەت سورايدىغان، ماڭا سەممىي مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى.

ئىنسان دېگەن شۇنداق ئۆزگىرىشچان نەرسە، مانا بۇلارمۇ مەكتەپتىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلاردىن ئايرىلىشنى ئويلىسام كۆڭلۈم يېرىم، لېكىن يەنە نۇرغۇن يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋالىدىغانلىقىمنى ئويلىسام يەنە خۇشال. بىز ئوقۇتقۇچىلار كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن، ئۆزىمىز ئۈچۈن، مىللىتىمىز، خەلقىمىز ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك. مەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە... مېنىڭ قىلغانلىرىم تېخى ھېچقانچە ئەمەس. مەن خەلقىم، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن يەنىمۇ زور تۆھپە قوشۇشۇم كېرەك. مەن تىرىشىمەن، يەنە داۋاملىق تىرىشىمەن!

## چۈش ۋە رېئاللىق

(بايان ماقالىسى)

خانزۆرەم ئابدۇكېرەم

مەن چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە گۈزەل بىر پەرىزاتقا ئايلىنىپ ھەشەمەتلىك بىر رېستورانغا كىرىپتىمەن. توۋا، بۇ مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئىكەنغۇ، رېستوراندىكى ئالا - يېشىل چىراغلارنىڭ نۇرىدا ئۆزۈمنىڭ ئىسمى يېزىلغان چوڭ لوزۇنكا كۆزلىرىمنى قاماشتۇراتتى. ياڭراتقۇدىن چىقىۋاتقان ئەبجەش مۇزىكا، كىشىلەرنىڭ توختىماستىن غەربچە تۇغۇلغان كۈن ناخشىسىنى ئېيتىشلىرى ئالىتاغىل مۇزىكىلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى.

ھەيرانمەن، ئاۋۇ ئايال نېمانچە كېيىنىۋالغاندۇ، چاچلىرى پول سۈرتكۈچتەك، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاۋۇ ئاكىمىزنىڭ ئۇزۇن - قىسقا چاقماق كىيىملىرىچۇ تېخى، سەكسەن يېرىدە يانچۇقى بار...

بۇ چاغدا تۇيۇقسىز شۇنداق قورقۇنچلۇق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى - دە، نېمە بولغىنىنى بىلمەي تۇرۇشۇمغا كىشىلەر خۇددى جىن چاپلاشقان سارائلاردەك سەكرىشىپ دىسكوغا چۈشۈشتى. بىر پەستىن كېيىن تورت ئېلىپ چىقىلدى.

كىشىلەر مەن بىلمەيدىغان بىر تىلدا ناخشا ئېيتتى، كېيىن ماڭا تىلەك تىلەتكۈزۈپ شامنى ئۆچۈرگۈزدى. ئەمدى كۆڭلۈم جايىغا چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا بىرتوپ كىشىلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئاپپاق قايماقلارنى يۈزۈمگە سۈۋاشقا باشلىدى، قولى يەتمىگەنلىرى تېخى ئاتقىلى تۇردى. مەن ئاران قېچىپ چىقىۋېلىپ بىر چەتتە تۇرسام، بىر - ئىككى كىشىنىڭ گېپى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى: «ئاۋۇ ئاداشنىڭ مەتۇلۇقىنى قاراڭلا، مۇشۇنداق سورۇنغىمۇ دوپپا كىيىپ، كەشتە ئىشلەنگەن كۆڭلەك كىيىپ كېلەمدۇ؟ ئويۇننىڭ پەيزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ چىقىپ كەتكىنىچۇ تېخى. تۇغۇلغان كۈن دېگەننى ئەسلا ئۇقمايدىغان جىڭ مەتۇكەن جۇمۇ بۇ...»

شۇ چاغدا بىر دانانىڭ «مەدەنىيەت ئىنسان بىلەن بىللە پەيدا بولۇپ تەرەققىي قىلىدۇ، لېكىن ئۇنى روياپقا چىقىرىدىغان راۋان يولغا ئېرىشەلمىگەندە، دۆملەنگەن ئەسەبىي ھېسسىياتقا ئايلىنىپ، ئاخىر پارتلايدۇ. ئۇ ئىنسانىنى ھاراق - شارابقا، ئەيش - ئىشرەتكە زورلايدۇ. شۇنداق قىلىش گويا قىساس ئېلىش كەبى، ئۇلارغا ئارام بېرىدۇ. ئاخىر ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ.» دېگەن گېپى قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولدى.

ئەسلىمگە كېلىپ قارىسام، ئەتراپ جىمىپ قاپتۇ، بىراق شۇنچىلىك ۋەيرانە ھالەتتىكى ئۈستەللەرگە قاراپ تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. دۆۋە - دۆۋە ئېسىل يېمەكلىكلەر بىر داسقا تۆكۈلۈپ، سىرتقا ئاچىقىلىۋاتاتتى. «بۇنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟» دەپ سورىسام، ئۇلار «چوشقا فېرمىسىغا» دەپلا كېتىپ قېلىشتى. بۇنى ئاڭلاپ ئەسلىدە بايرام ماڭا ئەمەس، چوشقىلارغا بولۇپتۇ - دە، دەپ ئويلىدىم ھەمدە بوۋامنىڭ «بۇرۇن كىشىلەر توي - تۆكۈن بولسا ئايالLار چىمەن دوپپا كىيىپ چاچلىرىنى پاكىز تاراپ ئۆرۈپ، ئەتلەس كۆڭلەك كىيىشىپ، ئەرلەر بولسا ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ، ئەدەپ بىلەن مەشرەپ، ساماغا چۈشەتتى، تاماق تارتىلغاندا ئالدى بىلەن يېتىم - يېسىر، ئاجىز - مېيىپ كىشىلەرنى رازى قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرى غىزالىناتتى» دېگەن گەپلىرى ئېسىمگە كەلدى.

رېستوراندىن چىقىپ، ئېگىز بىنالار بىلەن قورشالغان بىر جايغا كەلدىم، بۇيەر شۇقەدەر پاكىز ھەم مەنزىرىلىك ئىدى. تۇيۇقسىز يېنىمدىن ماشىنا ئادەمدىن بىرسى ئۆتۈپ كەتتى. ئارقامغا قاراپلا ھەيران قالدىم. يولدىن ئۆتۈۋاتقان، بىناغا كىرىپ - چىقىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ماشىنا ئادەملەر ئىدى. كېيىن ئۇقسام بۇ يەر پەن - تېخنىكا رايونى بولۇپ، كىشىلەر پۈتۈن مەشغۇلاتنى كومپيۇتېردا ئېلىپ بارىدىكەن، پەن - تېخنىكا شۇنچىلىك تەرەققىي قىلغان

بولۇپ، كىشىلەر ئاللىقاچان مارس، ئاي شارىلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ بوپتۇ. مەن بۇ رايوننى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولۇپ، زوقلىنىش ئىستىكىدە ئالدىمغا شۇنداق مېڭىشىمغا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئەسلىدە بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئىكەن ئەمەسمۇ؟!

بۇ بىر چۈش، ئەمما، چۈشنى رېئاللىققا ئايلانمايدۇ دەپ كىممۇ ئېيتالىسۇن؟ توغرا، ئون يىلدىن كېيىنكى دەل شۇ ۋاقىتتا بەزىلەر كۆكتە ئۇزۇپ يۈرسە، بەزىلەر يالاڭئاياغ تىكەنلەرگە دەسسەپ، ئۆز گۆرىنى ئۆزى كولىشى مۇمكىن. بەزى مەدەنىيەت مىراسلىرى دۇنيا ئارىلاپ كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت ئېھتىرامىغا ئېرىشسە، بەزىلىرى، بوسۇغا ئاتلىماي تۇرۇپلا ۋەيران بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، ئون يىلدىن كېيىنكى تەقدىرىمىز يەنىلا بىزنىڭ ئۆز قولىمىزدا. كونىلاردا «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. بۇ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىلغان سۆز. چۈنكى بىزنىڭ تەدبىرىمىز دەل بىزنىڭ نىشانىمىزنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ گويا بىر ماياكتەك بىزگە باشلامچى بولىدۇ. دەل شۇ باشلامچى بىزنى گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىشقا ئۈندەيدۇ، پارلاق مەدەنىيەتنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشىمىزگە تۈرتكە بولىدۇ. بىزنى ئۈزۈكسىز ئىزدەندۈرۈپ پەن - تېخنىكا سىرلىرىنى بايقاپ، ئۇنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سىرلىق خەزىنىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچقا ئىگە قىلدۇرۇپ، مىللىتىمىزنىڭ تارىخىنى يارىتىشىمىزغا ئاساس ھازىرلايدۇ.

دېمەك، بىز تىرىشىپ ئىزدەنسەك ئون يىلدىن كېيىن پەن - تېخنىكا بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىلىم - پەن يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بىر دەۋر كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولغۇسى...

## بۈگۈن ۋە ئەتە

(مۇھاكىمىلىق نەسر)

زۇلخۇمار ئېلى

ئون يىل، توغرا، بۇ ئون يىل سېكۇنتلاپ، مىنۇتلاپ ئۆتۈۋاتقان ئاشۇ ۋاقتىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەقىقەتەن ئۇزۇن، ئەمما ئۇنتۇپ قالماڭ، ئۇ يەنە كۈنلەپ، ئايلاپ، يىللاپمۇ ئۆتىدۇ.

توغرا، بۇ ئون يىلدا بەلكىم كۆپلىگەن ئائىلىلەرگە خۇشاللىق، بەخت ئېلىپ كېلىدىغان نۇرغۇن ھاياتلىقلار ئاپىرىدە بولار...

بۇ ئون يىلدا يەنە نۇرغۇن ھايات ئادەملەر ئۆز تەقدىر قىسمىتى بىلەن سىزگە ۋە بىزگە نۇرغۇن جاۋابسىز سوئاللارنى قويۇپ، تىلسىملارغا تولغان بۇ سىرلىق دۇنيا بىلەن شۇنداقلا خوشلىشار...

شۇنداق، ئۇلار گاھى خۇشاللىق چىقىپ تۇرىدىغان كۈلكە تەبەسسۇم چېھرى بىلەن، گاھى قار - يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆز ياشلىرى بىلەن سىزگە ۋە بىزگە نۇرغۇن قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق كومېدىيەلەرنى، يەنە تېخى نۇرغۇن تىراگېدىيەلەر ئىچىدىكى ئەڭ تەسىرلىك، يۈرەكنى ئېزىدىغان تۇرمۇش باش قەھرىمانى بولغان ئۆزىنىڭ پاجىئەسىنى سۆزلەپ بېرەر.

توغرا، سۆزلەپ بەرگەن. مەن ھازىرغا قەدەر ئاشۇ قەھرىمانلاردىن نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىدىم. تېخى ئۆزۈممۇ ئاشۇ ھېكايىدىكى پېرسوناژ، بىلەمسىز؟ بەزىدە مەنمۇ ئاشۇ تۇرمۇش باش قەھرىمانى بىلەن خۇشاللىق ناخشىسىغا، غەلىبە ناخشىسىغا تەڭ جۆر بولدۇم. بار ئاۋازىم بىلەن ناخشا ئېيتتىم. بۇ نېمىدېگەن بەخت، نېمىدېگەن گۈزەل تۇيغۇ - ھە!

شۇنداق، مۇھەببەت بار يەردە نەپرەت بولغانغا ئوخشاش مانا مۇشۇ گۈزەل دەقىقىلەر ئىچىدىكى گۈزەل تۇيغۇلاردىمۇ يۈرەكنى ئېزىدىغان پاجىئەلەر، تىراگېدىيەلەر بولغان.

دېمەك، مەن يەنە ئاشۇ تۇرمۇش باش قەھرىمانى بىلەن تەڭ ئاچچىق ئەسلىمىلەرگە، ئازابلىق ناخشىلارغا جۆر بولدۇم.

گاھى دىدارلاشتىم، گاھى ۋىدالاشتىم...

گاھى تاتلىق كۈلدۈم، گاھى ئاچچىق يۇتتۇم...

يەنە گاھىدا ۋىسال تاپتىم، ئەلۋەتتە، ھىجران ئازابىنىمۇ يەتكۈچە تارتتىم. شۇنداق، مەن ھازىرغا قەدەر بولغان بۇ ھايات مۇساپەمدە نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتىم، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقاتتىم. گاھىدا ئېرىشكەنلىرىمدىن خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلدۈم. ئەمما، كىم بىلسۇن؟ بۇ كۈلۈش تولىمۇ مەنىلىك، تولىمۇ سەبىي، تولىمۇ قىسقا بولىدىكەن.

ئۇنداقتا يوقاتقانلىرىچۇ؟ سىرغىپ چۈشكەن كۆز ياشلىرىم، ئاچچىق ئەسلىمىلىرىم بىلەن بىرىكىپ، سىزنى بىر ئۆمۈر ئازابلايدىكەن، قىينايدىكەن. بىلەمسىز؟ ھېسابتا بۇ ۋاقىتنىڭ سىزگە ۋە بىزگە بەرگەن جازاسى ۋە مۇكاپاتى. بەلكىم سىز ھازىر ئۆزىڭىزنى بىرەر بوۋاي ياكى موماينىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتقانسىز. شۇنداققۇ؟ بىراق، سىزمۇ ئوخشاش، كەينىڭىزگە ئۆرۈلۈپ قارىسىڭىز بىر چاغلاردىكى تاتلىق، سەبىي كۈلكىڭىزنى، يەنە قار - يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆز ياشلىرىڭىزنى، ئاچچىق

ئەسلىمىلىرىڭىزنى كۆرەلەيسىز. بۇنى ئۇنتۇش ئۇنداق ئاسان ئەمەس.

مانا بۇ سىزنىڭ ۋە بىزنىڭ قىسقىغىنا 20 يىللىق ھاياتىمىز. ئۇنداقتا، يەنە 10 يىلدىچۇ؟ 10يىلدىن كېيىن نېمە ئىش بولار؟ بۇ 10 يىلدا سىز ۋە بىز يەنە قانچىلىك كۈلەلەيمىز؟

توغرا، مەن ئۆز - ئۆزۈمگە كۈلۈپ ياشايمەن، ئاخىرغىچە كۈلىمەن دەيمەن. بەلكىم سىزمۇ ئوخشاش. ھېچكىممۇ كۆز ياشلار، يۈرەكنى ئېچىشتۇرىدىغان ئاچچىق ئەسلىمىلەر ئىچىدە بىر ئۆمۈر ئۆزىنى ئازابلاشنى خالىمىسا كېرەك!؟

بىراق، ۋاقىت ھەممە ئادەمگە ئوخشاش. سىز ۋە بىز ئوخشاشلا بىكار، ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئاشۇ ۋاقىتنىڭ جىنايەتچىسى...

قانداق، قورقۇۋاتامسىز؟ ئۈمىدسىزلەندىڭىزمۇ؟ يەنە ئالدىڭىزغا ماڭالامسىز؟ توغرا، ھەممىمىز شۇنداق. بۇ راستتىنلا كىشىنى قورقىتىدىغان ئىش. بۇ ھەرگىزمۇ كىچىك بالىنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىپ يىقىلىپ، يىقىلغان يېرىدىن يەنە تۇرۇپ يۈگۈرۈپ، يەنە يىقىلىپ، ئانىنىڭ تاتلىق سۆزلىرىدىن ياكى پەپىلەپ يۆلەشلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئەركىلەپ ئويناپ يۈرگىنىدەك ئاددىي ئىش ئەمەس.

بىلەمسىز؟ سىز ئەمدى يىقىلسىڭىز ئۆزۈڭىزچە تۇرالماسلىقىڭىز، ھەتتا بىر ئۆمۈر تۇرالماسلىقىڭىز مۇمكىن. چۈنكى بۇ 10 يىل سىزنىڭ بۈگۈنىڭىز، شۇنداقلا ئەتىڭىز.

دەريالاردىكى مۇزلارنىڭ ئېرىپ ئويناقشىپ ئېقىۋاتقىنىدىن، گۈل - گىياھلارنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشىدىن، ئىزغىرىن شاماللارنىڭ ئەركىلىشىدىن، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىدىن باھارغا بېشارەت بولغىنىغا ئوخشاش، سىزنىڭ بۈگۈنىڭىز ئەتىڭىزنى كۆرۈش ئەلۋەتتە تەس ئەمەس.

بۇ قېتىم ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلەندىڭىز، شۇنداققۇ؟ بىراق مەيلى. ئەمما، بۇ ۋاقىتلىق بولسۇن ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلىك كېسىلى تېنىڭىزنى، جىسمىڭىزنى مەڭگۈلۈك چىرمىۋالمىسۇن. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز ۋە بىز بۇ ئون يىلدا چوقۇم كۈلىمىز، ئاخىرغىچە كۈلۈپ ياشايمىز.

بىراق، بۇ ھەرگىزمۇ مەۋھۇم ئەينەك ئالدىدىكى يالغان كۈلۈمسىرەش ئەمەس، بەلكى ھاياتلىق ئەينىكى ئالدىدىكى ھەقىقىي تاتلىق كۈلۈش. قانداق، ئىشەنچىڭىز باردۇ؟ ئۇنداقتا بىز 10 يىلدىن كېيىن ھەتتا، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىرگە كۈلەيلى. سىزگە ۋە بىزگە كۈلكە، ھەقىقىي كۈلكە مەڭگۈلۈك نېسىپ بولسۇن.

# مېنىڭ غايەم

## (مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئامىنە ئاۋۇت

مېنىڭچە، ھەر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا غايىسى ۋە ئارزۇسى بولىدۇ، بەزىلەر يازغۇچى، ئۇچقۇچى، بەزىلەر ئارتىس، ئالىم، ئىنژېنېر، بەزىلەر بولسا ئوقۇتقۇچى، ھەربىي بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، مېنىڭمۇ شۇلارغا ئوخشاشلا ئۆز ئالدىمغا ئارزۇيۇم ۋە غايەم بار. ئۇ بولسىمۇ دوختۇر بولۇش.

ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرنىڭ ھەر كۈنى ھارماي - تالماي كېسەل داۋالاۋاتقانلىقىنى، نۇرغۇن نىمجان تەنلەرگە ھاياتلىق بەخش ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە قەلبىمدە ئىختىيارسىز ھالدا: «چوڭ بولسام مەنمۇ چوقۇم مۇشۇ ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرگە ئوخشاشلا دوختۇر بولىمەن!» دېگەن ئارزۇ پەيدا بولىدۇ. مېنىڭ ئاپاممۇ بىر دوختۇر، مەن ئاپامنىڭ كېسەللەرنى كۆڭۈل قويۇپ كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يېنىكلىتىپ، چېھرىگە كۈلكە بەخش ئەتكىنىنى كۆرگىنىمدە، دوختۇرلۇقنىڭ تولىمۇ خاسىيەتلىك، تولىمۇ پەخىرلىنەرلىك كەسىپ ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالىمەن ھەم ئۇلارنىڭ كېچىنى - كېچە، كۈندۈزنى - كۈندۈز دېمەي ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭ ھەم جاپالىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن. لېكىن ئاپام بۇنىڭدىن قىلچىلىك چارچاش ھېس قىلمايدۇ، ئەكسىچە خىزمىتىنىڭ تولىمۇ ئۇلۇغ ھەم شەرەپلىك ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ. بۇنداق چاغلاردا مېنىڭ ئارزۇيۇم ھەم ئارزۇيۇمغا تېزراق يېتىش تىلىكىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، ئاپام دائىم ماڭا دوختۇرلۇق گەرچە جاپالىق بولسىمۇ، بىراق مەن مۇشۇ كەسپىم ئارقىلىق نۇرغۇن نىمجان تەنلەرگە ھاياتلىق بەخش ئېتەلىدىم، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يېنىكلىتەلىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن كەسپىمدىن پەخىرلىنىمەن دېگەندى، ئاپامنىڭ بۇ چىن كۆڭلىدىن ئېيتقان سۆزلىرى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالدى.

مېنىڭچە، ھەر قانداق كىشىدە گۈزەل ئارزۇ ۋە غايىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن ياخشى ئىش، لېكىن ئارزۇ بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇ گۈزەل ئارزۇ ۋە غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر بىر كىشىدە جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان قەيسەر روھ، قەتئىيلىك، جۈرئەت ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىزدىنىش ئىرادىسى بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆز

ئارزۇسى ۋە غايىسىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

مەن بۇ دوختۇر بولۇش ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھازىردىن باشلاپ پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىمەن، ئۆزۈمدە ھەر قانداق جاپا - مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان قەيسەر ئىرادىنى يېتىلدۈرىمەن، شۇنداقلا غايەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ بىلىمنى چىڭ باغلايمەن، ئاپام مېنىڭ نەزىرىمدە بىر پەرىشتە، مەن ئاپامدىن پەخىرلىنىمەن، شۇنداقلا تىرىشىپ ئۆگىنىپ كىچىك پەرىشتە بولۇشقا، ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلايمەن.

## V يېزىقچىلىق سوئالى (55 نومۇر)

24. بېرىلگەن ماتېرىيالغا ئاساسەن يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

بىر كۈنى كەچتە ئېچىرقاپ كەتكەن بىر يىلان ئوزۇق ئىزدەپ چىقىپ، تۇيدۇرماستىن بىر ياغاچچىنىڭ دۇكىنىغا كىرىۋاپتۇ. ياغاچچى رەتسىز ئادەم بولغاچقا، ئەسۋاب - سايمانلىرىنى خالىغان يەرگە تاشلاپ قويىدىكەن.

يىلان دۇكاننىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، قالايمىقان قويۇلغان ئەسۋابلار ئىچىدىكى ھەرگە ياماشقانىكەن، بەدىنى تىلىنىپ كېتىپتۇ. يىلان شۇ ھامان ھەرە ماڭا ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ، بۇرۇلۇپلا ھەرىنى قاتتىق بىرنى چىشلىگەنىكەن، ئاغزى قاناپ كېتىپتۇ. يىلان بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ.

يىلان ھەرىنى توختىماي چىشلەۋېرىپ، ھەرىنى قانغا بويىۋېتىپتۇ. ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن ئۆلگۈدەك قىينىلىپ تۇرسىمۇ، ھەرگە ئاخىرقى قېتىم ئەجەللىك زەربە بېرىۋېتىپ، ئاندىن بۇ يەردىن كېتىش قارارىغا كەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ياغاچچى بوسۇغىدا بىر يىلاننىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

شۇنداق، بىر قىسىم كىشىلەر بەزىدە باشقىلارغا زىيان سېلىشنى ئويلايدۇ - يۇ، ئاخىردا ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويىدۇ.

تەلەپ:

(1) يازغان ئەسىرىڭىزنىڭ مەزمۇنى ماتېرىيال ۋە بەلگىلەنگەن تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

(2) نۇقتىئىنەزەر (مەركىزىي ئىدىيە) نى ئۆزىڭىز بېكىتىڭ.

(3) ژانىرى چەكلەنمەيدۇ.

(4) ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ.

(5) ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

(6) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، بەت يۈزى پاكىز، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلغان بولسۇن.

(7) ئادەم ئىسمى ۋە يەر - جاي ناملىرىنى ×× بىلەن ئىپادىلەڭ.

ئۆلگە:

## يامانلىق ـ ماھىيەتتە نادانلىق

(مۇھاكىمە ماقالىسى)
قۇربانجان تەۋەككۇل

ئىنسانلار جەمئىيىتى چاھار باغقا ئوخشايدۇ. مەنىۋىيىتى ساپ، روھىدا زىيا تەپچىپ تۇرىدىغان، قىسقىغىنا ئۆمرىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغان، ئىنسانىي پەزىلىتىنى ساقلاپ، قەلبىگە كىر ـ داغ قوندۇرمىغانلار بۇ چاھار باغدىكى خۇش پۇراق گۈلگە ئوخشايدۇ. ئۇلار ئەتراپىتىكى مۇھىتقا ئەخلاق، ئادىمىيلىك ۋە ئەقەللىي نۇقتىدىن تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىسا، چاھار باغدىكى شۇمبۇيا ۋە ياۋا ئوتلار ـ يەنى مەنىۋىيىتى يىمىرىلىۋاتقان ئادەملەر شەخسىيەتچىلىك، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك پاتقىقىدا ھالسىراپ ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدە باشقىلارغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت كەم بولغاچقا، زەررىچە مەنپەئەت ئۈچۈن باشقىلارغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ ياكى ئۆچمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا ھەسەت ئوتى يېنىپ تۇرغاچقا، باشقىلار بىلەن بولغان نورمال ئىجتىمائىي ئالاقىدە باشقىلارنى كۆرەلمەيدۇ، مەنسىتمەيدۇ ۋە ياكى ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. بۇ خىل ئۆچمەنلىك قارشى تەرەپكە دۈشمەنلىك قىلىش دەرىجىسىگە يېتىپ بارىدۇ. يىغىپ ئېيتساق، پەزىلەتلىك ئادەملەر رېئاللىقتا نورمال، ئەقەللىي پوزىتسىيەدە بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ، يامان نىيەتلىك ئادەملەر ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن باشقىلارنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ.

يامان نىيەتلىك ئادەملەر كۆڭلىدىكى رەشك ئوتىدا پۇچىلىنىپ، باشقىلارغا ئورا كولايدۇ ياكى باشقىلارنى يوشۇرۇن قەستلەيدۇ، بۇ خىل ئادەملەرنىڭ ئەخلاق كىرىزىسى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇلارنى ياخشىلىقتىن كۆپرەك يامانلىققا ئۈندەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ھىيلە ـ مىكىر دولقۇنلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار پەزىلەتلىك ئادەملەرنى كۆرەلمەيدۇ، تار دائىرىلىك دۇنيا قارىشى بىلەن رېئاللىققا مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار نادانلىق پاتقىقىغا پاتىدۇ.

لاروشىفۇ كافىلدىنىڭ «ئەخلاقنامە» دېگەن ئەسىرىدە: «ھىيلە ـ مىكىر ئاجىزلارنىڭ پاراسىتىدۇر، مەككارلىق ۋە مۇناپىقلىق ئوخشاشلا دۆتلۈكتىن

چىقمىدۇ...» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئۇچرىتىمىز. شۇنداق، ئەل ئاغزىدىكى «ئورنى كەم كولىسا، ئۆزى چۈشەر» دېگەن گەپتىمۇ دۈشمەنلىك قىلىپ، ئورا كولاشنىڭ نادانلىق ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «قاشقا قىلسا كۆزگە، كىشىگە قىلسا ئۆزىگە» دېگەن ماقالدىنمۇ شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، كەم باشقىلارغا قەست قىلىشنى ئويلىسا، ئاقىۋەتتە ئۆز تىراگېدىيەسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

شۇنداق، كىشىلىك ھايات مۇرەككەپ، تۇرمۇش رەھىمسىز. ئەمما، ئىنسان ئۇنى تامامەن ئۆزگەرتەلەيدۇ. لېكىن، ئىنسان ئەتراپىدىكى مۇھىتنى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن، ئۆزىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. شۇندىلا، دۇنيا رەڭگارەڭلىشىدۇ، مېھىر - مۇھەببەتنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

## ئورنى كەم كولىسا ئۆزى چۈشەر

(چۆچەك)

مېھراي تۇرسۇن

بىراق بىر ئورمانلىقتا نۇرغۇنلىغان ھايۋانلار ياشايدىكەن. كالا شاھ ئىكەن، ئىت قوغدىغۇچى ئىكەن، ئات جاكارچى ئىكەن، توشقان ئاق كۆڭۈل ھەم چېچەن ئىكەن، تۈلكە ئاقنانچى ھەم ھىيلىگەر ئىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ناھايىتى خۇشال - خۇرام، ئىجىل - ئىناق ياشايدىكەن. توشقان ئاق كۆڭۈل، چېچەن بولغاچقا، ھەممە ھايۋانلار ئۇنىڭغا ئامراق ئىكەن. بىراق ھىيلىگەر تۈلكىلا، توشقانغا باشقىلار ئامراقلىق قىلسا، ھەسەت قىلىدىكەن. شۇڭا ھىيلىگەر تۈلكە دائىم توشقاننى يوقىتىشنىڭ پېيىدىلا يۈرىدىكەن، بىراق تۈلكە داۋاملىق رەزىل مەقسىتىگە يېتەلمەيدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىراق ھىيلىگەر تۈلكە يەنىلا رەزىل مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. قاتتىق سوغۇق بولغان بىر كۈنى ھىيلىگەر تۈلكە پۇرسەت كەلدى، مۇشۇ سوغۇقتىن پايدىلىنىپ توشقاننى يەۋېتىپلا ئۇنى كۆزدىن يوقىتاي دەپ ئويلاپ، توشقاننى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا :

ــ ساڭا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار، سەن مەن بىلەن بىللە مەھەللىدىن يىراقراق تاغقا بارغىن، ــ دەپتۇ.

چېچەن، ئەقىللىق توشقان ھىيلىگەر تۈلكىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى بايقاپ قاپتۇ ۋە تۈلكىگە:

– بولىدۇ، بۇگۈن هاۋا بەك سوغۇق، شۇڭا مەن قىلىنىراق كىيىنىۋالاي، مېنى بىرئاز ساقلاپتۇر، هازىرلا چىقىمەن، – دەپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ.
ئەقىللىق توشقان ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ باشقا هايۋانلارغا هىيلىگەر تۈلكىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. باشقا هايۋانلار ۋە كالا شاھ توشقاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، توشقانغا تۈلكە بىلەن بىللە بېرىشنى، باشقا هايۋانلارنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
ئەقىللىق توشقان تۈلكە بىلەن بىللە مېڭىپتۇ، ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ ئاخىر يىراق بىر جايدىكى تاغلىققا كەپتۇ. هىيلىگەر تۈلكە ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، توشقانغا خىرىس قىپتۇ ۋە توشقاننى تۇتۇۋېلىپ يېيىشكە تەمشىلىپتۇ. نەپسى تاقىلدىغان هىيلىگەر تۈلكە توشقاننى ئەمدى يەي دەپ تۇرۇشىغا، يىراقتىن باشقا هايۋانلارنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، تۈلكە بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ نېمە قىلىشنى بىلمەي توشقاننى قويۇپ بېرىپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا كالا شاھ تۈلكىنىڭ رەزىل قىلمىشىغا قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ۋە ئۇنى باشقا هايۋانلار بىلەن بىللە يۇرۇشكە يول قويماي قوغلىۋېتىپتۇ. ئەقىللىق، چېچەن توشقاننى بولسا ماختاپ، ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىپتۇ. ئاقنانچى تۈلكە هايۋانلار توپىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ. باشقا هايۋانلار يەنىلا بۇرۇنقىدەك خۇشال - خۇرام ياشاپتۇ.

## كىشنى قەستلىگەن ئۆزىنى قەستلەيدۇ

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ئارزۇگۈل ئابلا

«ئورىنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر» دېگەن كونىلارنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ هېكمەتلىك سۆزى هەقىقەتەنمۇ توغرا ئېيتىلغانىكەن. جەمئىيىتىمىز تەرەققىي قىلىپ، رىقابەت كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۆزىنىڭ قولىدىن هېچ ئىش كەلمەي، رىقابەتتە كەينىدە قېلىپ، ئەكسىچە ئۆزۈكسىز تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلارنى كۆرەلمەي، ئۇلارنى ئورىغا ئىتتىرىدىغان ياكى ئۇلارنى هەر جەھەتتىن ئارقىدا قالدۇرۇشنى ئويلايدىغان قەلبى شەخسىيەتچىلىك، نەپسانىيەتچىلىك بىلەن تولغان مەنپەئەتپەرەس كىشىلەرمۇ بار.
بۇ يەردە نەسىردىن ئەپەندىنىڭ مۇنداق بىر لەتىپىسىنى دەلىل قىلغۇم

كېلىپ قالدى. بىر كۈنى ئەپەندىم بىر باينىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بارماقچى بولۇپتۇ، باي بولسا تولىمۇ ئاچ كۆز ھەم بېخىل ئادەم ئىكەن، ئەپەندىم باينىڭ ئۆيىگە ئاق قاشقىلىق ئېتىنى مىنىپ يېتىپ بارغاندا، باينىڭ ئۆيىدە تاماق ئېتىلىۋاتقانىكەن، ئەپەندىمنى كۆرۈپلا باي تاماقنى توختىتىپ قويۇپتۇ، ئەپەندىم بولسا بۈگۈن كېچە مۇشۇ يەردە قونۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتىكەن، باي ئامالسىز ئەپەندىمنى مېھمان قىلىپتۇ، ئەپەندىم قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپ ئۇخلاش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقاندا، باينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاپتۇ، ئەسلىدە باي ئايالىغا ئەپەندىمگە يالغان ئېيتىپ ئەپەندىمنىڭ ئېتىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆز ئېتىنىڭ گۆشىدە ئۆزىنى مېھمان قىلىشنى ئېيتىۋاتقانىكەن. ئەپەندىم شۇنىڭ بىلەن پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا دەسسەپ چىقىپ ئۆز ئېتىنىڭ قاشقىسىغا لاي سۈركەپ قويۇپ باينىڭ ئېتىغا ئاق بوياق بىلەن قاشقا سىزىپ قويۇپتۇ ـ دە، ئۇخلىغىلى كىرىپ كېتىپتۇ، باي بولسا ئەپەندىم ئۇخلىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كېچىدە پەرق ئەتمەيلا ئۆز ئېتىنى ئۆلتۈرۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە گۆشىنى پىشۇرۇپ ئەپەندىمنى مېھمان قىلىپتۇ. ئەپەندىم قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئېتىنىڭ قاشقىسىدىكى لاينى ئېيتىۋېتىپ يولغا راۋان بوپتۇ. باي بولسا ئۆز ئېتىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلىپ چىشىنى چىشلىگىنىچە قاراپ قاپتۇ.

«كىشىگە سانىساڭ ئۆزۈڭگە، قاشقا سانىساڭ كۆزۈڭگە». شۇنداق، بىر قىسىم كىشىلەر بەزىدە باشقىلارغا زىيان سېلىشنى ئويلايدۇ ـ يۇ، ئاخىردا ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى ئويلىغان ھەرقانداق بىر قارا نىيەتلىك كىشى ھەرگىز راۋاج تاپمايدۇ. گەرچە ۋاقىتلىق ئۆزىنى خۇش قىلىپ، باشقىلارغا زىيان سالالىسىمۇ، لېكىن ھامان بىر كۈنى ئۆز قىلغىنى ئۆزىگە ھەسسىلەپ يېنىپ جازاسىنى تارتىدۇ. دۇنيا يەنىلا ئىللىق ھەم گۈزەل. چۈنكى باشقىلارغا زەررىچىلىك زىيان سېلىشنى ئويلىمايدىغان، قولىدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياردەم قىلىدىغان ئاق كۆڭۈل ساخاۋەتلىك كىشىلەر يەنىلا كۆپ. ئۇلار باشقىلارنىڭ قەلبىدە ئالىيجانابلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، خەلق تەرىپىدىن يادلىنىپ، نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. يامان نىيەتلىك كىشىلەردىن قالىدىغىنى بولسا پەقەتلا يامان نام، لەنەت ۋە نەپرەت، خالاس.

ئىنساننىڭ ئۆمرى تولىمۇ قىسقا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەربىرىمىز چوقۇم ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ۋە مەنىسىنى ئېنىق بىلىپ ياشىشىمىز لازىم. ئادەمنىڭ بۇ ئۆمرى باشقىلارغا زىيان سېلىپ

ئۆتسىمۇ ئۆتىدۇ، باشقىلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىپ ئۆتسىمۇ ئۆتىدۇ. ئەمما، ئىككىسىنىڭ خەلق قەلبىدىن ئالىدىغان ئورنى ۋە ئۇلاردىن قالىدىغان نام ئوخشاشمايدۇ. شۇنداقلا كېيىنكى ئەۋلادلار قەلبىدىكى ئوبرازى تېخىمۇ ئوخشاشمايدۇ. ئەلۋەتتە قايسىنى تاللاش ئۆزىمىزگە باغلىق. مېنىڭچە، ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەربىر ئادەم قايسىنى تاللاشنى بىلىدۇ. شۇ ئېسىمىزدە بولسۇنكى «كىشىنى قەستلىگەن ئۆزىنى قەستلەيدۇ».

## V يېزىقچىلىق سوئالى (55 نومۇر)

23. بېرىلگەن پارچە ئاساسىدا «تەشەككۈر ئېيتىشنى ئۆگىنىش» نى تېما قىلىپ ئەسەر يېزىڭ.

تەشەككۈر بىلدۈرۈش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق، ئۇ باشقىلارنىڭ قەلبىگە ئىللىقلىق بېغىشلايدۇ، دىلىنى سۆيۈندۈرىدۇ ھەمدە قەلبلەرنى بىر ـ بىرىگە كۆرۈنمەس زەنجىر بىلەن چىڭ باغلايدۇ. تۇرمۇشنىڭ ئەگرى ـ توقاي يوللىرىدا نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنده تەبىئىيلا ھەرخىل يوسۇندا ئۆز تەشەككۈرىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ ئىنسانىنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى ئاددىي ساۋات ھەم ئومۇملاشقان ئېسىل ئادەت بولسىمۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى رولىنى ھەرگىزمۇ ئاددىي چاغلىغىلى بولمايدۇ. ھەر قاچان، ھەر ۋاقىت ئىشتىراك قىلىنىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ ياكى ئاددىي، كىچىك ياكى چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چىن كۆڭلىدىن ئۇرغۇپ چىققان «تەشەككۈر» ھەرقانداق ئادەمگە ئاجايىپ ئىللىقلىق ئاتا قىلىپ، قەلبلەرنى ئىللىتىدۇ، ئادەمنى كىشىلەرگە بىر خىل قائىدە ـ يوسۇنلۇق، سەمىمىي ـ راستچىل، كەڭ قورساق ۋە كۆيۈمچان قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

تەلەپ:

(1) باش تېمىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ.

(2) ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ، ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ.

(3) ھەجمى بىر يېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن.

(4) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلەر توغرا قويۇلغان بولسۇن.

(5) ئادەم ئىسمى ۋە يەر ـ جاي ناملىرىنى يېزىش توغرا كەلگەنده ×× ئارقىلىق ئىپادىلەڭ.

ئۈلگە:

### ھۆرمەت قىلساڭ، ھۆرمەت كۆرەرسەن

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

مەريەمگۈل تۇرەك

«بۇغداي نېنىڭ بولمىسىمۇ، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن!»

ــ ئۇيغۇر خەلق ماقالى

تەشەككۇر بىلدۈرۈش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق، ئۇ باشقىلارنىڭ قەلبىگە ئىللىقلىق بېغىشلايدۇ، دىلىنى سۆيۈندۈرىدۇ ھەمدە قەلبلىرىنى بىر-بىرىگە كۆرۈنمەس زەنجىر بىلەن چىڭ باغلايدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر مىللىتى قويۇق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلەرگە ئىگە مىللەت. ئۇلارنىڭ شەخسىي، ئائىلە، مەھەللە ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشى بۇ خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەتنىڭ دائىرىسىدە بولىدۇ. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەتنىڭ نوپۇزى ۋە چەكلەش كۈچى ناھايىتى چوڭ. بۇ خىل ھادىسىلەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، دەۋرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، موللىشىپ ۋە قويۇقلىشىپ كەلگەن. بۇ جەرياندا، ئۇلار تەكەللۇپ سۆزلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە تەكەللۇپ سۆزلىرىنى كۆپرەك ئىشلىتىكەندە، بەخت دەرۋازىسىغا ئاسانراق يېقىنلاشقىلى، ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن بولسا، ئۇلۇغ پەيلاسوپ ۋە ئالىملىرىمىزدىن بولغان مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار بۇ ھەقتە توختىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ئەگرى-توقاي يوللىرىدا نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندە، تەبىئىيلا ھەر خىل يوسۇندا ئۆز تەشەككۇرىنى بىلدۈرۈشنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى ئاددىي ساۋات ھەم ئومۇملاشقان ئېسىل ئادەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى رولىنى ھەرگىزمۇ ئاددىي چاغلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. تۆۋەندە سۆزلىمەكچى بولغان مىسالىمىز يۇقىرىقى خۇلاسىنىڭ ياخشى بىر دەلىلى بولالايدۇ.

— تامىقىڭىزنى ئىسسىقىدا يەۋېلىڭ! موما، — دېدى زۇمرەت قولىدىكى قاچىنى كۆرسىتىپ.

— كەل قىزىم، سەنمۇ يە! — دېدى، جادۇگەر موماي سىپايىلىك بىلەن.

— رەھمەت موما، — دېدى قىز ئىتائەتمەنلىك بىلەن.

— قىزىم، ئۆيۈڭگە قايتىشنى خالامسەن؟ — دېدى جادۇگەر موماي قىيمىغان ھالدا.

— رەھمەت سىزگە موما، شۇنداق بولسىغۇ بەك ياخشى بولاتتى، شۇ تاپتا دادامنى بەكمۇ سېغىنىنغانىدىم، — دېدى زۇمرەت يىغلامسىراپ.

..........

مانا بۇ ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان، ئىلگىرى باشلانغۇچ مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئۆگەنگەن «زۇمرەت ۋە قىممەت» ناملىق چۆچەكتىن ئېلىنغان زۇمرەت بىلەن جادۇگەر مومايىنىڭ دىيالوگىدىن ئىبارەت. بۇلاردىن

ياخشى سۆزنىڭ تاشنىمۇ ئېرىتەلەيدىغانلىقى، ياخشى، تاتلىق سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، كۈچ بىلەنمۇ ئىگە بولغىلى بولمايدىغان غەلىبىگىمۇ ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىدەك بىر قائىدىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

قىسقىسى، ھەر قاچان، ھەر ۋاقىت ئىشتىراك قىلىۋاتقان ئىش - ھەرىكەتنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ ياكى ئاددىي، كىچىك ياكى چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چىن كۆڭۈلدىن ئۇرغۇپ چىققان «تەشەككۈر» ھەر قانداق ئادەمگە ئاجايىپ ئىللىقلىق ئاتا قىلىپ، قەلبلەرنى ئىللىتىدۇ، ئادەمنى كىشىلەرگە بىر خىل قائىدە - يوسۇنلۇق قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، «تەشەككۈر ئېيتىش»تىن ئىبارەت ياخشى قورالنى ھەمىشە يېنىمىزدىن ئايرىماسلىقىمىز لازىم.

## تەشەككۈرنىڭ كۈچى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

قۇربانجان ئابلىز

ئىلگىرى يىراق بىر تاغلىق كەنتتە مامۇت ۋە داۋۇت ئىسىملىك ئاكا - ئۇكا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار كىچىكىدىنلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغاچقا، مەھەللىدىكى كىشىلەر ئۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلغانىكەن. مامۇت بولسا تولىمۇ ئەقىللىق، ئىشچان چوڭ بوپتۇ. مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭغا ئامراق ئىكەن. ئىنىسى داۋۇت بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، كۆپ ئىش قىلىپ باقمىغاچقىمۇ، دائىم ئاكىسىغا يۆلىنىۋالىدىغان، ئىنتايىن ھاكاۋۇر، ھورۇن بولۇپ چوڭ بوپتۇ. مەھەللىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ گېپى بولسىلا: «بولدى قويۇڭلار ئۇنى...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭدىن بىزارلىقىنى ئىپادىلەيدىكەن. ئاكىسى مامۇت باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ بولغاندا، باشقىلار ئۇنىڭغا ئازغىنە پۇل ياكى تاماق بېرىدىكەن. بۇ چاغدا ئۇ بۇنى ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلىدىكەن ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بولغان تەشەككۈرىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بولىدىكەن. كېيىن قىلىدىغان ئىشى بولسا يەنە ئۇنى ئىزدەيدىكەن. ئىنىسى داۋۇت بولسا ئاكىسىنىڭ ياردىمىدە تۇرمۇشنى ئاران دېگۈدەك قامدايدىكەن. ئاكىسى مامۇت ئىنىسىنىڭ بۇ خىل مىجەزىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا ئۆزى بىلگەننى قىلىپ يۈرۈۋېرىپ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىپتۇ.

«يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك مامۇتنىڭ كۆڭلى ئاران ياخشىلىناي دېگەندە، تۇيۇقسىز كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ. مەھەللىنىڭ چېتىدە بىر كونا خۇمدان بار بولۇپ، ماموت خۇمداندا ئىشلەۋاتقاندا، تۇيۇقسىز خۇمدان پارتلاپ كېتىپ قازا قىلىپتۇ. ماموتنىڭ بۇ ئۆلۈمىدىن مەھەللىدىكى كىشىلەر قاتتىق قايغۇرۇپتۇ.

داۋۇت ئاكىسىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاكىسىنىڭ قەدرىگە ھەقىقىي يېتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاكىسىنىڭ ئىلگىرىكى قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرمىسە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تەرسا، قوپال، مىجەزىنى ئۆزگەرتىپ باشقىلارنىڭ ئىشىنى ئاكىسى ماموتقا ئوخشاش ئەستايىدىل قىلىدىغان بوپتۇ. كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي مېھىر - مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ باشقىلارنى ھۆرمەتلىگەندە ئاندىن باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى، باشقىلارغا كۆلۈپ قارىسا، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا كۆلۈپ قارايدىغانلىقىدەك بىر چوڭقۇر ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ داۋۇتنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭىچە ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئاكىسى ماڭغان يولنى بېسىپ ئۆزىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىپتۇ. شۇنداقلا، ئۆز قەلبىگە ئاكىسىدىن قالغان مېھرىبانلىق ئۇدۇمىنى سىڭدۈرۈپ، كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا ياكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا مېھرىبان، كۆيۈمچان بولۇپ باشقىلارنىڭ تەشەككۈر، رەھمەتلىرىگە ئېرىشىش ئارقىلىق ئاكىسىغا جاۋاب قايتۇرۇش نىيىتىگە كەپتۇ ھەم ئاكىسىنىڭ قالدۇرغان بۇ گۈزەل تۇرمۇش ئادىتىدىن مەمنۇن بولۇپ ياشاپتۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىز بەلكىم بۇ ماقالىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن شۇنى ھېس قىلىپ يەتكەنسىز، «سىز باشقىلارغا ياخشىلىق قىلسىڭىز، باشقىلارمۇ سىزگە ياخشىلىق قىلىدۇ»...

## تەشەككۈر سىلەرگە...

(نەسر)

زەيتۇنئاي

ساۋاقداشلار، بىز بۇ دۇنياغا قانداق كەلدۇق ؟ كۆپچىلىك بۇ سوئالغا چوقۇم ئاتا - ئانىمىز بىزنى بۇ دۇنياغا ئېلىپ كەلگەن دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن.

شۇنداق، 20 يىل ئىلگىرىكى مۇشۇ كۈندە بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز ئۆزىنىڭ بەخت كۈلكىسى بىلەن بىزنى بۇ يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغانىدى.

لېكىن، بىز بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان شۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئاتا - ئانىمىزنىڭ زىممىسىگە يەنە بىر ھەسسە ئېغىر يۈك قوشۇلدى. ئۇ بولسىمۇ بىز پەرزەنتلەرنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت مۈشكۈل ۋەزىپە ئىدى. ئۇلار ئۈن - تىنسىز ھالدا بىزنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىمىز ئۈچۈن بىزگە مۇۋاپىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بەرمەكتە. ئۇلار ئەنە شۇنداق جاپاكەش، ئەنە شۇنداق تىرىشچان ئۇلۇغ كىشىلەردۇر.

كىچىك ۋاقتىمدا مەن بۇ خىل ئۇلۇغۋار خىزمەتنى ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى دەپ بىلەتتىم. لېكىن نېمە ئۈچۈن ئەنە ئاشۇنداق ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم شۇنداقلا چۈشەنمەيتتىم. ھازىر مەن چوڭ بولدۇم، قانات قۇيرۇقۇم يېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىدىغان ۋاقتىممۇ كەلدى. مەن بۈنىڭ ئۈچۈن مېھىر - مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى بېغىشلاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېگى - تەكتىدىن چۈشىنىشىم كېرەك، ئەلۋەتتە. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا بۇ خىل سىرلىق ھەمدە ئورۇنداش تەس بولغان ۋەزىپىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئورۇنداپ چىقالايمەن.

ئالدىمىزدا ئۆتۈپ كەتكەن يەكشەنبە كۈنى مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى. ئۇ كۈنى مەن ئالدى بىلەن ئاتا - ئانامنى ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ 20 يىل ئىلگىرىكى مۇشۇ كۈننى يەنى مېنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىش ئۈچۈن ئۆز ھاياتى بىلەن ئويناشقان كۈننى قۇتلۇقلىدىم. چۈنكى ئاتا - ئانام بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەن بولغان، ئاتا - ئانامنىڭ ئازابى بەدىلىگە بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچالىغان. ئاشۇ مېھرىبان ئاتا - ئانامنىڭ مۇھەببەتلىك كۆزلىرىدىن مەن بۇ دۇنياغا مۇھەببەتلىك كۆزۈم بىلەن قاراشنى ئۆگەندىم.

ئاتا - ئانىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى دېڭىزدىنمۇ چەكسىز، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، بىلىم سەۋىيەسى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار يەنىلا بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار شۇنداقلا بىر ئۆمۈر ھۆرمەتلەشكە سازاۋەر كىشىلەردۇر.

ساۋاقداشلار، سىلەر ئاتا - ئانىڭلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىڭلارنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ، جاۋاب قايتۇرۇشنىچۇ؟ بۇ يىل پايتەخت بېيجىڭدىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاندىكى، شۇ مەكتەپتىكى 60% ئوقۇغۇچى ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاتا -

ئانىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنىمۇ بىلمەيدىكەن. بۇ قۇتلۇق كۈن بىزنىڭ ئۇلارغا ئۆمۈرلۈك بەخت ـسائادەت، تىنچ ـ ئامانلىق، تىلەيدىغان قۇتلۇق بىر كۈن ئىدىغۇ!؟ بىز ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر ئېغىز بەخت تىلەش ئۇنچە تەس ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن ئاشۇ تاماسىز ئۇلۇغ كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟!

بىر مۇكەممەل ئادەم ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى چۈشەنگەن ھەمدە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشقان ئادەملا ھەقىقىي ئادەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى چۈشىنىپ، شۇ مەجبۇرىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشساقمۇ، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر چەككەن جاپاسىنى قايتۇرۇپ بولالمايمىز.

ئۇلار ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن كىچىككىنە ئىشىمىز، شۇنداقلا بۇ يولدا تىرىشقانلىرىمىز گەرچە نەتىجىسىز بولسىمۇ، ئەنە شۇ تاماسىز، مېھنەتكەش ئاتا ـ ئانىمىز بىزدىن بىر ئۆمۈر رازى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىزدىن كۈتىدىغىنى جاپاسىغا قايتۇرۇلغان جاۋاب بولماستىن، بەلكى پەرزەنتلىرىنىڭ بەختى، سالامەتلىكىدۇر.

ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بىزنى بۇ دۇنياغا ئېلىپ كېلىشىنىڭ ئۆزىلا ئەڭ ئۇلۇغ بولغان پىداكارلىق روھى. ئۇلار بىز ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلدى، بىز ئۈچۈن كۆيۈپ پىشتى. بىزچۇ؟ بىزنىڭ ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ ھالىدىن ئۆزىمىز خەۋەر ئالىدىغان، ئۆز ئىشىمىزنى ئۆزىمىز بېجىرىدىغان ۋاقتىمىز يېتىپ كەلدى. بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ يولىنى تېپىپ ماڭالىساقلا، مانا بۇنىڭ ئۆزى بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىزغا سۇنغان ئەڭ چوڭ سوۋغىمىز بولۇپ قالغۇسى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قايتا بىر قېتىم يۈرىكىمىزنى تۇتۇپ كۆرەيلى!؟

ئاخىردا مەن پۈتكۈل دۇنيادىكى مېھنەتكەش، تاماسىز ئاشۇ كىشىلىرىمىزگە ئامان ـ ئېسەنلىك، خۇشاللىق تىلەيمەن.

## V يېزىقچىلىق سوئالى (55 نومۇر)

ئوتتەك ئىسسىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، بىر توپ تۆمۈر يول ئىشچىسى ۋوگزال سۇپىسى يېنىدا قارا تەرگە چۆمۈپ ئىشلەۋاتاتتى. پويىز ئاستا ـ ئاستا ۋوگزالغا كىرىپ، ۋاگون دېرىزىسىدىن «داۋىي، بۇ سەنمۇ؟» دېگەن پەس، ئەمما يېقىملىق ئاۋاز كەلدى. داۋىي بۇ بىر توپ ئىشچىنىڭ مەسئۇلى ئىدى. ئۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ خۇشاللىق بىلەن «جىممۇ سەن؟ كۆرۈشكىنىمىزدىن تولىمۇ خۇشالمەن» دېدى. جىم تۆمۈر يول شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى بولۇپ، ئۇلار قەدىناس دوستلاردىن ئىدى.

پويىز يىراقلاشقاندىن كېيىن، ئىشچىلار داۋىينى ئورىۋېلىشتى. ئۇلار داۋىينىڭ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورىنى تونۇيدىغانلىقىغا ھەيران قېلىشتى. داۋىي بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى جىم بىلەن بىر كۈندە بۇ شىركەتكە ئىشقا چۈشكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ چاغدا بەزىلەر داۋىينىڭ ھازىرمۇ ئادەتتىكى ئىشچى بولۇپ ئاپتاپتا قاقلىنىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنىڭ، دوستىنىڭ بولسا دىرېكتورغا ئايلانغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. داۋىي ھەسرەتلەنگەن ھالدا: «چۈنكى، مەن سائىتىگە 1.75 دوللارلىق خىزمەت ئۈچۈنلا بۇ يەردە ئىشلىگەن؛ جىم بولسا دەل مۇشۇ تۆمۈر يول ئۈچۈن ئىشلىگەن» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ كىشىلىك ھاياتقا كۆرسەتكەن تەسىرى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىر ئادەمنىڭ خىزمەتتىكى روھىي ھالىتى، پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانىنى بەلگىلەيدۇ. ئۆزىڭىز ئىنتىلىۋاتقان نىشانىڭ يىراقتا ئىكەنلىكىنى بىلگىنىڭىزدە، نىشانغا قاراپ بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەڭ، ھەربىر قەدەمنى پۇختا، ئەستايىدىل بېسىڭ.

ناۋادا سىز كىچىككىنە نىشانىڭىزدىن قانائەتلىنىپ قالسىڭىز، بۇ نىشان كىشىلىك ھاياتىڭىزنى چەكلەپ قويىدۇ. نەتىجىدە، ھازىرقى ھالىتىڭىزدىن قانائەتلىنىپ، ئىلھامغا ئېرىشەلمەي، يېڭىلىق يارىتالماي، ئۆمرىڭىز توختام سۇدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، نىشان كىشىلىك ھاياتىڭىزنى چەكلەپ قويمىسۇن. پەقەت غايىلىك بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالىسىڭىزلا، كىشىلىك ھاياتىڭىزغا گۈزەل بىر جۈپ قانات قېتىلىدۇ.

تەلەپ: «نىشان كىشىلىك ھاياتىڭىزنى چەكلەپ قويمىسۇن» دېگەن تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

(1) يۇقىرىقى ماتېرىيال ۋە كۆرسەتمىگە ئاساسەن ماۋزۇسىنى ئۆزىڭىز قويۇپ خالىغان ژانىردا بىر پارچە ئەسەر - ماقالە يېزىڭ.

(2) قايسى خىل ژانىردا يازسىڭىز شۇ خىل ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنسۇن.

(3) خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، بەت يۈزى پاكىز بولسۇن.

(4) يازغان ماقالىڭىزنىڭ ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

ئۈلگە:

## يەتكىلى بولمايدىغان نىشان يوق

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

رابىگۈل ئابلىز

بىز ئادەتتە ھەربىر ئادەمنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا مەلۇم بىر غايىسى، كىشىلىك تۇرمۇش نىشانى بولۇشىنى تەكىتلەيمىز. دەرۋەقە، بۇ ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى توغرا ھەم ئىلمىي بولغان تۇرمۇش نىشانى ئادەمنى مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەپ، تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر باركى ئۇلار ئۆزىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ياكى قىلچە ئىلمىي ئاساسى بولمىغان بىر نىشاننى بەلگىلىۋېلىپ، ئۆمۈر بويى يا نىشانىغا يېتەلمەي، يا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمەي، كۈنلىرىنى بىئاراملىق ھەم مەنىسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاشۇ «ئۇلۇغۋار» نىشانى شۇ كىشىلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش يولىنى چەكلەپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بەك ئازابلىق ھەم مۇشەققەتلىك بىر جەريان.

كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھاياتلىق يولىنىڭ ئەگرى - توقاي داۋانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆزى ۋە ئۆزگىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تىنىم تاپماي تىرىشىۋاتقان، ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان، غەيرەت ۋە شىجائەتكە تولغان ھەربىر كىشىگە نىسبەتەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈش، شۇنداقلا ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك.

ئەمدىكى مەسىلە قانداق نىشان تۇرغۇزۇش، ئۆز نىشانىنى قانداق ئۇسۇلدا ئىشقا ئاشۇرۇشتا! ئۇنداقتا بىز نىشانغا زادى قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىمىز كېرەك؟

ئامېرىكا يازغۇچىسى ئورىسون مارتىننىڭ: «ئۈمۈرلۈك دەسمايە» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن: « ھەربىر ئادەمدە غايەت زور كۈچ يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولىدۇ. ئادەم بۇ كۈچنى بايقىيالىسا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنالىسا، تەلپۈنگەن ھەممە ئىشىدا ئۇتۇق قازىنالايدۇ. ئادەم بەدىنىدىكى بىر تىرىليون ھۇجەيرىدە غايەت زور يوشۇرۇن كۈچ بولىدۇ. بۇنداق يوشۇرۇن كۈچ ئويغىتىلىدىغان بولسا خىلمۇخىل كارامەت ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. ۋاھالەنكى، كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ نۇقتىنى بىلىپ كەتمەيدۇ. ئالايلۇق، بىمار نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، دوختۇرنىڭ ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قىزغىن، سەممىي تەسەللىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئۆزىنى خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، كېسەللىكنىڭ ئادەمنى ئۆلۈمگە ئېتتىرىشى ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىشۋەتكەنلىكىدىن بولىدۇ.

دېمەك، بايقاشمۇ ئەڭ چوڭ بايلىق ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ بايقىيالىغىنىمىز يېرىم غەلىبە قىلغانلىق، نىشانىمىزنى يېرىم ئىشقا ئاشۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئۆزىمىزدىكى قابىلىيەتنى بايقاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىمىزنى توغرا تونۇشىمىز، ئۆزىمىزنى ھەقىقىي دەڭسەپ بېقىشىمىز، شۇنداقلا «مەن نىشانىمنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايمەن» دەپ ئۆز - ئۆزىمىزگە ۋەدە بېرىشىمىز كېرەك. قىسقىسى، ئۆزىمىزگە تولۇق ئىشىنىشىمىز كېرەك.

ھاياتلىق سەپىرىدە چوقۇم نىشان بولۇشى كېرەك، رېئال تۇرمۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئەنە شۇ ئېنىق بىر نىشاننى بويلاپ، ئۇنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرغان، قىلچە بوشاشماي تىرىشقان كىشىلەردۇر. نۇرغۇن كىشىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن مەغلۇپ بولىدۇكى، ئۇلار مەلۇم بىر نىشاننى كۆزلىمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قەتئىيلىك روھى كەمچىل.

نىشان يول كۆرسەتكۈچى ماياكتەك يولىمىزنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ، بىزگە يول ئاچىدۇ. بىز ئۆز - ئۆزىمىزنى يېتەكلىي بولمايدىغان نىشانغا دۇچ كەلگەندەك سەزگەن ۋاقتىمىزدا، ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە قورقۇش كەيپىياتىدا بولماسلىقىمىز كېرەك. پەقەت مەزمۇت قەدەم تاشلاپ، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن قەتئىيلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىسەكلا ئۆز غايىمىزنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

بېل گايتىسنىڭ «بېل گايتىسنىڭ پىرىنسىپى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن: «پەقەت ئۆزىنى راھەت - پاراغەتتىن، ئويۇن - تاماشىدىن كونترول قىلالىسىلا، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، ھايات يوللىرىدا ئېزىپ

قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى پۇتلىكاشاڭلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىغىلى، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، مۇۋەپپەقىيەت ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. پەقەت ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسى بىلەن غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشسىلا چوقۇم غەلىبە قىلالايدۇ، ھەرقانداق غايىلىك ئادەم ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ھەرقانداق ئازدۇرۇشلارنى بويسۇندۇرالايدۇ».

دېمەك، يەتكىلى بولمايدىغان نىشان يوق. بۇ بىزنىڭ قانچىلىك بەدەل تۆلىشىمىزگە باغلىق، غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا يەتمەكچى بولغان نىشانىمىزغا يېتەلەيمىز. ناۋادا بىز ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىن قانائەتلىنىپ قالساق، بۇ بىزنى تىرىشىشتىن چەكلەپ قويىدۇ. نەتىجىدە ھازىرقى ھالىتىمىزدىن قانائەتلىنىپ، ئىلھامغا ئېرىشەلمەي، يېڭىلىق يارىتالماي، ئۆمرىمىز توختام سۇدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، نىشان كىشىلىك ھاياتىڭىزنى چەكلەپ قويمىسۇن، پەقەت غايىلىك بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالىسىڭىزلا، كىشىلىك ھاياتىڭىزغا گۈزەل بىر جۈپ قانات قېتىلىدۇ.

## نىشان كىشىلىك ھاياتىڭىزنى چەكلەپ قويمىسۇن

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

دىلبەر ھېيىت

ئۇلۇغۋار نىشان كىشىگە ئىجادچانلىق ئۇچقۇنى بەخش ئېتىدۇ. كىشىگە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇلۇغۋار نىشان كىشىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان ئارزۇ - ئارماندۇر. نىشان بولمىغان كىشى رولسىز كېمىگە ئوخشايدۇ. رولسىز كېمە دېڭىزدا لەيلەپ يۈرۈپ، ئاخىر مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان دېڭىز ساھىلىگە چىقىپ قالىدۇ. كىشىلىك ھاياتتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن نىشان بولۇش كېرەك. ياشاش ئۈچۈن خۇددى سۇ، يېمەكلىك بولمىسا بولمىغانغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇش ۋە كەلگۈسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ نىشان بولمىسا بولمايدۇ. لېكىن كىشىلەرنىڭ نىشانى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى مۇستەھكەم، نىشانى ئېنىق بولىدۇ، يەنە بەزى

كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى مۇجمەل، ۋاقىتلىق بولىدۇ. ئىرادىسى مۇستەھكەم، نىشانى ئېنىق كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قاراپ ماڭىدۇ. چۈنكى نىشان بىزنى كۆز ئالدىمىزدىكى پۇرسەتنى ئىگىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار كۆز ئالدىدىكى پۇرسەتنى ئىگىلىيەلىگەن بولىدۇ. ئادەم تىرىشىش ئارقىلىق ئۆز نىشانىغا يېتىدۇ، مۇجمەل نىشان خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇزاق مۇددەتلىك نىشانىڭىز بولمىسا قىسقا مۇددەتلىك ئوڭۇشسىزلىق تەرىپىدىن تۇگىشىپ كېتىشىڭىز مۇمكىن، جەمئىيەتىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، نۇرغۇن كىشىلەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن يەنە قايتا باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى، يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ كىچىككىنە كېسەك ئاستىدا ئۆلۈپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز، بۇ نېمە سەۋەبتىن؟ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدىن ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تىرىشىپ، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ساق - سالامەت چىقالايدۇ، قىيىنچىلىققا باش ئەگمەي كەلگۈسى ئۇلۇغۋار غايىسى ئۈچۈن تىرىشىدۇ. مەغلۇبىيەتچىلەرچۇ؟ ئۇلارنىڭ نىشانى مۇستەھكەم ئەمەس، ئۇلار شام قىزىقىدا كۆيۈپ كېتىدۇ. يامغۇر سۈيىدە تۇنجۇقۇپ قالىدۇ. مۇستەھكەم، ئۇزاق مۇددەتلىك نىشان بولمىسا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. لېكىن مۇستەھكەم، ئۇزاق مۇددەتلىك نىشاننى تاللاپ قويۇش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. شۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يەنىلا ئۆزىمىزگە باغلىق.

مەكتەپ ھاياتىنى ئېلىپ ئېيتساق، بىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ھەممەيلەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئوقۇيمىز. بەزىلىرىمىز مۇئەللىمنىڭ دېگەن يېرىدىن ئارانلا چىقىپ ئوقۇيمىز، ئاخىردا بەزىلىرىمىز ئۆتىمىز، بەزىلىرىمىز ئۆتەلمەيمىز، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ دەل نىشانى ئېنىق ياكى ئېنىق بولمىغانلىقتا. نىشانى ئېنىق ئوقۇغۇچىلار داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇلار كەلگۈسى نىشانى ئۈچۈن تىنىمسىز تىرىشقانلار. ئۆتەلمىگەنلەرچۇ؟ بۇلار نىشانى ئېنىق بولمىغانلار. ئالىي مەكتەپ ھاياتىمىزدىمۇ ھەممەيلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ نەتىجىسى ۋە كەلگۈسىدىكى ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەبمۇ دەل نىشان بەلگىلەشتىكى مەسىلە. ھەر قانچە قابىلىيەتلىك، تالانتلىق بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، تالانت ۋە سەۋىيەڭىزنى باشقۇرۇپ تۇراقلىق نىشانغا مەركەزلەشتۈرەلمىسىڭىز قىلغان ئىشىڭىزدىن نەتىجە قازىنالمايسىز. شۇڭا ئادەم ئېنىق نىشان بەلگىلىۋېلىشى كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەر باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلىپ، نېمە ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاخىردا،

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ شوتىسىنى خاتا دەسسەپ قالغانلىقىنى سەزگەندە، بەك كېچىكىپ قالغان بولىدۇ. شۇڭا نىشاننى توغرا بەلگىلىشىمىز كېرەك. نىشان بىزنى يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ. ئادەمدە ئۇلۇغۋار نىشان بولسىلا ئاندىن چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. مەن مەلۇم بىر كىتابتا 300 كىتىنىڭ ئۇشتۇمتۇت بىراقلا ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ئوقۇغانىدىم. بۇ كىتلار ساردىن بېلىقلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ بىر قولتۇققا قاپلىشىپ ئۆلۈپ قالغانىكەن. دېمەك، ئاشۇ كىچىك بېلىقلار دېڭىزدىكى چوڭ مەخلۇقلارنى هالاكەتكە باشلاپ بارغان. كىتلار كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ، ئۆزىنى هالاكەت يولىغا باشلىغان. نىشانسىز ئادەم ئاشۇ كىتلارغا ئوخشاش. ئۇلار ئۆزلىرىدە غايەت زور كۈچ ۋە ئىقتىدار تۇرۇقلۇق زېھنىنى ئۇششاق ئىشلارغا قارىتىدۇ. ئۇششاق ئىشلار ئۇلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. شۇڭا، ئادەمدە ئېنىق نىشان بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۆزىدە يوق نىشانغا يەتكىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى سىزدىن بېرىپ باقمىغان يەردىن قايتىپ كېلىشنى تەلەپ قىلغانغا ئوخشاش بىر ئىش. ئەگەر سىز كۆڭلىڭىزگە مەقسەت پۈككەن ئالاھىدە كىشى بولسىڭىزمۇ سىزدە ئەمەلىي، مۇقىم، ئېنىق نىشان بولمىسا، ئىقتىدارىڭىزنى بايقىيالماي، بىر ئىزدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئاددىي كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

شۇڭا، بىز نىشان بەلگىلىگەندە ئۇلۇغۋار، ئۇزاق مۇددەتلىك، ئېنىق نىشان بەلگىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بىزنىڭ نىشانىمىز كەلگۈسىمىزنى بەلگىلەپ قويىدۇ. كەلگۈسىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك، نەتىجىلىك بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان نىشاننى توغرا تاللاش ۋە تاللىغان نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن هاياتىمىزدىكى هەرخىل قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ تىرىشىشىمىز لازىم.

## نىشان كىشىلىك هاياتىڭىزنى چەكلەپ قويمىسۇن

(مۇهاكىمە ماقالىسى)

نىجات مەمەت

ئىلىم - پەننىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئېتىقاد... قاتارلىقلارغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۈس قوشتى. شۇنچە كەڭ دۇنيا كىچىكلەپ، «يەر شارى كەنتى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. بۇ خىل

دەرىجىدىن تاشقىرى بىر گەۋدىلىشىش كىشىلەرگە، جەمئىيەتكە زور دەرىجىدىكى پۇرسەت ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە يەنە مۆلچەرلىگۈسىز خىرىسنىمۇ تەڭ ئېلىپ كەلدى. ھەممە ئىقتىسادقا يۈزلەندى. بازار ئىگىلىكى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىندى. ئىلگىرىكىدەك تۆمۈر تاۋاق بۇزۇپ تاشلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىمۇ سىلكىنىش پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مەنپەئەتكە ئېرىشكۈچىلەرمۇ، زىيان تارتقۇچىلارمۇ قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان بولدى. مىليونېرلارنىڭ بىر كېچىدىلا قەلەندەرگە ئايلىنىپ كېتىشى ئىلگىرىكىدەك چوڭ ئىش ھېسابلانمايدىغان بولدى... دېمەك، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، غايە، نىشانى ھەققىدە قايتا ئويلانمىسا بولمايدىغان بولدى.

«ھاياتقا قانداق مۇئامىلىدە بولساق، شۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرايسەن»دەيدۇ ئاقىللار. قارايدىغان بولساق، پۇلدار كىشىلەرنىڭ تىنىم تاپماي ئىشلەۋاتقانلىقىنى، پۇلى يوق ياكى نامرات كىشىلەرنىڭ قورساق ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ شۇ بايلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە سەۋەب بولغان بىردىنبىر كۈچ. يەنى قورساق ھەلەكچىلىكىدىكىلەر قورساق تويغۇزۇشنى نىشان قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۆزىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئارتۇقچىلىقىنى چۈشەپ قويغان. بايلارنىڭ تىنىم تاپماي كۈرەش قىلىشىنىمۇ ئۇلارنىڭ غايەت زور ئارزۇسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىسا كېرەك. نىشان چوقۇم ئەمەلىيەت بىلەن ماس كېلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر ئادەمنىڭ ھالىتىنىڭ كىشىلىك ھاياتقا كۆرسەتكەن تەسىرى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىر ئادەمنىڭ خىزمەتتىكى روھىي - ھالىتى، پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانىنى بەلگىلەيدۇ. ئۆزىڭىز ئىنتىلىۋاتقان نىشاننىڭ يىراقتا ئىكەنلىكىنى بىلگىنىڭىزدە، نىشانغا قاراپ بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەڭ. ھەربىر قەدەمنى پۇختا، ئەستايىدىل بېسىڭ.

نۆۋەتتە بىز ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويدۇق، ھەممەيلەندە ئالىي مەكتەپكە كىرىشتىن ئىبارەت يۈكسەك بىر نىشان بار. بۇ نىشان بىزگە جىددىيچىلىكنىمۇ، قورقۇش، ئەندىشىنىمۇ تەڭ ئېلىپ كەلدى. شۇڭا ھەممىمىزنىڭ يېتىپ ئاشقۇدەك دەردىمىز ھەم بېسىملىرىمىز بار. ھەرخىل بېسىم تۈپەيلى روھىي ھالەت، پىسخىكىمىزدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. چۈنكى، جەزمەن ئىمتىھاندىن ئۆتمىسەك بولمايدۇ دېگەن بۇ بېسىم بىزنى قاتتىق چارچاتتى. بىلىشىمىز كېرەككى، بۇنى ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزگە بېسىم قىلىپ، مەڭگۈلۈك نىشانىمىز قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك. بولمىسا تەسەۋۋۇرىمىز بوغۇلۇپ، ئىقتىدارىمىز زايە بولۇپ كېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىكى

ئارتۇقچىلىقنى ئىشلەتمەسلىكى ياكى بايقىيالماسلىقى ئىنتايىن چوڭ ئەخمەقلىقتۇر. شۇڭا، ئۆزىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىمىزنى بايقاپ، ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىزگە توغرا نىشان تاللايلى.

نىشانىڭىز بولسۇن، ئۇ ئەمەلىيەتكە، ئۆز ئىقتىدارىڭىزغا ماسلاشقان بولسۇن. ناۋادا سىز كىچىككىنە نىشانىڭىزدىن قانائەتلىنىپ قالسىڭىز، بۇ نىشان كىشىلىك ھاياتىڭىزنى چەكلەپ قويىدۇ. نەتىجىدە ھازىرقى ھالىتىڭىزدىن قانائەتلىنىپ، يېڭىلىق يارىتالماي، ئۆمرىڭىز توختام سۇدەك ئۆتىدۇ. شۇڭا ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، نىشان كىشىلىك ھاياتىڭىزنى چەكلەپ قويمىسۇن. پەقەت غايىلىك بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلسىڭىزلا، ھاياتىڭىزغا گۈزەل بىر جۈپ قانات قېتىلىدۇ. نىشانىڭىز يىراقلارغا قاناتلانسۇن!

策　　划：依不拉音·色满
组　　稿：阿布来提·居马·土普热克
责任编辑：古丽努尔·阿布都肉苏力
责任校对：阿丽亚·买买提
封面设计：吾布力卡斯木·艾买提

普通高考语文模拟试题

**模拟示范作文--高考**

布力布力·艾克热木　编写

新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
(乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049)
新疆新华书店经销　　乌鲁木齐隆益达印务有限公司
787mm×1092mm　16开本　15.25印张
2011年 5月 第1版　2011年 5月 第1次印刷

ISBN 978-7-5466-0917-1(民文) 定价:38.00元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت




ISBN 978-7-5466-0917-1

9 787546 609171 >

定价:38.00 元